



تارىم
40
9
1990






باش مۇھەررىر : مەھەممەت شاۋۋدۇن

مەسلىھەتچىلەر: ياسىن خۇدا بەردى ، ئابلىز نازىرى ، ئەلقەم ئەختەم .

تەھرىر ھەيئەتلەر ( ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ):

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ، ئارسلان ، ئابدۇروسۇل ئۆمەر ، ئابلىكىم باقى ، تۇرغان شاۋۋدۇن ، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن ، قەييۇم تۇردى ، مەھەممەت شاۋۋدۇن ، مەھەممەت زۇنۇن ، مەھمۇد زەيدى ، ئىمىن تۇرسۇن ، ئىمىن ئەخمىدى ، زوردۇن سابىر .

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

9

1990

40 - يىل نەشرى

# بوستاندا

## ماقالىلەر


تەھرىر بۆلۈم ئوبزورچىسى ...... شانلىق مۇساپە، يېڭى سەھىپە ...... 4

قۇربان ئىمىن ...... «تارىم»غا تەشەككۈر ...... 19

ئەرشىدىن تاتلىق ...... ئۆركەشلە «تارىم» ...... 20

رەھمەتۇللا جارى ...... قىرىق يېشىڭغا مۇبارەك بولسۇن! ...... 22

مۇھەممەتجان سادىق ...... ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى يېڭى باھار ...... 24

قاھار جېلىل ...... «تارىم» ۋە تۇنجى ئەسەر ...... 33

مەتتىمىن ھوشۇر ...... «تارىم» — بەدىئىي يېتەكچىم ...... 35

مۇھەممەت ئىمىن ...... «تارىم» ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ رەڭدار گۈلزارى ...... 41


## نەسرىي ئەسەرلەر


ياسىن نىياز ...... سىزنى سۆيەتتىم (ھېكايە) ...... 56

ئەركىن روزى ...... دۆڭكۆۋرۈكتىكى كىشىلەر (ئەدەبىي ئاخبارات) ...... 76

ئابدۇكېرىم ھاشىم ...... پەندىيات (ھېكايە) ...... 83

ئابدۇقادىر مۇھەممەت ...... مېنىڭ ساۋاقدىشىم (ھېكايە) ...... 110

ئەخمەت تۆمۈر ...... ئاھ ... مېنىڭ باللىرىم (ھېكايە) ...... 120

قادىر ئارسلان ...... مېنىڭ باشلىق بولغۇم يوق (ھېكايە) ......

سۇلتان ھاشىم ...... يوچۇن ئادەم (ھېكايە) ......


## شېئىرلار


سەيپىدىن ئەزىزى ...... ئارماننى كۆردۈم ...... 45

ئەسقەر ياسىن ...... پارلاق ھېسلار، قايناق ئىلھاملار ...... 46

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر ...... تەبىئەت ھېكمىتى ...... 47

ئىبراھىم نىياز ...... ئىككى شېئىر ...... 49

ئەزىم ناسىر ...... ھاياتقا تاشلىنىش ...... 50

ئېزىز ئىمىر ...... نېمە دەيدۇ يۈرىكىم ...... 51

ئەركىن مۇھەممەت كامالى ...... قەلبىمدىكى ناخشىلار ...... 52

ساداقەتجان ھاجى ...... تىلسىمات دۇنياسى ...... 53

ئېزىز ھېيت ...... كۆز ئېقىدەك سۈزۈلگەن سەھەر ...... 54

ئابدۇللا ساۋۇت ...... غەزەللەر ...... 94

ماھمۇت زايىت ……… غەزەللەر ……… 102
ئادىلجان تۇنىياز ……… مېنىڭ ئادرېسىم (داستان) ……… 104
ئابلىز ھەسەن ……… ئىككى شېئىر ……… 136
ئاۋۇت مۇھەممەدى ……… ئاھ گۈزەل سۆيۈملۈك ئۈرۈمچى ……… 136
مۇھەممەتجان ئەمەت ……… شېئىر ۋە رۇبائىيلار ……… 137
باۋۇدۇن نىياز ……… خەۋەر بەرگىن ……… 138
غەيرەت غوپۇر ……… ئىككى شېئىر ……… 138
توختى نەمتۇللا ……… دىمىقىدا غىڭشىپ ئۆتەر چال ……… 139
ھاشىمجان قادىرى ……… ئالەمگە سىغماس ئىستىكىم ……… 140
ۋارىسجان قاسىم ……… قونسام مەن ئوت يانغان كىرپىكلىرىڭگە ……… 140
ئابدۇراخمان روزى ……… رۇبائىي ……… 140
مۇھەممەت مۇسا ……… ئىككى شېئىر ……… 141
ئابدۇرېھىم سىدىق ……… قۇياش ۋە بۇلۇت ……… 141
ئوبۇل ئەزىزى ……… ئىككى شېئىر ……… 142
ھەبىبۇللا ئوسمان ……… پەرىشتەم ……… 143

## بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز

تىرىشچان قەلەم ئىگىسى، ئىشچان باغۋەن… 144

## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن

شائىنياز كەپەل ……… گۈزەل تاشقورغان (شېئىر) ……… 146
ئادالەت ھېبىبۇللا ……… كېچىكىپ ئېيتىلغان ناخشا (ھېكايە) ……… 147

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

ئىساك سىنگېر ……… ئايالچە ياسىنىۋالغان ئەركەك (ھېكايە)… 152

مۇقاۋىنىڭ 2 –، 3 – بېتىدە:

«تارىم» ژۇرنىلىغا ئەجىر سىڭدۈرگەن بىر قىسىم پېشقەدەم تەھرىرلەر ۋە تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى.

* *

بۇ ساندىكى رەسىم ۋە ھۆسنخەتلەرنى مەھەممەت ئايۇپ ئىشلىگەن.

# «تارىم»نىڭ 40 يىللىقىغا مۇبارەك

## شانلىق مۇساپە، يېڭى سەھىپە

— «تارىم» ژۇرنىلى نەشىر قىلىنغانلىقىنىڭ قىرىق يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن
تەھرىر بۆلۈم ئوبزورچىسى

ئازادلىق باھارى بىلەن تەڭ دېگۈدەك تۆرەلگەن «تارىم» ئۆزىنىڭ خاسىيەتلىك قىرىق باھارىنى باشتىن كەچۈرۈپ تازا قىرانلىق دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، زامانىمىز ئەدەبىياتىدا يېڭى ۋە نۇرلۇق سەھىپە ئاچتى. «تارىم» بېسىپ ئۆتكەن يول جاپالىق، ئەگرى-توقاي بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا شانلىق مۇساپە بولدى. «تارىم» قىرىق يىل جەريانىدا پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت توغرىسىدىكى فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى، ئەدىبلىرىمىزنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە ئەجىر سىڭدۈرۈشى بىلەن ئۆسۈپ زورىيىپ، ئۆزىنىڭ تارىخىي بۇرچى ۋە ۋەزىپىسىنى تىرىشىپ ئادا قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى، شۇنداقلا كۆپ مىللەتلىك شىنجاڭ ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشكە، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، شىنجاڭدا قوش مەدەنىيەت يارىتىشقا ئۆچمەس تۆھپە قوشتى. بىز «تارىم» بېسىپ ئۆتكەن قىرىق يىللىق مۇساپىنى ئەسلەپ، كەلگۈسىگە نەزەر تاشلىغىنىمىزدا قەلبىمىز ئىپتىخار، سۆيۈنۈش، خۇشاللىق ۋە ئىشەنچكە تولىدۇ.

**1**

«تارىم» 1951 - يىل 8 - ئايدا، خەلقىمىز سىياسى، ئىقتىسادىي جەھەتتە قەد كۆتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك يېڭى ھاياتقا يۈزلىنىۋاتقان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغان تارىخىي بۇرۇلۇش دەۋرىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا پارلاق يېڭى سەھىپە ئېچىلغانلىقىدىن دېرەك بەردى. ئۇ شىنجاڭدىكى ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ تۇغۇندىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇشۇ زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭلا ئەمەس، بەلكى شىنجاڭدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىدىمۇ ئۇنۇملۇك تۇپراق بولدى.

«تارىم» يېڭى دەۋرىمىزنىڭ ئاكتىپ كۈيچىسى بولدى. ئۇ دۇنياغا كېلىش بىلەن تەڭ ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»نى قىبلىنامە قىلىپ، يېڭى دەۋر رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى ۋە بۇرچى ھېسابلىدى. دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ

مۇھىم تارىخىي پەيتلەردە ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار رولىنى جارى قىلىپ، ئۆز سەھىپىلىرىدە
ئاشۇ دەۋرلەردە يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشقا ئاتلان-
غان خەلقىمىزنىڭ قايناق - تاشقىنلىق ھاياتىنى، يېڭىچە روھىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۇ-
رۇپ، ئازاد زامانىنىڭ سادىق ۋە جەڭگىۋار كۈيچىسى بولدى.

1949 - يىل 1 - ئۆكتەبىردە ئاتقان ئازادلىق تېڭى خەلقىمىزنى گۈزەل، يېڭى
ھاياتقا باشلىدى. خەلقىمىز قىش - زىمىستاندىن قۇتۇلۇپ، مەڭگۈ سولماس باھارغا ئېرىشتى،
باھار ھەر مىللەت خەلقىنى گۈلدەك ئېچىلدۇرۇپ، ئۇلارنى بەخت گۈلزارىدا ياشناتتى.
ئازاد زامان ئۇلارنى يېڭىچە ھايات، يېڭىچە تەقدىر، يېڭىچە قىياپەتكە ئىگە قىلدى.
شۇڭا ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئازاد زامانغا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە، ئازادلىق ئارمىيىگە
بولغان مېھرى - مۇھەببەت، ھۆرمەت، ساداقەت قايناپ تاشتى، خەلقنىڭ كونا جەمئىيەتكە
بولغان غەزەپ - نەپرىتى ئۆرلىدى؛ فېئوداللىزمنىڭ چىرىك ئىدىيە ۋە ئىللەتلىرىگە قار-
شى كۈرەش قىلىش ئېڭى ئۆستى، سوتسىيالىزم يولىدا ئېغىشماي مېڭىش ئىرادىسى
كۈچەيدى. «تارىم» بۇ دەۋردىكى سەھىپىلىرىدە «تۇردى قاسىمنىڭ خۇشاللىقى»، «چىن
دوستلۇق» قاتارلىق ئوچېرىك، ھېكايىلارنى، «تاڭ»، «تاڭ ئاتتى»، «تاڭ ئاتقاندا»،
«كۆككۈللەر كۈلدى»، «ئازاد زامان»، «يىراقتىن خەت»، «بىزنىڭ تىلەك»، «دېھقان قىز-
زىغا»، «ئىشلەش چېغىڭ»، «ياشا، پارتىيە»، «ئازادلىق جەڭچىلىرىگە»، «يېڭى ئاڭ»،
«يەر ئىگىسىنى تاپتى»، «شاد بەختىمىزگە ياشا، بول ئامان» قاتارلىق شېئىرلارنى ئېلان
قىلىپ، خەلقنىڭ كومپارتىيىگە، ئازاد زامانغا، ئازادلىق ئارمىيىگە بولغان مېھرى - مۇھەببىتى ۋە
رەھمەت - تەشەككۈرىنى ئىزھار قىلدى. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى
تۇرۇش، گۇرۇپپىلىشىش، كوپېراتسىيىلىشىش قاتارلىق ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرى-
لىپ، سوتسىيالىزم قۇرۇش خەلقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتى ۋە كۈرەشچان تۇرمۇشىنىڭ
ئاساسىي مەزمۇنىغا ئايلانغان پەيتلەردە، «تارىم» ئۆز سەھىپىلىرىدە «چېنىقىش»، «توي»،
«قىزىل بايراق»، «پۇشايمان»، «خۇشاللىق»، «سىناق»، «ئۇ ئۆز يولىنى تاپتى»، «ئازاد
يېزىنىڭ قىزى» قاتارلىق ھېكايە، پوۋېست، درامىلارنى ۋە كۆپلىگەن شېئىرلارنى ئېلان
قىلىپ، دەۋر روھىنى ئىپادىلىدى. «تارىم» شۇ يىللاردا يەنە ئۆز سەھىپىلىرىدە «ئوغۇل-
نىساخان»، «تاغنى كۆرسەم»، «خۇاڭخې دولقۇنى»، «بۈيۈك سەپەر» قاتارلىق ئامېرىكا
جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش كۈرىشى تېمىسىدىكى ئەسەرلەرگە
كەڭ ئورۇن بېرىپ، خەلقىمىزنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش، يۇرت - ماكانىنى قوغداش
ئىشىغا ئاكتىپ ماسلاشقان بولسا، «يۈرەك سۆزى»، «خەنزۇ خەلقىگە»، «ئۇلۇغ خەنزۇ
خەلقىگە» دېگەندەك ئەسەرلەر ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەن بىرلىكىنى قىزغىن
مەدھىيىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل»، «پېشقەدەم جەڭچىنىڭ
نەسىھىتى»، «يۈيخۇاتەيگە زىيارەت»، «سېغىندىم»، «ئالدىدا»، «ۋەتەن ئىشقى»، «ئۇلۇغ ۋە-
تىنىمگە»، «ئۆرلە، شانلىق ۋەتىنىم» قاتارلىق ئەسەرلەر ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىكنى، ئىنقى-
لابىي قەھرىمانلىقنى، كوممۇنىستىك ئەخلاق - پەزىلەتنى مەدھىيىلىدى. «ئېگىلمەس سۇ»، «جەن-
نەت نەدە دېسەڭلار»، «ئايخان»، «چولپان»، «ياشىسۇن قولى گۈل ئىشچاننىڭ قولى»، «ئانا»،

«باھار قۇشاقلىرى»، «غەزەللەر»، «يادىمدا سەن»، «زەرەپشان بويىدا»، «مىنىبىلىك دۆيجاڭى»، «بەخت»، «ھاياتنىڭ باشلىنىشى»، «دەشتكە باھار كەلدى» دېگەندەك رېئال-لىق بىلەن غايە بىرلەشتۈرۈلگەن ئەسەرلەر ئارقىلىق سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللى-كىنى، بەختىيار يېڭى زامانىنى ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى كۈيلىدى. ئۇمۇمەن، «تارىم» ژۇرنىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن بۇرۇنقى يىللاردا خەلقىمىزنىڭ كۆرەش-چان ھاياتىنى، رەڭگارەڭ تۇرمۇش مەنزىرىسىنى، پارتىيىمىزنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سى-ياسەتلىرىنى خىلمۇخىل بەدىئىي شەكىللەر ئارقىلىق جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، «جۇڭ-گو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولمىغان بولسا، يېڭى جۇڭگومۇ بولمىغان بولاتتى»، «جۇڭ-گونى پەقەت سوتسىيالىزملا قۇتقۇزالايدۇ»، «ۋەتەننىڭ بىرلىكى، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ جەزمەن غەلىبە قازىنىدىغانلىقىنىڭ تۈپ كاپالىتى» دېگەن ئىدىيەلەرنىڭ ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، «تارىم» نىڭ يېڭى باھارى، تېخىمۇ گۈللەيدىغان يېڭى دەۋرى باشلاندى. «تارىم» ئۇزۇندىن بۇيان ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن ئىنتايىن «سول» لۇشيەننىڭ ئاسارىتى ۋە بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ، يېڭى دەۋر تەلىپىگە ماس قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، يېڭى سەۋىيىلىك ئەدەبىيات مۇنبىرىگە ئايلاندى. ئۇ تىنچ - ئىتتىپاق يېڭى ۋەزىيەتنى، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ شانلىق نەتىجىلىرىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا باتۇرانە كۈرەش قىلىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ رەڭدار ۋە جۇش-قۇن ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، تىنچ - ئىتتىپاق ۋەزىيەتنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا، ئىككى ئايرىلالماسلىق ئىدىيىسىنىڭ كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەن بىرلىكىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق قانات يېيىشىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. ئۇ بۇ يىللاردا سان ۋە سۈ-پەت جەھەتتىن يېڭى سەۋىيە يارىتىپ، دەۋر روھىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرگەن، ئاممىغا ياقىدىغان بىر تۈركۈم ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ، ئاممىنى ئېسىل ۋە مول مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىنلىدى. «سەنئەت باھارى»، «كەلدى نورۇز، كۈلدى غۇنچە»، «ياشلىقىم»، «ئاتقاندا تاڭ»، «بۇلبۇل قايتا سايرىدى»، «مۇسا تاغامنى ئەسلەيمەن»، «گۈلزارلىق ھويلىدىكى كىشىلەر»، «بۇلۇڭ كوچىدىكى غەلىتىلىك»، «دولان ياشلىرى»، «قەرزدار»، «دەرۋازىۋەن»، «باھاردىن كېيىن»، «مەرھابا، باغۋەن»، «گۈلخان»، «خۇشاللىق كۆز يېشى»، «ئوت ئىچىدىكى ئادەم»، «سەبداش»، «ساۋاب»، «ئاچالدا»، «كىشىلەر»، «ئاق چاچلىق كىشى»، «ئاپەتلىك يىللاردىن ئاچچىق خاتىرە»، «ياگرا، ئەجەم»، «تۇزان قەسىدىسى»، «قاراڭغۇلۇقتىكى چاقماقلار»، «قەلب سادالىرى»، «پەزىلەت ئىگىسىگە مەدھىيە»، «قوياش قىزى» قاتارلىق ئەسەرلەر ئارقىلىق «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقلىرىغا لەنەت ئوقۇدى، يېڭى ھايات باھارىغا تەنتەنە قىلدى، ھەر قايسى سەپلەردىكى يېڭى غەلىبىلەر ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى مەدھىيىلىدى،

تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە توسقۇن بولىدىغان چىرىك ئىدىيە، ناچار ئىستىل، ناچار كەيپىياتلارنى قاتتىق سۆكتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇ بولدىكى، ئۇ ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، چەكلەنگەن رايونلارغا بۆسۈپ كىردى، تېما جەھەتتە چوڭقۇرلۇق ۋە كەڭلىككە يۈرۈش قىلدى. بەدىئىي جەھەتتىن ئىزدىنىشنى، دادىل يېڭىلىق يارىتىشنى تەشەببۇس قىلدى، ئەسەرلەرگە يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، خەلقنىڭ كۈندىن كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ۋە دەۋرنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلىشىشنى تەكىتلىدى، ئومۇمەن، ئەدەبىياتنى خەلققە ھەقىقىي ئەدەبىيات سۈپىتىدە تونۇتۇشقا تىرىشتى. بولۇپمۇ ھېكايىچىلىقتا يېڭى بەدىئىي سەۋىيە يارىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. شۇڭا بۇ يىللاردا ھېكايىچىلىقتا زور ئىلگىرىلەش بولۇپ، سان ۋە سۈپەت جەھەتتە كىشىنى خۇشال قىلىدىغان يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى. ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان زور بىر تۈركۈم ئاپتورلار قوشۇنى بارلىققا كەلدى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ يىللاردا پوۋېست ئىجادىيىتىدە تېخىمۇ تېز ئۆرلەش ۋەزىيىتى بارلىققا كېلىپ، ئارقا - ئارقىدىن بىر مۇنچە مۇنەۋۋەر پوۋېستلار ئوتتۇرىغا چىقتى.

«تارىم» بۇ مەزگىلدە يەنە جۇڭگو ۋە چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئېسىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە ماھارىتىنى ئۆگىنىپ، ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش، ئىپادىلەش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە بېيىتىش جەھەتتىمۇ بىر مۇنچە پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ناچار ئىجادىيەت خاھىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئەكسىيەتچىل، زىيانلىق نەزەرىيە ۋە كۆز قاراشلارنى چەكلەش ۋە توسۇشقىمۇ دىققەت قىلدى. نەتىجىدە ئاپتورلار ئارىسىدا توغرا ئىجادىيەت ئىدىيىسى ۋە كەيپىياتى ئۆستى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاپتورلارنىڭ رىقابەت ئېڭى، ئىجادچانلىق روھى كۈچىيىپ، بەدىئىي سەۋىيىسى ۋە ماھارىتى زور دەرىجىدە ئۆسۈپ، ئىجادىيەت كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى. شۇڭلاشقا «تارىم» مۇشۇ ئون ئىككى يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە 7000 دىن ئارتۇق شېئىر، 650 ئەتراپىدا ھېكايە، ئاخبارات ئەدەبىياتى، نەسر، 53 پوۋېست، 16 داستان ھەمدە نۇرغۇن ئىلمىي، نەزەرىيىۋى ماقالە ۋە ئوبزورلارنى ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەپ ياشناۋاتقانلىقىنى نامايان قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭلا ئەمەس، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياخشى باھاسىغا ۋە ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغىنى ھېكايە ئىجادىيىتى بولدى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھېكايە ئىجادىيىتىدە ھەقىقەتەن مول ھوسۇل مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. بۇرۇن ھەربىر سانىدا ھەرخىل ئاماللار بىلەن بىر - ئىككى ھېكايىنى ئاران ئېلان قىلالايدىغان «تارىم» ئەمدىلىكتە 9 - 10 ھېكايە ئېلان قىلالايدىغان بولدى. ئەسلىدە يوق دېيەرلىك بولۇۋاتقان پوۋېستچىلىق («تارىم» 1982 - يىلغا قەدەر بولغان 31 يىل ئىچىدە ئاران ئىككى پوۋېست ئېلان قىلالىغان) تېزدىن راۋاجلىنىپ، سان جەھەتتە ئۆتكەن 31 يىلدىكىدىن 25 ھەسسە كۆپەيدى.

«تارىم» 40 يىلدىن بۇيان مەكتەپ بولدى، ئۇ بىرتەرەپتىن پېشقەدەم ئەدىبلەر-

نىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتىكى يېتەكچىلىك، باشلامچىلىق، ئۇستازلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا دىققەت قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا ياشلىق ئەدىبلەرنىڭ، بولۇپمۇ ياش ئەدىبلەر ۋە ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە، ئۇلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسى، نەزەرىيە سەۋىيىسى ۋە بەدىئىي ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. شۇڭا ئاپتورلار قوشۇنى يىلدىن يىلغا كۆپىيىپ، «تاردم» ژۇرنىلى يېڭى چىققان ۋاقىتتىكى بىرنەچچە ئون كىشىلىك كىچىككىنە سەبىي قوشۇندىن ئۆسۈپ زورىيىپ، ھازىر تەخمىنەن 2500 كىشىلىك زور ئاپتورلار قوشۇنىغا ئىگە بولدى. بىزنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلەۋاتقان، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن ۋە ئۆزلىرىمۇ ئىجادىيەت بىلەن خەلقىمىزگە تونۇلغان سەيپىدىن ئەزىزى، تۆمۈر داۋامەت، ئەزىزوپ قاسىم، ياسىن خۇدابەردى قاتارلىق رەھبەرلىرىمىز، ئەھمەد زىيائى، نىم شېھىت، زۇنۇن قادىر، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئەلقەم ئەختەم، تۇرغۇن ئالماس، ئىمىن تۇرسۇن، قۇربان ئىمىن، ئابلىز نازىرى، تېيىپجان ئېلىيېۋ، رەھمەتوللا جارى، زەينىدىن سالىيېۋ، مەھەممەت رەھىم، تۇردى سامساق، ئەرشىدىن تاتلىق، ئابدۇكېرىم خوجا، جاپپار ئەمەت، ئابدۇۋەلى خەلپەت، غەنىزات غەييۇرانى، پەتتارجان مۇھەممىدى، مۆمىن سەپىرى، تاجىدىن قادىرى، سۇزۇك قاتارلىق پېشقەدەملىرىمىز، مەھەممەتجان سادىق، ئابلىمىت مەسئۇدى، رەخىم قاسىم، ئابدۇسالام توختى، قەييۇم تۇردى، ھوشۇر ئىبراھىم، ئەخەت ھاشىم، مالىك كېۋىر، ئابدۇسەمەت خېلىل، ئېزىز نىياز، ئابلىمىت سادىق، مەھەممەتئېلى زۇنۇن، ئابدۇراخمان قاھار، مەھەممەت شاۋۇدۇن، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، مىرزاھىد كېرىمى، ئابلىمىت سابىر، مەھەممەتجان راشىدىن، ئابلىمىت ھاجى، ئابدۇكېرىم مەخسۇت، زوردۇن سابىر، سادىق سادىرى، سېيىت زۇنۇن، تۇرغان شاۋۇدۇن، ئەخەت تۇردى، ئابدۇللائەبەيدۇللىن، قۇربان بارات، بوغدا ئابدۇللا، تۇرسۇنئاي ھۈسىيىن، سەلەي قاسىم، مۆيدىن سايىت، ئابدىرېھىم ئىسمائىل، ئابلا ئەخمىدى، ئايشەم ئەخمەت، ھاجى ئەخمەت، مامۇت زايىت، قاھار جېلىل، توختاجى روزى، ھېمىت مەخسۇت، جېلىلى شۇنداقلا ئارسلان، ئوسمانجان ساۋۇت، ئىمىن ئەخمىدى، ئېزىز ساۋۇت، سەمەت دۇگايلى، قېيىم سوپى، مەمتىمىن ھوشۇر، ئەبەيدۇللائىبراھىم، توختى ئايۇپ، مەخمۇت مەھەممەت، ئالىمجان ئىسمائىل، سۇلتان ھاشىم، تاھىر تالىپ، مەمتىمىن شىپە، روزى سايىت، ئابدۇللا سۇلايمان، مەھەممەت ئىمىن، مەھەممەت باغراش، جالالىدىن بەھرام، غەيرەت ئابدۇللا، تۇرسۇنئاي يونۇس، ئەمەت جاپپار، مەھەممەت لېتىپ، دىلبەر قەييۇم، ئابدۇللا ساۋۇت، ئابلەت ئابدۇللا، ئابلىكىم خېۋىر، نۇرمەھەممەت توختى، قادىر ئارسلان، ئابابەكرى ئەمەت، توختى نەمتۇل، زۇلپىقار، غەيرەت ئاسىم قاتارلىق ئوتتۇرا ياش ۋە ياش ئەدىبلىرىمىزنىڭ تولىسى بەدىئىي ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى «تاردم» ئارقىلىق جامائەتكە تەقدىم قىلدى ۋە تونۇتتى.

«تاردم» ئۆزىنىڭ مەكتەپلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا ياش تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش، تەربىيىلەشكە دائىم ئالاھىدە دىققەت قىلدى. ئۇلارنى بايقىغان ھامان ياردەم قىلدى، يۆلىدى، يېتەكلىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەدەبىيات ساھەسىدە كۆزگە بىر قەدەر كۆپ چېلىقىپ، ئەدەبىياتنى قىزغىن سۆيىدىغان خەلقىمىزنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر

بولۇۋاتقان. ئەختەم ئۆمەر، خالىدە ئىسرائىل، زۇنۇن تاھىر، مۇختەر مەخسۇت، ياسىن زىلال، ئابدۇرېھىم ئابدۇللا، ئۆمەر مەھەممەتئىمىن، ئەركىن ئىبراھىم، تەلئەت قادىرى؛ مەتسەيدى مەتقاسىم، مۇختەر سۇپۇرگى، ئابدۇقادىر جالالىدىن، باتۇر روزى، ئەركىن نۇر، مۇتەللىپ خۇرسەندى، ئىلغارجان سادىق، ئابابەكرى تۇيغۇن، تۇراپ دايىم، ئابلىجان ھېيت، ئابدۇكېرىم ئوسمان، ئەسقەر ياسىن، ئادىلجان تۇنىياز، قۇربان ئىمىت، غەيرەت غوپۇر، پەرھات تۇرسۇن، پەرھاد ئىلياس، كىرىمجان سۇلايمان، ئابابەكرى توختى، تۇرسۇنجان ھاشىمى، ئايبېك ئۆمەر، ئەركىن مۇھەممەت كامالى، تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم، سېيتۋالدى كىرىم، ياسىن نىياز، ئەسئەت ئەمەت، ئەسئەت ئابدۇقادىر قاتارلىق كۆپلىگەن ياش ئاپتورلارمۇ «تارىم» دىن ئىبارەت مۇشۇ مەكتەپتە ئۆسۈپ يېتىلمەكتە.

«تارىم» ئۆزىنىڭ مەكتەپلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا، ئۆزىنىڭ تولىمۇ چەكلىك سەھىپىسىدىن دائىم دېگۈدەك تەتقىقات، ئوبزور، تەسىرات ماقالىلىرىغا ئورۇن بېرىپ، نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە ۋە ئەدەبىي تەنقىدنىڭ نورمال قانات يېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىر ئوبزورچىلار قوشۇنىنىڭ بارلىققا كېلىشى، زورىيىشى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولدى. شەرىپىدىن ئۆمەر، پەتتارجان مۇھەممەدى، ئابدۇشۈكۈر مەھەممەتئىمىن، روزى قاسىم، مەھەممەت زۇنۇن، ئابلەت ئۆمەر، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، مەخمۇت زەيدى، ھېلىم مولايېۋ، نۇرمەھەممەت زامان، ئابدۇكېرىم راخمان، مەھەممەت پولات، ئابلىمىت ئىسمائىل، ھېزىم قاسىم، قاۋسىلقان قامىجان، سىدىقھاجى روزى، ماخمۇتجان ئىسلام، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ۋاھىتجان غوپۇر، غوجەخمەت يونۇس، ئابدۇۋەلى كېرىم، ئابدۇللا مەتقۇربان، ئىبراھىم ئىزاقى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى، ئەدەبىي ئوبزورچىلار «تارىم» دىن ئىبارەت مۇشۇ مۇنبەت تۇپراقتا يېتىلىپ، چېچەكلەپ، مېۋە بەرمەكتە.

«تارىم» ئۆزىنىڭ مەكتەپلىك رولىنى جارى قىلىشتا، ئايال ئەدىبلەر قوشۇنىنى بەرپا قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى، ئۇلارنى خۇددى گۈل-غۇنچىلارنى پەرۋىش قىلغان مېھرىبان گۈلچىدەك كۆيۈنۈپ پەرۋىش قىلدى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، كۆيۈنۈپ تەھرىرلەپ، ئىمكانىنىڭ بېرىچە جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشكە تىرىشتى. شۇڭلاشقا كۈنسېرى گۈللىنىۋاتقان ئەدەبىيات گۈلزارلىقىمىزدا ئايال ئەدىبلەرنىڭ رەڭگا رەڭ ئەسەرلىرى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەر ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆپرەك ئۇچرايدىغان مەزمۇنلاردىن باشقا، ئائىلىق بۇرچى، ئەۋلاد تەربىيىسى، ئەمگەك ۋە مۇھەببەت، ۋاپا ۋە ۋىجدان، ئائىلە، نىكاھ قاتارلىق مەزمۇنلار ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا ئەكس ئەتتۈرۈلدى. بىز «تارىم» نىڭ بەتلىرىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، مەريەم سەپەر بايىۋا، نۇرىيە ئىپلاخۇن، ھەجەر قادىر، ئايشەم ئەخمەت، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، ئايشەم قادىر، ئايشەم توختى، مۇكەررەم ئەبەيدۇللا، تۇرسۇنئاي يونۇس، دىلبەر قەييۇم، قۇندۇز مەھەممەت، ئامىنە مەھەممەت، راھىلە مەھەممەت، رەشىدەم سېيىت، بېلىقىز سۇلايمان، خالىدە ئىسرائىل، بېلىقىز سادىق، ماھىگۈل پەخىردىن، رىزۋانگۈل ھۈسەيىن، ئاتىكە زەمىرى، باھارگۈل مەتىمىن، غەلبە مەھەممەت، گۈلجامال ئۆمەر، سېيتنىسا لوقمان،

سەيىيارە سەلەي، ھۆرنىسا تۇردى، دىلدار، ئارزۇگۇل بىلال، ئامانىگۇل مامۇت، ئايگۇل مۆيدىن، ئادالەت ھېبىبۇللا قاتارلىق خېلى زور بىر تۈركۈم ئايال ئەدىبلەر ۋە ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرەلەيمىز. بۇ ئەسەرلەر ئۆزىگە خاس خۇش پۇرىقى ۋە گۈلگۈن رەڭگى بىلەن بىزنى مەپتۇن قىلىدۇ.

«تارىم» ئۆزىنىڭ مەكتەپلىك رولىنى جارى قىلىشتا، جەمئىيەت ئۈچۈن مۇھىم، ئەدەبىيات ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان باللار ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈش ۋە باللار ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلدى ھەممە بارلىق ئەدىبلەرنى باللار ئۈچۈن ئەسەر يېزىشقا ئىلھاملاندۇردى، مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار بىلەن بىرلىكتە باللار ئەدەبىياتى بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاش ـ مۇكاپاتلاش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. «تارىم» نىڭ قېرىنداش گېزىت ـ ژۇرناللار بىلەن بىرنىيەت ـ بىر مەقسەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى ۋە ساغلام راۋاجلاندى. كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان بىر تۈركۈم باللار ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرى ۋە باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى بارلىققا كەلدى. تۇرسۇنمەھەممەت پەخىردىن، تۇرسۇن قۇربان، ئىسمائىل ئىبراھىم، مەمتىمىن بارى، توختاش بەكرى، مۇتەللىپ جۇمەخۇن، ھىلمىنىياز قادىر، ئابلىكىم باقى، ئابلىكىم روزى، ئابدۇراخمان ئەبەي، مەھەممەت روزى يارقىن، ئازات مىرقاسىم، ئابلىمىت قۇربان، مەھەممەت شانىياز، ھەسەن تىلىۋالدى، ھوشۇر ئەخمەت، رۇقىيە تۇردۇش قاتارلىقلارنىڭ باللار ئۈچۈن يازغان ئەسەرلىرى باللار ئارىسىدىلا ئەمەس، پۈتكۈل جەمئىيەتتە خېلى كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى، باللارنىڭ ئەدەبلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان، غايىلىك بولۇپ تەربىيىلىنىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

«تارىم» ئۆزىنىڭ مەكتەپلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا، بىر تەرەپتىن، ئۆز سەھىپىلىرىدە ماركسىزملىق ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئىجادىيەت ئىدىيىسى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى ھەممە ئىجادىيەت ماھارىتى قاتارلىقلارغا ئائىت زۆرۈر ماتېرىياللارنى ئېلان قىلىپ، ئاپتورلارنى نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ۋە ئىجادىيەت ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش، دۇنيادىكى ئەدەبىي ئېقىملار، مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلسا، يەنە بىرتەرەپتىن، ھەرخىل ئىجادىيەت يىغىنلىرى، مۇھاكىمە، سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. ئەسەرلەرنى نەق مەيداندا مۇھاكىمە قىلىپ ۋە تەھرىرلەپ، ئاپتورلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ئۈنۈملۈك ياردەم بەردى.

«تارىم» قىرىق يىلدىن بۇيان كەڭ ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەدەبىيات تەرەققىياتىنى، ئەدەبىيات ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزىدىغان كۆۋرۈك، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ مەشھۇر ئەدىبلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان ئاق كۆڭۈل ئەلچى بولدى، ئۇيغۇر كىتابخانلىرى چۈي يۈەن، لى بەي، دۇفۇ، لۇشۈن، گومورو، ماۋدۇن، باجىن، ساۋيۈي، جاۋشۇلى، مافېڭ، ئەي چىڭ، ۋاڭ مىڭ قاتارلىق كىلاسسىك ۋە ھازىرقى زامان خەنزۇ ئەدىبلىرىنىڭ؛ لاۋشې، لىجۈن، مالچىنخۇ، شاۋشۆ، ئوروللتو

قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت ئەدىبلىرىنىڭ ھەممە چەت ئەللەرنىڭ نۇرغۇن مەشھۇر يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بىلەن ئەڭ دەسلەپ «تارىم» ئارقىلىق تونۇشتى، ئۇيغۇر كىتابخانلىرى شىنجاڭدىكى ليۇشاۋۋۇ، ۋاڭ يوخۇ، قۇرمانئەلى ئوسپان، قاۋسىلقان، شاكەن، ئۆمەر غازى، كەنزەي، گوجىنەن، جۇگلۇ، چىكىرلىنشۇ، ساخە، ئامانتۇر بايزاق، پەرھەتى، شۇكۇر يالقىن، نۇر مەھەممەت ئېركى، تەلئەت ناسىرى، مەھەممەت روزى، قاتارلىق ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەنمۇ «تارىم» ئارقىلىق تونۇشتى. خېلى كۆپ قېرىنداش مىللەت ئەدىبلىرىمۇ «تارىم» ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشتى ۋە بەزىلىرى «تارىم» دىن ئىبارەت مۇشۇ كۆۋرۈك ئارقىلىق ئەدەبىيات سېپىگە قەدەم باستى.

«تارىم» 40 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى بىرقەدەر كەڭ، سىستېمىلىق تونۇشتۇرىدىغان سورۇن بولدى. ئۇيغۇر خەلقى ئېلىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە مول ئەدەبىي مىراسلارغا ئىگە. كلاسسىك ئەدەبىيات، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش، ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەنگەن «تارىم» نەشر قىلىنغان كۈندىن باشلاپ ئۆز ئاپتورلىرى ۋە كىتابخانلىرىنى قىممەت باھالىق ئەدەبىي مىراس ۋە مول خەزىنە بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ھەربىر ساندا دېگۈدەك كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل نەمۇنىلىرىنى ئېلان قىلىپ كەلدى.

«تارىم» 40 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان نامايەندە ھەم ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەك بولدى. بىز ئۇيغۇر يېڭى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىنى ۋاراقلاپ كۆرىدىغان بولساق، ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاش - مۇكاپاتلاش پائالىيەتلىرىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ 90% تىن كۆپرەكى «تارىم» ئارقىلىق يورۇقلۇققا چىققانلىقىنى كۆرىمىز. ئەنە شۇلاردىن «توي»، «غۇنچەم»، «چېنىقىش»، «قىزىل بايراق»، «پىچاق»، «تېرىدىم بويلاپ»، «نان»، «دولان ياشلىرى»، «چولپان»، «كۈمۈش يوللار»، «يەر — ئانا»، «ئالتاي لېرىكىسى»، «ئاقساق بۇغا»، «سەپداش»، «ساۋاقداشلار»، «ستۇدېنتلار»، «چىن مۇھەببەت»، «قۇملۇقنىڭ چۈشى»، «ئوخشاشمىغان تەقدىر»، «ئىجارە ھەققى»، «توققۇز پارچە سۈرەت»، «چىمەن قىرغاق»، «دەريا ۋە بۇلاق»، «مەن مۇئەللىم - جاپاكەش ئىنسان»، «يۈرىكىمنى تۇتىمەن ساڭا»، «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل»، «يۇرتۇمنى كۆرۈپ دېگەن گەپلىرىم»، «مۇھەببەت لىرىكىلىرى»، «تاڭ ئاتقاندا»، «يۈرەك لېرىكىسى»، «سېنىڭ تويۇڭ - مېنىڭ ياشلىقىم»، «يالقۇنتاغ غەزىپى»، «ھاياتنىڭ باشلىنىشى»، «باھار تەنتەنىسى» قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەر «تارىم» دا ئېلان قىلىنغان.

2

«تارىم» 40 يىلدىن بېرى، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىنى يەكدىللىق بىلەن ئادا قىلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشكە زور تۆھپە قوشۇش، يۇقىرىقىدەك ئوتۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈش

بىلەن بىللە قوبۇل قىلىشقا ئەرزىيدىغان بەزى ساۋاقلارغىمۇ ئىگە بولدى.

ئالدى بىلەن شۇنى كۆرسىتىش كېرەككى، ئەدەبىيات رېئاللىقنى تىپىك ۋە ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان ۋەقەلەر، جانلىق بەدىئىي ئوبراز، گۈزەل بەدىئىي تىل بىلەن ئىپادىلەپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ماھىيەتلىك قانۇنىيەتلىرىنى، دەۋر روھىنى يورۇتۇپ بېرىشى كېرەك. ئۇ شۇنداق قىلىپ كىشىلەرنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سالالىغان، ئۇلارغا نېمىگە نەپرەتلىنىش، نېمىنى سۆيۈشنى ئۆگىتەلىگەن، كىشىلەرگە روھ بېغىشلاپ، ئۇلارنى ئالغا ئىنتىلدۈرەلىگەندىلا چىن مەنىدىكى ئەدەبىيات بولالايدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئەدەبىياتنىڭ چىنلىق پرىنسىپىدا، توغرا ئىدىيىۋى مەزمۇن بىلەن يۇقىرى بەدىئىيلىكنىڭ بىرلىككىدە چىڭ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەدەبىياتىمۇ باشقا پەنلەرگە ئوخشاشلا ساختىلىق، يالغانچىلىقنى كۆتۈرمەيدۇ. «تارىم» ئۆتكەنكى يىللاردا، بولۇپمۇ «سول»چىللۇشىيەن باش كۆتۈرگەن مەزگىللەردە، ئەدەبىياتنىڭ چىنلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتە ئۆزىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى دېگەندەك ئادا قىلالمىدى. بەزىدە شوئارۋازلىق، ئەندىزىچىلىك، مۇبالىغىچىلىك ۋە تۇرمۇش چىنلىقىدىن چەتنەشكە يول قويىدى. چىنلىققا ئېتىبار بېرىش ھەربىر ئەدىبنىڭ بۇرچى بولغىنىدەك، ھەربىر ئەدەبىي ژۇرنالنىڭمۇ بۇرچى، خاراكتېر يارىتىش — ھەرقانداق ئەدەبىي ئەسەر ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم مەسىلە، خاراكتېر يارىتىلمىغان ئەسەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان ئەسەر دېگىلى بولمايدۇ. ئاپتورلار ئىجادىيەت داۋامىدا ئابستراكت ماھىيەت بويىچە ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ ماھىيىتى بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى دېگەن تونۇش بويىچە تۇرمۇشتىكى جانلىق تىپلارنى ئىزلىشى، شۇ تىپلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىش، روھىي دۇنياسىنى يورۇتۇشقا كۈچ سەرپ قىلىشى كېرەك. پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى پېرسوناژلارنىڭ كونكرېت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىشى كېرەك. يېڭى دەۋردە خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا ئەزەلدىن كۆرۈلمىگەن ياخشىلىنىش بارلىققا كەلدى. ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش قارىشى ۋە ئىستېتىك تەلەپىدىنمۇ زور ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. ئۇلار بۈگۈن ئېلېكترون ۋە ئۇچۇر دەۋرىدە ياشاپ، يۈكسەك ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. ئۇلار دۇنياغا زامانىۋى ئاڭ يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، كۈچلۈك رىقابەت نۇقتىئىنەزەرى بىلەن نەزەر تاشلىماقتا. ئەدىبلىرىمىز مانا مۇشۇ ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىنى، تىپىك ئوبرازىنى يارىتىشى، ژۇرناللار مۇشۇنداق ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما «تارىم» دا مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ خاراكتېرى روشەن يورۇتۇلغان تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلغان ئەسەرلەر ئانچە كۆپ بولمىدى. خاراكتېرنى ئېچىش، تىپ يارىتىش جەھەتتە بۆسۈش ھاسىل قىلالىغان ئەسەرلەر كەم بولدى.

ئەدەبىيات - تىل سەنئىتى. يازغۇچى ياخشى ئەسەر يېزىش ئۈچۈن ھەممىدىن ئاۋۋال تىل ئۇستىسى بولۇش كېرەك. ئەسەر تىلىنى ئالاھىدە پىششىقلاپ ئىشلەش، تىلنى ئىمكان بار ئوبرازلاشتۇرۇش، ئاپتور تىلى، پېرسوناژ تىلىنى ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇش كېرەك. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن خەلق تىلىنى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئۆگىنە-

نىش كېرەك. كلاسسىكلىرىمىزنىڭ، خەنزۇ ۋە چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى ماھارەتلىرىنى ئۆگىنىش زۆرۈر. بۇنىڭسىز ئەدىب سۆز ئۇستىسى بولالمايدۇ ۋە خەلققە يارىغۇدەك ياخشى ئەسەرلەرنى يازالمايدۇ. «تارىم» مۇشۇ جەھەتتە كۆپرەك خىزمەت ئىشلىيەلمىدى، ئۇنىڭدا تىل جەھەتتە خام، ياخشى پىششىقلانمىغان، تىلدا گىراماتىكا، مەنتىقە، ئىستىلىستىكا جەھەتتىن بىر مۇنچە نۇقسانلىرى بار بەزى ئەسەرلەرنىڭ ئېلان قىلىنىپ قالدى.

قىسقىسى، «تارىم» ئۆزىنىڭ ھايات مۇساپىسىدە، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرى ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە، چىنلىققا دىگەندەك ئېتىبار بېرەلمىگەن، رېئاللىق سۇسلاشتۇرۇلغان قېلىپبازلىق، شوئارۋازلىقتىن خالى بولالمىغان ئەسەرلەرنىمۇ ئېلان قىلغان بولسا، يېقىنقى يىللاردا بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۇرۇش شامىلىنىڭ تەسىرىدە مۇقامى تۆۋەنرەك، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان بەزى ئەسەرلەرنىمۇ ئېلان قىلىپ قويدى. سوتسىيالىستىك يېڭى ئىش، يېڭى ئادەم، يېڭى كەيپىياتلار مەدھىيىلەنگەن ئاساسى رېتىمدىكى ئەسەرلەر كەمچىل بولدى. «تارىم» بولارنىڭ ئاچچىق ساۋىقىنى زادىلا ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

3

«تارىم» بېسىپ ئۆتكەن قىرىق يىللىق مۇساپە بىزگە شۇنى ئېنىق كۆرسەتتىكى، ئومۇمەن، ئۇ ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىدە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا، ئىككى ئۇچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشى ۋە ئېچىلىش - سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرغان، ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرى، پرىنسىپلىرى بويىچە ئىش كۆرگەندە ئالغا ئىلگىرىلىدى، گۈللەندى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى؛ قاچانىكى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىدىن، پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت يۆنىلىشى ۋە فاڭجېنى، سىياسەتلىرىدىن چەتنىگەندە مۇدۇرۇپ كەتتى، ھەتتا چېكىندى. بۇ ئەمەلىيەت «تارىم»غا ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىدە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا، ئىككى ئۇچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشى ۋە ئېچىلىش - سايراش فاڭجېنىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر تونۇتتى.

نۆۋەتتە بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى مەملىكەتكە، دۇنياغا يۈزلەندۇرۇشتەك بىر ئۇلۇغۋار غايە تۇرماقتا. شۈبھىسىزكى، بۇ غايە، ئوخشاشلا «تارىم»نىڭمۇ غايىسى. «تارىم» ئۆزىنىڭ بۇندىن كېيىنكى مۇساپىسىدە ئۆتكەنكى قىرىق يىللىق تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ئەينەك قىلىپ، ئۆز غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇچۇن يەكدىللىق بىلەن تىرىشىدۇ.

بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۇرۇشكە قارشى تۇرۇشنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىللە ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۇرۇشنى چىڭ تۇتۇش — ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ نۆۋەتتىكى كونكرېت فاڭجېنى. «تارىم» بۇ فاڭجېننى خەلق ئۇچۇن، سوتسىيالىزم ئۇچۇن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشى ۋە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە

سايراش فاڭجېنىغا بىرلەشتۈرۈپ ئىجرا قىلىپ، ئۆزىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى يەنىمۇ يەك-
دىللىق بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئادا قىلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەپ - ياشنىشىغا
تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشىدۇ.

نۆۋەتتە، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى بۇرژۇئاچە
ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ زەھىرى ۋە تەسىرىنى داۋاملىق تازىلاپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈ-
رۈشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن ئىجادىيەت ئىدىيىسىنى ئايدىڭ-
لاشتۇرۇپ ۋە توغرىلاپ، ئىجادىيەتنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەدەبىيات-
سەنئەتنى گۈللەندۈرۈپ، ئەدەبىيات- سەنئەتنى سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى
مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، بولۇپمۇ مۇقىملىقنى ساقلاش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش
ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

بىر قانچە يىلدىن بۇيان، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار
ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى ۋە ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت
ئىدىيىسىگە قارشى تۇرۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت مەسىلىلىرىدە «ئارىلاشماسلىق، باشقۇر-
ماسلىق» فاڭجېنىنى قوللىنىپ، خىلمۇخىل بۇرژۇئاچە ئەدەبىيات قاراشلىرى ئۈچۈن يې-
شىل چىراغ يېقىپ بەردى. «تارىم» مۇ ئۇنداق قاراشلارنىڭ تەسىرىگە ئاز - تولا ئۇچرىدى.
بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار بازارغا سالغان بۇرژۇئاچە ئەدەبى-
يات قاراشلىرىنىڭ مەركىزى «مەن» دىن ئىبارەت بولدى. ئۇلار ئەدەبىياتتا «مەننى
ئىپادىلەش» ئەڭ ئۇنۇملۇك يول، ئەدەبىياتتا «مەن» ئىپادىلەنمىسە ئۇ ئەدەبىيات بو-
لالمايدۇ، دېگەننى كۈچەپ تەرغىپ قىلدى. «مەننى ئىپادىلەش»نىڭ ئەجەللىك يېرى
شۇكى، ئۇ رېئاللىقنى، چىنلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە، سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنىڭ
ئىسلاھات، ئىشكنى ئېچىۋېتىش جەريانىدىكى قەھرىمانلىق ئىش - پائالىيەتلىرىنى يېزىشقا،
ئۇلارنىڭ كىشىگە ئىلھام بېرىدىغان، ئادەمنى ئالغا ئىنتىلدۈرىدىغان شانلىق ئوبرازىنى
يارىتىشقا قارشى تۇرىدۇ، پەقەت رېئاللىق، چىنلىقتىن ئايرىلغان ھالدا شەخسنىڭ ئىچ-
كى كەچۈرمىشلىرى، ھېس - تۇيغۇلىرى، خىياللىرىنى يېزىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇن-
داق يېزىش ئادەمنى پەقەت بىزارلىق، ئۈمىدسىزلىككە، روھى چۈشكۈنلۈككە ئېلىپ با-
رىدۇ، خالاس. «مەننى ئىپادىلەش» نىڭ تەسىرىدە «تارىم» دا مۇقامى تۆۋەنرەك، ئىج-
تىمائى ئۈنۈمى ياخشى بولمىغان بەزى ئەسەرلەر، مەسىلەن، كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئۈمىد،
زوق بېغىشلىيالمايدىغان، شەخسنىڭ قۇرۇق ھېسلىرى ئىپادىلەنگەن بەزىبىر پۈچەك مۇ-
ھەببەت لىرىكىلىرى، ئاپتورنىڭ زادى نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان
قىسمەن ئەسەرلەر بېسىلدى. ھەتتا بەزى ئاتالمىش «كاتتا ئەربابلار»نىڭ بۇرژۇئاچە ئەركىن-
لەشتۈرۈشنى تەرغىپ قىلىدىغان نۇتۇق، ماقالىلىرى كۆچۈرۈلۈپ، تەرجىمە قىلىپ بېسىلدى
ھەمدە ئايرىم كىشىلەر تەرىپىدىن ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈلدى. گەرچە بۇلار «تارىم»نى
چوڭ يۆنىلىشتىن تايدۇرالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈ-
چۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىشىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى. شۇڭا «تارىم» كەڭ ئەدەبى-
ياتچىلار ۋە مۇھەررىرلەرنى ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىنى، ماۋزېدۇڭ

ئەدەبىيات - سەنئەت ئىددىيىسىنى، يولداش دىڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە، ئۆزىنى ماركسىزم - لېنىنىزم بىلەن قوراللاندۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ زەھەرلىرى ۋە تەسىرىنى ئۈزۈل - كېسىل تازىلاشقا يېتەكلەيدۇ.

تازىلاش، بۇزۇش بولغانىكەن، مۇقەررەر سۈرەتتە تولدۇرۇش، تىكلەش بولىدۇ. «تارىم» بۇرژۇئاچە ئەكىنلەشتۈرۈشنىڭ زەھەرلىرى ۋە تەسىرلىرىنى تازىلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرىدۇ. كەڭ ئاپتورلارنى يېڭى دەۋرىمىزنىڭ روھى ئىپادىلەنگەن، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ قايناق تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن جەڭگىۋار ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. يولداش دىڭ شياۋپىڭ ناھايىتى بۇرۇنلا: «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئىگىلىك ياراتقۇچىلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي غايە ۋە ئىلمىي پوزىتسىيىگە، ئالىيجاناب خىسلەتكە ۋە ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە، كەڭ نەزەر دائىرىسىگە ۋە ئەمەلىيەتچىل روھقا ئىگە يېڭىچە قىياپىتىنى ئىپادىلەش كېرەك. بۇ يېڭى كىشىلەرنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق كەڭ ئاممىنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقىنى قوزغاش، ئۇلارنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت تارىخىي خاراكتېرلىق ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەنىدى. مانا بۇ بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى ۋەزىپىسى، «تارىم» سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان ئەسەرلەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ. سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى تەسۋىرلەش — نۆۋەتتە ھەر بىر ئەدىبنىڭ شەرەپلىك مەسئۇلىيىتى ۋە باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى، شۇنداقلا بۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ گۈللىنىشىدىكى مۇھىم ھالقا. شۇڭا «تارىم» كەڭ ئاپتورلارنى سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەر ئارىسىغا بېرىشقا — تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئاساسىي قاتلامغا بېرىشقا، ئەمەلىيەتكە، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى بايقاش، ئۇلار بىلەن ئىچقۇيۇن - تاشقۇيۇن بولۇش، ئۇلاردىن ئۆگىنىش، ئۇلارنى يېزىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسى تۇرمۇش، ئەدەبىياتچىلارنىڭ ئانىسى خەلق، ئەدەبىياتچى يازماقچى بولغان سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەر خەلق ئارىسىدا، بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا.

ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش — «تارىم» نىڭ نۆۋەتتىكى يەنە بىر مۇھىم ۋەزىپىسى. قىرىق يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، «تارىم» دىكى ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتى كۈندىن كۈنگە دېگۈدەك ئۆستى. ھەر بىر تارىخىي دەۋردە مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن خېلىلا پىشقان زور بىر تۈركۈم ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. ئەمما بۇ، خەلقىمىزنىڭ كۈندىن كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجى ۋە دەۋرنىڭ تەرەققىيات تەلىپىدىن تېخى خېلىلا يىراق. ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، تەڭشەش، ياخشىلاش بىلەن، قىسقىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خەلقى-

مىزنىڭ قايناق ھاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، كىشىگە ئىستېتىك زوق بېرىپ سۆيۈندۈرـ
دىغان، ئاممىنى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا، پارلاق ئىستىقبال يارىتىشقا ئىلھاملاندۇـ
رىدىغان رەڭگارەڭ ئەسەرلەر دېگەندەك كۆپ ئەمەس، «تارىم» بۇندىن كېيىن بۇ جەھەتـ
تە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ.

ھەممىگە ئايانكى، ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقى تۇرمۇش پاكىتلىرىنىڭ چىنلىقى ئەمەس،
بەلكى تۇرمۇش ماھىيىتىنىڭ چىنلىقى. بەدىئىي ئىجادىيەتمۇ يازغۇچىدىن تەبىئىي
ھالەتتىكى تۇرمۇشنى ئىجادىي ئەمگەك ئارقىلىق بەدىئىي چىنلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشنى،
تۇرمۇشقا نىسبەتەن تاللاش، مەركەزلەشتۈرۈش، ئومۇملاشتۇرۇش ۋە باھالاش ئېلىپ بېـ
رىپ، تۇرمۇشنى مەنبە قىلغان ھەم تۇرمۇشتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بەدىئىي ئەسەر يارىـ
تىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ماۋجۇشى تۇرمۇش بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەقـ
قىدە توختالغاندا: «ھەر ئىككىلىسى گۈزەل بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرـ
لىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش ئادەتتىكى ئەمەلىي تۇرمۇشقا قارىغاندا تېخىمۇ يۈكـ
سەك، تېخىمۇ يارقىن، تېخىمۇ يىغىنچاق، تېخىمۇ تىپىك، تېخىمۇ غايىۋى بولىدۇ ۋە
شۇنداق بولۇشى كېرەك» دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب ئەدەبىي ئەسەر تۇرـ
مۇش ماھىيىتىنىڭ چىنلىقىنى بىزگە ئوبرازلىق تۈردە روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا
«تارىم» ئاپتورلاردىن تۇرمۇشنى پىششىق ئۆگىنىپ، رېئاللىققا يۈزلىنىپ، تۇرمۇش پۇرىقى
قويۇق، چىنلىق تۇيغۇسى كۈچلۈك ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىشنى كۈتىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك
رايون. بۇ يەردىكى ھەر مىللەت خەلقى تارىختىن بۇيان شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، ۋەتەنـ
نىڭ بىرلىكىنى قوغداش يولىدا مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، تىلىدا داستان
بولغۇدەك شانلىق ئىش-ئىزلارنى ياراتقان. ئازادلىقتىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
خەلقى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە
قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا بولسۇن، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، تەكشەش، ياخشىلاش
جەريانىدا بولسۇن، قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلماقتا. مانا
بۇ، شىنجاڭدىكى رېئاللىق، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ماھىيەتلىك
چىنلىق، رېئاللىق ۋە ئاساسىي رىتىم. مۇشۇ رېئاللىق، مۇشۇ چىنلىق ۋە مۇشۇ ئاساسىي
رىتىم توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن ئەسەرنىڭ ياخشىلىقى، سۆيۈملۈكلىكىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن
ئەمەس. شۇڭا «تارىم» نىڭ ئاپتورلىرى تۇرمۇشقا چۆكۈش، تۇرمۇشنى ئۆگىنىش داۋامىدا
«مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان مەركىزىي ۋەزىپە»، «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىلـ
لەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، ھەممە مىلـ
لەت بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ»، «مىللەتلەر ئىناق - ئىتتىپاق بولغاندا سوتسىـ
يالىزم ئىشلىرى غەلىبە قازىنالايدۇ»، «بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەن بىرلىكىنى
قوغداش — ھەممىمىزنىڭ شەرەپلىك بۇرچى» دېگەن ھەقىقەتنى چوڭقۇر تونۇپ، بۇ رېئالـ
لىق ۋە ئاساسىي رىتىمنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ھەمىشە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

ئەسەرلەرنىڭ سۆيۈملۈكلۈكىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، «تارىم» ئۆز ئاپتورلىرىدىن نەزەرىيە

ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈشنى، كلاسسىكلارنىڭ، خەنزۇ ۋە چەت ئەل ئەدىبلىرىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى تەنقىدىي يوسۇندا ئۆگىنىپ بەدىئىي ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشنى، خەلقتىن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن، پېشقەدەملەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن تىل ئۆگىنىپ، ئەسەرلەرنىڭ تىلىغا ئالاھىدە ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ.

«تارىم» ئەدەبىياتنى گۈلەندۈرۈش، ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ساغلام ئەدەبىي تەنقىتنى پائال قانات يايدۇرىدۇ، نورمال ئەدەبىي تەنقىد — ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان قورالى. يولداش ماۋزېدۇڭ «ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى ئاساسىي كۈرەش شەكىللىرىنىڭ بىرى — ئەدەبىي تەنقىد» دېگەنىدى. ئۇلۇغ رۇس شائىرى پۇشكىنمۇ «قەيەردە سەنئەتكە مۇھەببەت بولمىسا، شۇ يەردە تەنقىد بولمايدۇ» دېگەنىدى. دېمەك، ئىجادىي روھنى ئۇرغىتىپ، ئىجادىيەتنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن توغرا ۋە نورمال ئەدەبىي تەنقىدنى قانات يايدۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر، ئەدەبىيات خۇددى بىر بۈركۈت، ئەدەبىي تەنقىد بولسا ئۇنىڭ بىر قانىتى. يوق بۈركۈت يەنە بىر قانىتى ھەرقانچە كۈچلۈك بولغان تەقدىردىمۇ بوران-چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بېرىپ، كەڭ سامادا جەۋلان قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئوبزورچىلىق ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئاجىز ھالقا بولۇپ كەلدى. ئەدەبىي ئوبزورچىلار قوشۇنىمۇ ئانچە زور ئەمەس. بىز بۇرۇن بۇ رېئاللىقنى ئېتراپ قىلغان، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرىمىز، دېگەن بولساقمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ جەھەتتە كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، خىرمەتلەرنى دېگەندەك ئۈنۈملۈك ئىشلەپ كېتەلمىدۇق. بىز بۇنىڭدىن كېيىن بىر قەدەر پىشقان ئوبزورچىلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىمىز. ئوبزورچىلارنىڭ ئاپتور ئەمگىكىنىڭ قىممىتىگە توغرا باھا بېرىدىغان، ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ ئىجتىمائىي رولى، ئەھمىيىتى، ئارتۇقچىلىق-كەمچىلىكلىرىنى سەممىي كۆرسىتىپ بېرىدىغان، خۇش پۇراق گۈللەرنى ئاسراشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئوبزورلارنى كۆپ يېزىشنى ئۈمىد قىلىمىز. ئوبزورلار قىسقا، ساز بولۇشى «تەنقىد ئۆتكۈر بولۇشى، ئەمما ئۇنىڭدا ئىلمىي تەھلىل ۋە قايىل قىلىش كۈچى بولۇشى لازىم.» تەنقىدچى ئالدى بىلەن ئەخلاقىي-پەزىلەتلىك ئادەم بولۇشى، تەنقىد يېزىشتىن بۇرۇن ئۆز ئوبيېكتىنى — تەنقىدلىمەكچى بولغان ئەسەرلەرنى ئوبدان چۈشىنىشى كېرەك. ئەدەبىي تەنقىدچى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ۋەزىپىسى زەھەرلىك چۆپلەرنى يۇلۇپ تاشلاشلا ئەمەس، بەلكى ئېسىل گۈللەرنى، ئېسىل گۈللەرنىڭ يۇمران بىخلىرىنى ئاسراش ئىكەنلىكىنى ئەستىن چىقارماسلىقى لازىم. ئەدەبىي تەنقىدتە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، توغرا ئىستىل، توغرا ئىلمىي پوزىتسىيىنى باشتىن ئاياغ جارى قىلدۇرۇپ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ساغلام، توغرا، نورمال راۋاجلىنىشىغا كېپىللىك قىلىشى كېرەك.

ئەدەبىياتنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، «تارىم»

خۇددى بۇرۇنقى يىللاردىكىگە ئوخشاشلا، ياش تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش، ئۇلارغا يار - يۆلەك بولۇش، ئۇلارنى تەربىيىلەش، ئۆستۈرۈش، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۈمىدلىك، غايىلىك، ئىقتىدارلىق، ئەخلاقلىق ۋارىسلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. چۈنكى ياشلارنىڭ رولىنى بىرچەتكە قايرىپ قويۇپ، ياش تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش، تەربىيىلەشنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئەدەبىياتنىڭ ئەتىسىدىن، گۈزەل كەلگۈسىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. بىزنىڭ پېشقەدەم ئەدىبلىرىمىز تارىختا مول تۆھپىلەرنى ياراتتى. ئۇلارنىڭ مول ئىجادىي مېۋىلىرى خەلقىمىزگە زور كۈچ ۋە ئىلھام بېغىشلىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىغا قارىماي، ئەدەبىياتنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ. مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ ئىزىنى باسىدىغان، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان مىڭلىغان ئىز باسارلار كېرەك. بۇنداق ئىزباسارلار ئاسماندىن چۈشمەيدۇ، ئۇلار بىزنىڭ ئارىمىزدا، ئېلىمىزنىڭ يېڭى‌باھارى يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باشلانغاندىن بۇيان زور بىر تۈركۈم ياش ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى ئەدەبىيات سەھنىسىگە چىقتى، ئۇلار مەزمۇن ۋە بەدىئىي تەرەپلەردىن كىشىنى خۇشال قىلارلىق ئەسەرلىرى بىلەن ئالقىش، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى تىنچ - ئىتتىپاق، مۇقىم بولغان، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراشتەك ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەشتە ياش ئەدىبلەر، ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. «تارىم» ياشلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى قىزغىن قوللايدۇ، ئۇلارغا سەمىمىي ياردەم قىلىدۇ. بۇندىن كېيىنكى سەھىپىلىرىدىمۇ ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ھەمدە ئەدەبىياتقا دائىر نەزەرىيىۋى ماقالىلار، مۇھاكىمىلەر، ئەدەبىي ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئېلان قىلىش، ئۇلارنى ئۆگىنىش، زىيارەت، ئېكسكۇرسىيىلەرگە ئەۋەتىش، سېمىنارىيە ئېچىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق تەربىيىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ نەزەرىيىۋى سەۋىيىسى، ئىجادىيەت ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئەدەبىياتنىڭ راۋاجىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، «تارىم» ژۇرنال باشقۇرۇش ئىستىلىنى داۋاملىق ياخشىلاپ، بارلىق ئاپتورلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتىنى، ژۇرنال سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىگە تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشىدۇ.

«تارىم» ۋە مەن

قۇربان ئىمىن

# «تارىم» غا تەشەككۇر

(«تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

«تارىم» ژۇرنىلى — سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قامۇسى، ئەدىبلەرنىڭ ئالىي مەكتىپى، بۇلبۇللارنىڭ گۈلزارى، ياشلارنىڭ مېھرىبان ئۇستازى، ئىتتىپاقلىق كۆۋرۈكى، خەلقنىڭ دوستى.

مەن «تارىم»نى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى ئۇ مېنى تەربىيىلىگەن مەكتەپ، يولۇمنى يورۇتقان مەشئەل. مەن «تارىم» نىڭ ھەقىقىي پەرۋانىسىمەن. ئۇ مېنى 40 يىل ئىچىدە كۈلدۈرسىمۇ، يىغلاتسىمۇ مەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىن نېرى كېتەلمىگەن. مەن بۇنداق ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، ئىنسانپەرۋەر قەدىردان دوستنىڭ مەڭگۈلۈك ئاشىقى تۇرسام، ئۇنىڭدىن قانداقمۇ ئايرىلالايتتىم؟!

مەن «تارىم»نى سۆيىمەن. ئۇنىڭ ھەر سانىنى قولۇمدىن چۈشۈرمەي يېپىپىدىن يىگىنىسىغىچە ئوقۇپ چىقىمەن، ئۇنىڭ ھەر بىر ماۋزۇسىدىن يېڭى - يېڭى ئىلھام، كۆڭلۈم قانغۇدەك روھىي ئوزۇق ئالىمەن. يەنە بىر يېڭى سانى مەتبەئەدىن چىققۇچە كۆزۈم تۆت.

مەن، ئىنتىزارلىق بىلەن كۆز تىككىنىغان «تارىم» ھازىر 40 ياشقا كىرىپ قالدى. «تارىم» دۇنياغا يېڭى كۆز ئاچقاندا، مەن 30 نەچچە ياشلاردىكى زەبەردەست بىر يىگىت ئىدىم. كۈچ - قۇۋۋىتىم ئۇرغۇپ تۇراتتى. «تارىم» ھازىر 40 باھار كۆرگەن قىران ياشلىق دەۋرىگە كىرگەن بولسا، مەن چاچ - ساقاللىرى ئاقارغان بىر بوۋايغا ئايلاندىم. ياشلىق خۇددى تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىن سۈيىدەك ئۆركەشلەپ ئېقىپ ئۆتۈپ كېتىدىكەن. سۇ كېتىدىكەن، ئىزى قالمايدىكەن. ئەمما «تارىم» نىڭ گۈلزارلىقى ئۇنداق ئەمەس. بۇلبۇللارنىڭ تۆھپىسى مەڭگۈ ئۆچمەس ئىز بولۇپ، ھەر يىلنىڭ پېشانىسىگە بېسىلغان تامغا، ھۆججەت بولۇپ ساقلىنىپ قالىدۇ.

«تارىم» ژۇرنىلى ئەدەبىيات خادىملىرىنىڭ ئىجادىيەت بۇلىقى بولۇپ، 40 يىل جەريانىدا كۆپلىگەن «ئاق يەر» لەرنى سۇغاردى، پېشقەدەملەرگە ھۆرمەت سەھىپىلىرىنى ئېچىپ بەردى، ياشلارغا ئۈمىد، ئىلھام نۇرلىرىنى سەپتى، يېڭى كۈچ، يېڭى شەيدالەرنى پائال كۆزىتىپ، قىزغىن قوللاپ تۇردى، قابىلىيەت ساھىبلىرىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ تۇردى. مەنمۇ «تارىم» نىڭ تەربىيىسى بىلەن پېشقەدەم شائىر بولۇپ قالدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن «تارىم» غا تەشەككۇر!

«تارىم» 40 يىللىق مۇساپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك باستى، كۆپلىگەن ياخشى ئىش-

لارنى قىلدى، ئاجايىپ نادىر ئەسەرلەرنى ئاممىغا تەقدىم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن «تارىم» خەلقىنىڭ چەكسىز ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن، تەسىرى چوڭ ژۇرنال بولۇپ تونۇلدى. ئۇنى خەلق ئۆز دوستى دەپ بىلىدۇ.

«تارىم» نىڭ قىرىق يىلى — باھارنىڭ بوران چاپقۇنى بولغاندەك ئۆتكەن قىرىق يىل. بۇ جەرياندا «تارىم» بوران - چاپقۇنغا ئۇچرىدى. توختىماي يەنە ئۆركەشلىدى، ھەر مىللەت خەلقىغە ئىتتىپاقلىق پەزىلەتلىرىنى سىڭدۈردى، سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن پىداكارانە خىزمەت قىلدى. «تارىم» غا كۆپ تەشەككۈر!

ئەرشىدىن تاتلىق

# ئۆركەشلە، «تارىم»

«تارىم» نىڭ نەشىر قىلىنغانلىقىغا ھايت - ھۇيت دېگۈچە 40 يىل بولۇپ قاپتۇ، ماڭا ئۇ تېخى دۇنياغا تۇنۇگۈنلا كۆز ئاچقاندەك تۇيۇلىدۇ. ۋاقىت دېگەن قانداق تېز ئۆتىدۇ - ھە؟!

«تارىم» دۇنياغا كەلگەندە ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەدەبىيات - سەنئەت غۇنچىلىرىنى پەرۋىش قىلىپ يېتىلدۈرۈپ ئېچىلدۇرىدىغان باشقا سەنئەت گۈلىستانى يوق ئىدى. كىشىلەر گۈزەللىككە ئىنتىلىدۇ، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. بىزنىڭ خەلقىمىز سەنئەت خۇمارى، بولۇپمۇ بەدىئىي ئەدەبىياتنى ياخشى كۆرمەيدىغان، ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىپ روھى ئوزۇق، ئۆرنەك، ئىبرەت ئالمايدىغان كىشى بىزنىڭ ئارىمىزدا بولمىسا كېرەك.

كونىلار: ئادەم 40 ياشقا كىرگەندە ھەر جەھەتتىن توشىدۇ، ئۇنىڭ ئەقلىمۇ كامالەتكە يېتىدۇ، دېيىشىدىغان. «تارىم» ژۇرنىلى ئۆزىدىكى گۆدەكلىك، بالىلىق، شەكىلۋازلىق ئۇقۇملاشتۇرۇش ئىللەتلىرىنى پەيدىنپەي تۈگىتىپ، ئۆز ئەتراپىدىكى قەلەم ئىگىلىرى بىلەن بىللە نەۋقىرانلىققا قاراپ قەدىمىنى يۆتكىدى. ئۇ بۈگۈنكى قىرانلىق دەۋرىگە ئاسانلىقچە ۋە تۈپتۈز يول بىلەن يېتىپ كەلگىنى يوق.

بىر چاغلاردا ئۇنىڭ ھەر سانىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئاز ساندىكى پېشقەدەم، بىرقەدەر يول تېپىپ چىققان ياش، ئوتتۇرا ياشلىق قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئىگىلىگەندىن تاشقىرى قالغان بىر قىسمىنى خەنزۇچىدىن ۋە دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ ئىلغار نەمۇنىلىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر ئالاتتى، چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئىلھام ۋە ماھارەت ھەققىدىكى تەجرىبىلىرى تونۇشتۇرۇلغان، نەزەرىيەۋى سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى ئىجادىي ماقالىلەرمۇ بېرىلەتتى. بۇنىڭدا يەرلىك قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ماھا-

رىتنى يېتىلدۈرۈش، كەڭ كىتابخانلارنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتقا بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش نىشان قىلىناتتى.

ئەينى چاغلاردا يەرلىك ياش قەلەم ئىگىلىرىنىڭ بەدىئىي ئەدەبىيات ئۆلچىمىگە لايىق ئەسەرلىرى كەمچىل ئىدى، يېزىلغان ئەسەرلەرمۇ كەڭ كىتابخانلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشتىن يىراق ئىدى. شېئىرىيەتنىڭ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئاساسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا شوئارۋازلىق كېسىلى يوققان ئىدى، نەسرىي ئەسەر، دراما، بالىلار ئەدەبىياتى ۋە قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ياخشى مەسلىھەتچىسى، دوستى بولغان ھەقىقىي ئەدەبىي تەنقىدتىن گەپ ئېچىش تەس ئىدى، دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەر ۋە مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەلگەن ياكى يۈكسەلمىگەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئاساسىي تارازا نەسرىي ئەسەر ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆز بار بولغاندا، بىز مۇھەررىرلەرنى خىجىللىق باساتتى، بۇ ئىشتا بىزنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىمىز بارلىقىنى روشەن ھېس قىلاتتۇق.

1955 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلى 1 - قېتىم ھېكايە ئىجادىيىتى مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى، بۇ ئىش شۇ چاغلاردا ھېكايە يېزىشقا ئىنتىلىۋاتقان ھەۋەسكارلار ئۈچۈن زور ئىلھام ۋە مەدەت بولغانىدى، شۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن «تارىم» ژۇرنىلى بىر قىسىم قەلەم ئىگىلىرىنى ئىجادىيەت كوماندىروپكىسىغا ماڭدۇردى، شۇنداق قىلىپ «تارىم»دا ئۆزىمىزنىڭ ھېكايە، ئوچېركلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى، كېيىنكى كۈنلەردە «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ بەتلىرىدە پوۋېست، دراما، بالىلار ئەدەبىياتى ۋە ئەدەبىي تەنقىدمۇ پەيدا بولدى.

ھازىر ئۇنىڭ ھەر سانىدا ھەر خىل سەھىپىلەر، ھەر خىل ژانىرلار خۇددى يىپقا تىزغان ئۈنچىدەك جۇلالىنىپ تۇرۇپتۇ، بۇ ئاشۇ 40 يىللىق جاپالىق مۇساپىنىڭ شانلىق نەتىجىسى ئەمەسمۇ؟!

1962 - يىلى «تارىم»نىڭ ئەتراپىدىكى يەرلىك قەلەم ئىگىلىرىنىڭ سانى 80 نەچچە كىشىگە يېتەتتى، ھازىر بولسا، ئىككى مىڭ نەچچە يۈز كىشىگە يېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە «تارىم» ژۇرنىلىدىكى نامسىز قەھرىمان - مۇھەررىرلەرنىڭ سەممىي ياردىمىگە ئېرىشمىگەنلىرى، ئۇلاردىن مەنىۋى مەدەت ئالمىغانلىرى يوق. بىز بۇ يەردە مەرھۇم يازغۇچى، دراماتورگ زۇنۇن قادىرنىڭ «بىزنىڭ مۇنبىرىمىز» دېگەن ماقالىسىدىكى «بىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئەدەبىيات مۇنبىرىمىز بولغان ‹تارىم› ژۇرنىلىنىڭ ماڭا بولغان سەممىي ياردىمىنى ئەسكە ئالماي قالمايمەن» دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ ئۆتسەك يامان بولماس.

ھازىر «تارىم» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ 40 يىللىق شانلىق مۇساپىسىنى خاتىرىلىمەكتە. بۇ 40 يىل ئىچىدە «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ھازىرقى سەۋىيىگە يېتىشى ئۈچۈن ئىزدىنىپ تەر تۆككەن، ئەمما ئۆزى ھازىر ئارىمىزدا يوق بەزى مۇھەررىر يولداشلارنى، قەلەم ئىگىلىرىنى چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن ئەسلەيمەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ ئارمانلىرى ئىشقا ئاشقان، ئەمگىكى چېچەكلەپ مېۋە بەرگەن بۈگۈنكى كۈندە بىز بىلەن بىللە «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلىگەن بولسا، ئۇنىڭ ئۇتۇقلىرىغا تەنتەنە قىل-

ھان بولسا، بەكمۇ ئوبدان بولاتتى!

دولقۇنلار يېرىپ ئۆركەشلە، «تارىم»! سېنىڭ غۇنچە-پۈرەكلەرگە تولۇۋاتقان بوستانلىرىڭ گۈللەپ ياشنىسۇن. شوخ ناۋالىق بۇلبۇللىرىڭ گۈل-غۇنچىلەر شېخىدا بەس-بەس بىلەن تىنىماي سايرىسۇن، بۇلبۇللىرىڭنىڭ ناۋاسىدىن سەنئەت خۇمار خەلقىمىزنىڭ كۆڭلى يايرىسۇن!

رەھمىتۇللا جارى

# قىرىق يېشىڭغا مۇبارەك بولسۇن

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ قىرىق يىللىقىنى قۇتلۇقلاش يۈزىسىدىن تويى مەرىكىسى ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق كۆرۈلۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە مەن 50 - يىللارنىڭ دەسلەپكى جۇشقۇنلۇق يىللىرىدىلا بۇ ژۇرنالنىڭ گۈلزارلىقىغا گۈل قايچىسى تۇتۇپ ئىشقا كەلگەنلىكىمنى، ئۇندىن كېيىن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى بولغانلىقىمنى ئەسلەپ شادلىققا چۆمدۈم، يۈرىكىمدە بىردىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى دولقۇنلىدى.

«تارىم» ژۇرنىلى قىرىق يىللىق جەڭگىۋار مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى، قىرىق يىل — بىر نەۋقىران يىگىتنىڭ يېشى. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ژۇرنىلىمىزمۇ ھازىر كىچىككە تولغان نەۋقىران سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ كەلمەكتە.

ژۇرنىلىمىزنىڭ تەقدىرى ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەقدىرى بىلەن چىڭ باغلانغان، مەلۇمكى، ئۆزىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تەرەققىياتى جەريانىدا جاھان ئېتىراپ قىلغان بۈيۈك سىيمالارنى يېتىشتۈرگەن ۋە ئالەمشۇمۇل ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئارقىلىق جاھان مەدەنىيىتى خەزىنىسىگە زور ئۈلۈش قوشقان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىز يېقىنقى ئەسىرلەرگىچە يۇرتىمىزدا مەتبەئەچىلىك ئىشلىرىنىڭ قالاق ھالەتتە قالغانلىقى تۈپەيلى مىخ مەتبەئەدە بىرەر قەرەللىك ئەدەبىي ژۇرنال ياكى بىرەر ئەدەبىي ئەسەرنى يورۇققا چىقىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغانىدى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىز ئۇزۇن تارىخقا ئىگە باي كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ داۋامى بولۇپ، پەقەت 30 - يىللاردىلا شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتە زامانىۋىلىككە قەدەم قويغان بولسىمۇ، تاكى ئازادلىققا قەدەر گۆدەكلىك دەۋرىدە ياشاپ كەلگەنىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىز ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي-مائارىپ ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى باشقا مۇھىم ئىشلار بىلەن بىر قاتاردا تۇتۇپ، بۇ ھەقتە مۇھىم چارە-تەدبىر ۋە فاڭجېن-سىياسەتلەرنى بەلگىلەپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنى يېڭى تەرەققىيات يولىغا باشلىدى. نەتىجىدە «تارىم» ژۇر-

لىلى (دەسلەپتە «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» دەپ ئاتالغان) يېڭى ئەدەبىياتىمىز باھارىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ مۇئەتتەر گۈلزارىنى خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى سەيلىگاھى قىلىپ ئاچتى.

«تارىم» ژۇرنىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا تۇنجى قېتىم مەيدانغا كەلگەن بىردىنبىر چوڭ ئەدەبىي ژۇرنالدۇر. بۇ ژۇرنال بىر تەرەپتىن، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ئوزۇققا بولغان تەلەپ ئېھتىياجىنى قاندۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلدى. شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ تۈرلۈك ژانىرلار بويىچە يۈكسىلىپ، يېڭى پەللىگە ئۆرلىشى ژۇرنىلىمىزنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. بۇ خىل مۇناسىۋەت مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىككى، ژۇرنىلىمىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ راۋاجى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش جەريانىدا ئىجادىيەت سېپىگە ئۆزلۈكسىز قوشۇلۇۋاتقان ياش قەلەم ئەھلىلىرىنىڭ ئىككىنچى مەكتىپى بولۇپ كەلدى. چۈنكى بۇ ئىجادكارلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەردە ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىن دەرس ئالغان بولسا، ئىجادىيەتكە كىرىشكەندىن كېيىن ئۆز ئەسەرلىرىنى گېزىت - ژۇرناللارغا ئەۋەتىش ئارقىلىق يېزىقچىلىق ماھارىتىنى يېتىلدۈرگەن. تەھرىر بۆلۈمىگە كېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانلىرى مۇھەررىرلىرىمىزدىن مەسلىھەت، كونسۇلتاتسىيە ئېلىپ قايتقان. ھازىرقى ۋاقىتتا ئەدەبىيات - سەنئەت، نەشرىيات ۋە تەشۋىقات سېپىنىڭ مۇھىم ئورۇنلىرىدا ئىشلەۋاتقان ئىجادكارلىرىمىزنىڭ تولىسى شۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتكەن دېسەك خاتا بولماس. شۇڭا تەھرىر بۆلۈمىدىكى خادىملىرىمىزنىڭ، پېشقەدەم مۇھەررىرلىرىمىزنىڭ ئەجىر - ئەمەگەكلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ.

مەن ژۇرنالدا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئىشلىدىم. شۇ جەريانىدا كۆپ نەرسە ئۆگەندىم. ياش كۆچلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى تەھرىرلەش، ئارتۇق جايلىرىنى قايچا بىلەن قىرقىش جەريانىدا ئۆزۈمنىڭ ئەسەرلىرىگىمۇ قاتتىق قول بولۇشقا ئادەتلەنگەنمەن.

يېڭىدىن يېزىشقا كىرىشكەن ھەۋەسكارلارنىڭ تەھرىر بۆلۈمىگە ئەۋەتكەن تۈرلۈك - تۈمەن شېئىرلىرى توغرىسىدا سۆز ئېچىپ، گەپنى ئۇزارتمايمەن. ئۆز ۋاقتىدا مۇھەررىرلىرىمىز ئاچ قاپىقىنى توق قاپىقىغا ئايلاندۇرۇش، ئۇراق، رېتىم، ۋەزىنلەرنى توغرىلاش بىلەنلا بولۇپ كەتمەي، ئاساسىي دىققەت - ئېتىبارىنى شېئىرىي تىل، شېئىرىي پىكىرنى ئوبرازلىق ئىپادىلەش، سۆزنى توغرا ئىشلىتىش، مەنتىقسىزلىققا يول قويماسلىق قاتارلىق جەھەتلەرگە قارىتىشنى مۇھىم بۇرچ دەپ بىلەتتى. كېيىنكى چاغلاردا شۇ ھەۋەسكارلارنىڭ ئىچىدىن قەلىمى پىشقان، يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى شەكىللەنگەن تالانتلىق ياش ئاپتورلىرىمىز كۆپلەپ يېتىشىپ چىقىشقا باشلىدى. بىز بۇنىڭدىن سۆيۈندۇق. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە نۇقسان كۆرۈلمىسىلا، قەلەم تەگكۈزمەسلىككە تىرىشتۇق. ھازىرمۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ.

كېيىنكى يىللاردا ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىمىزنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغانلىقىنى، ئاپتورلار قوشۇنىمىزنىڭ بىقىياس زورايغانلىقىنى، يۇقىرى سەۋىيىلىك يىرىك

ئەسەرلەرنىڭ ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا كېلىۋاتقانلىقىنى ئويلىغىنىمىزدا، ژۇرنىلىمىزنىڭ ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسىنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماي تۇرالمايمىز. ژۇرنىلىمىز تېخىمۇ ئۆسسۇن، ئۇنىڭ خىزمىتى تېخىمۇ رۇناق تاپسۇن. «تارىم» نىڭ قىرىق يىللىق تويىغا مۇبارەك!

مۇھەممەتجان سادىق

# ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى يېڭى باھار

مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ھازىر ئىزدىنىش، ئۆرلەش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرمەكتە. مېنىڭ بۇنداق دېيىشىم، ئەلۋەتتە، ئاساسسىز ئەمەس.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۆزىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا بىرقانچە قېتىم بۆسۈش خاراكتېرلىك يۈكسىلىش باسقۇچىنى بېشىدىن كەچۈردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر باشلىغان يېڭى ئېقىم، لۇتپۇللا مۇتەللىپ باشلىغان يېڭى ئېقىم، تېيىپجان ئېلىيېۋ باشلىغان يېڭى ئېقىملار بۇنىڭ روشەن دەلىلى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئازادلىقتىن كېيىن يېڭى بىر دەۋرگە قەدەم قويۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك يېڭىلاندى، شەكىل جەھەتتىنمۇ زور ئىلگىرىلىدى، بىراق كېيىنكى چاغلاردىكى «سول» ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ كاساپىتى بىلەن شوئارۋازلىق، قېلىپبازلىق قاتارلىقلار ئەۋج ئېلىپ، شېئىر ئۆزىنىڭ تۈپ خۇسۇسىيەتلىرىدىن يىراقلىشىشقا باشلىدى. نەتىجىدە كىتابخانلارمۇ، نەشرىياتلارمۇ شېئىرلاردىن قاچىدىغان «شېئىر كاساتچىلىقى» كېلىپ چىقتى. بۇنداق بۇرۇقتۇم، تۇرغۇن، زېرىكەرلىك ھالەت تەبىئىي بىر خىل ئەسەبىي، يېڭى گۈلدۈرمامىنى كەلتۈرۈپ چىقارماي قويمايتتى. ئاخىرى بۇ ئەسەبىي، لېكىن يېڭى ئۈمىد بېغىشلىغان چۇقان كۆتۈرۈلدى. «تارىم» ژۇرنىلى بۇ ئەسەبىي، يېڭى چۇقاننى دادىللىق بىلەن قوللىدى.

«تارىم» ژۇرنىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە يېتەكچىلىك قىلىدىغان، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ گۈللىرىنى كۆرەك قىلىدىغان سەھنە، شۇنداق بولغانلىقتىن، «تارىم» ژۇرنىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى توغرا ئىگىلەپ، يېڭى شەيئىلەرنى كۆرۈپ، ۋاقتىدا قوللاشقا ماھىر بولۇشى زۆرۈر ئىدى. بۇرۇقتۇم، زېرىكەرلىك ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئەسەبىي، يېڭى چۇقان كۆتۈرۈلگەندە، «تارىم» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ تارىخىي جاۋابكارلىقىنى توغرا تونۇپ، بۇ ئەسەبىي، يېڭى چۇقاننى قوللاپ توغرا قىلدى، ھەر خىل گەپ-سۆز ۋە نارازىلىقلارغا قارىماي، بۇ يېڭى شېئىرلارغا ئۆز سەھىپىسىدىن ئورۇن بەردى. ھەر خىل شەكىلدىكى مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرە يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇردى، كۆز قاراشلىرى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى ۋە باشقىلار. بۇ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە ھەقىقەتەن جاۋابكار بولغانلىقىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىپادىسى. كۆرۈۋاتىمىزكى، نەتىجىدە «شېئىر كاساتچىلىقى» دىن ئىبارەت تۇرغۇن، زېرىكەرلىك ھالەت بۇزۇلۇپ تاشلاندى، كىتابخانىلار قايتىدىن شېئىرغا قىزىقىدىغان، شېئىرلار ئۈستىدە مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرە قىلىدىغان ياخشى بىر كەيپىيات بارلىققا كېلىشكە باشلىدى.

ھازىرمۇ يېڭى شېئىرلارغا ئۆز سەھىپىسىدىن كۆپلەپ ئورۇن بېرىۋاتقان «تارىم» ژۇرنىلىغا پىكىر قىلىۋاتقان يولداشلارغا شۇ گەپنى يەنە بىر قېتىم ئېنىق دېگۈم كېلىدۇكى: «تارىم» ژۇرنىلى يېڭى شېئىرلارنى قوللاپ توغرا قىلدى! ئۇنىڭ توغرا قىلغانلىقى شۇ يەردىكى، شوئارۋازلىق، قېلىپبازلىق ئەۋج ئالغان، ئاددىي سەۋەب-نەتىجە ياكى ئۆز پىكرىنى ئوچۇق-ئاشكارا ئىپادىلەيدىغان يالىڭاچلىق يامراپ كەتكەن، زېرىكىشلىك. بۇرۇقتۇم، تۇرغۇن ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى غۇلغۇلا ئىچىگە باشلىدى، چىقىش يولى تېپىشقا يېتەكلىدى. نەتىجىدە بۈگۈن ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئىزدىنىش، ئۆرلەشتىن ئىبارەت يېڭى بىر تەرەققىياتقا يۈزلەندى.

مەن يۇقىرىدا دېگەن ئەسەبىي، يېڭى چىققان ياكى يېڭى شېئىرلار گۈڭگا شېئىرلاردىن ئىبارەت. بۇ شېئىرلار قانداقتۇ بىر تاسادىپىيلىقنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، بەلكى ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەبىئىي تەرەققىياتى. بۇ شېئىرلارنىڭ مەيدانغا كېلىش جەريانىنى ئەسلىسەك، مېنىڭ بۇ كۆز قارىشىمنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغان «سول» ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ كاساپىتى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بىر مەزگىل قېلىپلاشقان، تۇرغۇن ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. شېئىر ئادەتتىكى، ھەممە ئادەم تىزالايدىغان سۆزلەرنىڭ ئۆلچەملىك تىزمىسىغا ئايلىنىپ، كىتابخانلارنى زېرىكتۈرۈپ قويدى. شائىرلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ماھارەت، ئەقىل ئىشلىتىش ئادەتتىكى ئادەملەر سەۋىيىسىگە چۈشۈپ قالدى. نەتىجىدە شېئىر يازىدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى. نەشرىياتلارمۇ ئويلانمايلا ھەدەپ شېئىر توپلاملىرىنى چىقارغىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن «شېئىر كاساتچىلىقى» كېلىپ چىقتى. بۇنداق ئەھۋالدا، بىر قىسىم شائىرلار دەررۇ شېئىر يېزىشنى تاشلاپ، پىروزا بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى.

بۇ يەردە شۇنى ئېيتىش زۆرۈركى، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ شېئىردىن ئىبارەت بۇ تۈرى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالمىدى. ئۇيغۇر خەلقى ئەزەلدىن شېئىر ئوقۇشقا ئامراق خەلق. ھېلىمۇ كلاسسىكلىرىمىزنىڭ، شۇنداقلا ھازىرقى زامان ۋە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ياخشى نەمۇنىلەر خەلق تەرىپىدىن سۆيۈپ ئوقۇلماقتا. يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، شېئىر سەۋىيىسىگە يەتمىگەن، ئادەتتىكى سۆزلەرنىڭ تىزمىلىرى «شېئىر كاساتچىلىقى» نى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كىشىلەرنى بىزار قىلدى.

بۇ يەردە يەنە شۇنى ئېيتىش زۆرۈركى، «سول» ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ كاساپىتى بىلەن «شېئىر كاساتچىلىقى» كېلىپ چىققان مەزگىللەردە، ياخشى شېئىرلار يېزىلمىدى، دېيىش ئەلۋەتتە توغرا ئەمەس. كۆپلىگەن ياخشى شېئىرلارمۇ مەيدانغا كەلدى.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بۇرۇقتۇم، زېرىكىشلىك، تۇرغۇن، بېكىنمە ھالەت كېلىپ چىققان مەزگىللەردە ماددىي ۋە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكىدەك ھالەت مەۋجۇت ئىدى. پارتىيىمىزنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئەقىل بۇلاقلىرىنى ئاچىدىغان، روھنى ئۇرغۇتىدىغان بۇ باھار شامىلى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە، جۈملىدىن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە زور تەسىر كۆرسەتتى. يېڭى، قاينام - تاشقىنلىق ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، ئىلگىرىلەش تېز بولدى.

ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىمۇ يېڭى بىر جانلىنىش كەيپىياتى بارلىققا كەلدى. بىر قىسىم شائىرلار چەتئەللەرگە چىقىپ، چەتئەللەرنىڭ شېئىرلىرى بىلەن تونۇشتى. بىر قىسىم ياشلار چەتئەللەرگە چىقىپ ئوقۇپ، چەتئەللەرنىڭ شېئىرلىرىنى ئۆگەندى. چەتئەللەرنىڭ شېئىرلىرى، ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدىكى ماقالىلىرى تەرجىمە قىلىنىپ، گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى يەنە گۈللىنىشكە باشلىدى. ھەر خىل ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئېچىلدى. نەتىجىدە ئالدى بىلەن ياشلار ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى تۇرغۇن، بېكىنمە ھالەتنى سېزىپ، ئۇنى ئۆزگەرتىش ئويىغا چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن چەتئەللەرنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان، شېئىرى ئىجادىيەتكە مۇھەببەت باغلىغان بىر تۈركۈم ياشلار يېڭى شېئىرلارنى— گۇڭگا شېئىرلارنى يېزىشقا باشلىدى ۋە ئېلان قىلدى.

بۇ ئەمەلىيەت جەريانى يېڭى شېئىرلار ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دەۋرىدىكى تەبىئىي تەرەققىياتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مەن گۇڭگا شېئىرلار ھەققىدىكى كۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن بۇرۇن شېئىر دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى قايسىلار؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمەن.

شېئىر «ئاھ، جېنىم ۋەتىنىم»، «ئاھ، سۆيۈملۈك خەلقىم» دەيدىغان، ھەممە ئادەم، ھەتتا كىچىك باللارمۇ ئېيتالايدىغان، ئادەتتىكى سۆزلەرنىڭ تىزمىسى ئەمەس. شېئىر، مېنىڭچە، چوڭ جەھەتتىن ئالغاندا، شېئىرىي پىكىر، شېئىرىي ئوبراز، شېئىرىي ھېسسىيات ۋە شېئىرىي تىلدىن ئىبارەت تۆت ئامىلدىن بارلىققا كېلىدۇ. شېئىرىي پىكىر شېئىرنىڭ جېنى، شېئىرىي ئوبراز— شېئىرىي پىكىرنىڭ گەۋدىسى (سۈرىتى)، شېئىرىي ھېسسىيات شېئىرىي گەۋدىنىڭ (ئوبرازنىڭ)، بېلىنسكى ئېيتقاندەك، قېنى. شېئىرىي تىل — شېئىرىي پىكىر، شېئىرىي ئوبراز ۋە شېئىرىي ھېسسىياتنى جانلىق، تەسىرلىك ۋە گۈزەل ئىپادىلەيدىغان قۇرۇلۇش ماتېرىيالى. بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ، جۈملىدىن شېئىرنىڭ ۋەزىپىسى كىتابخانغا نېمە قىلىش، نېمە قىلماسلىقنى ئوچۇق - ئاشكارا ئېيتىپ بېرىش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى تەسىرلەندۈرۈش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇنداق ئىكەن، شېئىردا ئالغا سۈرۈلگەن پىكىر كىتابخانغا ئوچۇق - ئاشكارا ئېيتىپ بېرىلمەسلىكى، ئوبراز ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولۇشى لازىم. مەرھۇم شائىر ئابدۇكېرىم خوجايوپ ئېيتقاندەك «ئويلىنىشقا قانچىلىك بەرداشلىق بېرەلىگەن شېئىر» ئەڭ ياخشى شېئىر؛ ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان

مەسىلىلەرنى كىتابخاننىڭ ئويلىنىشىغا، ئىزدىنىشىگە، چۈشىنىشىگە قالدۇرىدىغان شېئىر — ئەڭ ياخشى شېئىر؛ قىسقىسى، كىتابخاننى ئويلىنىشقا سالىدىغان شېئىر ئەڭ ياخشى شېئىر بولىدۇ.

شېئىردىكى پىكىر — ئوبرازدىن سىقىپ ئېلىنىدىغان پىكىر، شۇڭا شېئىردىكى ئوبراز ئۇنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋېتىشى كېرەك. شېئىر ئوبيېكتىپ دۇنيادىن تەسىرلەنگەن سۇبيېكتىپ دۇنيانىڭ مەھسۇلى. بۇ رېئال دۇنياغا ھېسسىياتنى چاپلاش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ھېسسىياتنى سىڭدۈرۈۋېتىش كېرەك دېگەنلىك. شۇنىڭدەك رېئال دۇنيانى سۆزلەپ ئۇنىڭغا ھېسسىيات (پوزىتسىيە) بىلدۈرۈش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى رېئال دۇنياغا ھېسسىياتنى سىڭدۈرۈۋېتىش كېرەك دېگەنلىك. شائىر شامالغا، گۈلگە، يوپۇرماققا ھېسسىيات بىلدۈرمەستىن، بەلكى ئۆزى شامالغا، گۈلگە، يوپۇرماققا ئايلىنىپ كېتىشى كېرەك. ئەگەر شائىر رېئاللىققا ھېسسىيات (پوزىتسىيە) بىلدۈرۈش ھالىتىدە تۇرۇپ شېئىر يازسا، نەسىھەتچىگە، ئۇستازغا، مەسلىھەتچىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ياخشى ئەمەس. بىزنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرىمىز دەل مۇشۇ نۇقساندىن خالى بولالماي كېلىۋاتىدۇ. نەتىجىدە بۇنداق شېئىرلار ھېسسىياتنى رېئاللىققا سىڭدۈرۈۋېتەلمەيلا قالماي، شېئىردىكى پىكىرنىمۇ تۈز سىزىق بىلەن ئوچۇق-ئاشكارا، قۇرۇق ئوتتۇرىغا قويۇپ، كىتابخانلارنى تەييار، چاينىۋېتىلگەن تاماققا ئىگە قىلىۋاتىدۇ.

بەدىئىي ئىجادىيەت تىل سەنئىتى. جۈملىدىن شېئىرمۇ تىل سەنئىتى. شېئىردىكى پىكىر، شېئىردىكى ئوبراز، شېئىردىكى ھېسسىيات تىل ئارقىلىقلا كونكرېتلىشالايدۇ. تىل ماتېرىيالىنىڭ قانداق بولۇشى ئەلۋەتتە شېئىرنىڭ قانداق بولۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە، تىل قانچىلىك رەڭدار، قانچىلىك پەردازلىق بولسا، شۇنچىلىك ياخشى بولىدۇ، دېگەن قاراش توغرا ئەمەس. مۇھىمى شېئىردىكى پىكىر، شېئىردىكى ئوبراز ۋە شېئىردىكى ھېسسىياتنى ئەڭ توغرا، ئەڭ جايىدا ئىپادىلەپ بەرگەن تىل ئەڭ ياخشى تىلدۇر. كۆپ سۆزلەش سۆزگە گادايلىقنىڭ، ئاز سۆزلەش سۆزگە بايلىقنىڭ ئىپادىسى. شېئىر — ئەڭ قىسقا بەدىئىي شەكىل، شۇنداق بولغانلىقتىن، ئاز سۆزلەش، ساز سۆزلەش، كۆپ مەنە بىلدۈرۈش — شېئىردىكى تىلنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئېيتىش زۆرۈركى، مېنىڭ قارىشىمچە، شېئىردىكى پىكىر، شېئىردىكى ئوبراز ۋە شېئىردىكى ھېسسىياتنى ئەڭ توغرا، ئەڭ جايىدا ئىپادىلەپ بېرىشتە، شائىر بىرىنچىدىن، ئۆزى يېزىۋاتقان شەيئىنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە ئېنىق، توغرا تونۇشى، ئىككىنچىدىن، تىلغا باي بولۇشى لازىم.

مەن يۇقىرىدا شېئىرنى مەيدانغا كەلتۈرىدىغان تۆت ئامىلنىڭ مۇناسىۋەتلىك جايلىرىنىلا سۆزلىدىم. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئامىللارغا چىنلىق، تىپىكلىك، ئىجادىيلىق (شائىرنىڭ ئۆزىگە خاسلىقى) قاتارلىق تەلەپلەرمۇ قويۇلىدۇ.

قاراڭغۇدا قارىياغاچ، شىلدىرلىسا يوپۇرماق،
مېنىڭ سىردىشىم. تۆكۈلەر يېشىم.

ئادەتتىكى، چۈشىنىشلىك، پەردازسىز سەككىز سۆزدىن تۈزۈلگەن بۇ قوشاقتا يۇقىرىدا مەن شەرھلىگەن تۆت خىل شېئىردىكى خۇسۇسىيەت تولۇق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

قاراڭغۇ كېچە، قارىياغاچ تېگىدە «مەن» تۇرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ قارىياغاچ تېگىدە تۇنجى قېتىم تۇرۇشى ئەمەس. ئۇ بۇ يەردە تالاي قېتىم تۇرغان، قارىياغاچ بىلەن مۇڭداشقان، ئۇنىڭغا سىرلىرىنى، قايغۇ-ھەسرەتلىرىنى سۆزلىگەن. ھايات ۋە زامان تەرىپىدىن يەكلەنگەن بۇ پاناسىز غېرىپ-مۇساپىرنىڭ ئاشۇ قارىياغاچ بىلەن مۇناسىۋەتلىك سەرگۈزەشتىلىرى بارلىقى ئېنىق. بەلكىم ئۇنىڭ قەدىردان بىر ئادىمى ياكى سۆيگىنى شۇ قارىياغاچتا ئېسىلىپ ئۆلگەندۇ؟ يوپۇرماقلار شىلدىرلاپ، شۇ ھەسرەتلىك خاتىرىلەرنى ئۇنىڭ يادىغا سالماقتا، شۇڭا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ ياش تۆكۈلمەكتە...

مانا بۇ سۆز بىلەن سىزىلغان ئاجايىپ گۈزەل سۈرەت! مانا بۇ شېئىرىي ئوبراز! بۇ يەردە ئوبراز بىلەن ھېسسىيات گۆش بىلەن قاندەك بىر-بىرىگە سىڭىپ كەتكەن، قاراڭا بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا، قاراڭغۇ كېچىدە، يوپۇرماقلىرى شىلدىرلاۋاتقان قارىياغاچ تېگىدە، ھەسرەتلىك خاتىرىلەرنى ئەسلەپ ئۆپكە-ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلاۋاتقان، پۈتۈن ۋۇجۇدى ۋە يىغىسىدىن قايغۇ-ھەسرەت يامراۋاتقان غېرىپ-مۇساپىر تۇرىدۇ. بۇ شېئىردىكى ئوبرازنىڭ تەبىئىيلىكى، چىنلىقى كىشىنى قايىل قىلىدۇ. كونا جەمئىيەتتە بۇنداق غېرىپ-مۇساپىرلار ئازمىدى؟ ئۇ مەيلى ئوبراز نۇقتىسىدىن ئالغاندا بولسۇن، مەيلى ھېسسىيات نۇقتىسىدىن ئالغاندا بولسۇن، پۈتۈنلەي تېپىك. سۆزلەر توغرا ھەم جايىدا ئىشلىتىلگەن، بىرمۇ ئارتۇق سۆز يوق، بىر سۆزنى ئېلىۋەتسىڭىز، شېئىرنىڭ تۈزۈلۈشىگە ۋە مەنىسىگە تەسىر يېتىدۇ. بۇ شېئىرىي ئوبراز ئارقىلىق ئالغا سۈرۈلگەن شېئىرىي پىكىرمۇ ئوچۇق.

دېمەك، شېئىر چىرايلىق سۆزلەرنى مىسرالارغا تىزىپ قويۇش ياكى يالىڭاچ، قۇرۇق پىكىرلەرنىڭ بىر ئەندىزىگە سېلىنىشى ئەمەس. بەلكى گۈزەل، جانلىق، تەسىرلىك شېئىرىي ئوبراز يارىتىلغان، شېئىرىي ھېسسىياتقا باي، شېئىرىي پىكىرنىڭ سۆز بىلەن سىزىلغان سۈرىتىدىن ئىبارەت.

لىرىك شېئىرلاردىمۇ شېئىرىي ئوبراز بولىدۇ ۋە بولۇشى كېرەك. لىرىك شېئىرلار شائىرنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشى بولۇپ، ئۇ بىرەر ئوبيېكتىپ ۋەقەلىكنىڭ تەسىراتىدىن ئىبارەت. بۇ خىل تەسىرات بىزنىڭ كۆپلىگەن «شېئىر» لىرىمىزدا قۇرۇق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە، تەسىرات سۈرەتكە ئايلانغاندىلا، ئاندىن ئۇ شېئىر بولىدۇ. تەسىرات ئوبيېكتىپ ۋەقەلىكنىڭ تېپىك كۆرۈنۈشلىرىدىن ئايرىلغان ھالدا ئىپادىلەنسە، قۇرۇق بولۇپ قالىدۇ، «مەن خەلقىمنى سۆيىمەن» دېگەن شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. سەن خەلقنى قانداق سۆيىدىغانلىقىڭنى ئۆزۈڭگە تەسىر قىلغان ئوبيېكتىپ ۋەقەلىكنىڭ تېپىك كۆرۈنۈشلىرى ئارقىلىق ئۆزۈڭگە خاس قىلىپ ئىپادىلەپ بېرىشىڭ كېرەك. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ناۋايى «مەن خەلقنى ئۆزۈمدىن ئارتۇق كۆرىمەن» دېگەن ئابستراكت پىكىرنى «مېنى يۈز ئۇرسا، بىر قېتىم ئاھ، دەيمەن؛ خەلقنى بىر ئۇرسا، يۈز قېتىم ئاھ دەيمەن» دەپ شېئىرىي سۈرەتكە ئايلاندۇرغان.

شائىردا شائىرلىق ماھارىتى بولمىسا، ئۇ ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ سەۋىيىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ.

پاك بولمساق سىنى سۆيمەس ئەل ۋە يۇرت.

بۇ شائىرلىق ماھارىتى بىلەن تىزىلغان شېئىرىي مىسرامۇ؟!

ياق! بۇ مىسرانى ئادەتتىكى ئادەملەر تىزالماسمۇ؟! مېنىڭچە، تىزالايدۇ. ئەمما، ھەممە ئادەم ئېمىشقا شائىر بولمايدۇ؟! مېنىڭ قارىشىمچە، شائىر شائىرلىق ماھارىتى بىلەن ئادەتتىكى ئادەملەردىن پەرقلىنىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان شائىرلىق ماھارىتى شائىرانە ئەقىل ئىشلىتىشتىن ئىبارەت. سەن يۇقىرىدىكى ھەممە ئادەم تىزالايدىغان مىسرانى (پىكىرنى) ئەقىل ئىشلىتىپ، ھەممە ئادەم دېيەلمەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرەلىسەڭ، ئاندىن شائىر بولىسەن. «ئەقىل ئىشلىتىش» دېگەن بۇ سۆز بىرىكمىسى، مېنىڭ قارىشىمچە، دەل «شائىرلىق ماھارىتى» دېگەن سۆز بىرىكمىسىنى كۆرسىتىدۇ. مەن ئەقىل ئىشلىتىشنى شائىرلىق ماھارىتى دېگىنىمدە، شېئىر سۇبيېكتىپ دۇنيانىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتتۇم. گەرچە شېئىر ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىن كەلسىمۇ، يەنىلا ئۇ شائىرنىڭ ئىچكى كەچۈرمىسىدىن ئىبارەت. شۇنداق ئىكەن، شائىر ئەقلىنىڭ پائالىيەتچانلىقى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، ئادەتتە بىز كۆپ دەيدىغان «شائىر تەسەۋۋۇرغا باي بولۇشى كېرەك» دېگەن پىكىر دەل ئەقلىنىڭ پائالىيەتچانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق شائىرانە ئەقىل پائالىيەتچانلىقى بولمىسا، شائىر ئادەتتىكى ئادەملەر قاتارىغا چۈشۈپ قالىدۇ، ئۇنىڭ شائىرلىق سالاھىيىتى بولمايدۇ.

ئەمدى مەن كۆڭگا شېئىرلار ئۈستىدە توختىلاي. ھازىر يېزىلىۋاتقان كۆڭگا شېئىرلار شېئىرلارنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەندىن تاشقىرى، مېنىڭچە، تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1. غەيرىيلىك:

ئاددىي سەۋەب - نەتىجە ياكى تۈز سىزىق بىلەن پىكىرنى ئوچۇق، ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويىدىغان يالىڭاچ شېئىرلارنى ھەقىقىي شېئىر دېگىلى بولمايدۇ. جۇشقۇن، چىن مۇرەككەپ ھېس - تۇيغۇ بىلەن تويۇندۇرۇپ، دراماتىك، قەۋەتلىك، ئۆتتۈشمە، چوڭقۇر پىكىر سۈرىتىنى سىزىپ، كىتابخاننى تەسىرلەندۈرۈش، ئويلاندۇرۇش شائىرنىڭ ۋەزىپىسى. شائىرلار چىن، تېپىك ھېس - تۇيغۇ بىلەن تويۇنغان پىكىر سۈرەتلىرىنى سىزغانىدا، قەدىمدىن تارتىپ ئەقىلگە سىغمايدىغان ھەر خىل فانتازىيىلىك ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ كەلمەكتە. ئەمەلىيەتتە بۇ فانتازىيىلىك ۋاسىتىلەر رېئاللىققا نىسبەتەن ئىلمىي بولمىغان غەيرىي نەرسىلەردۇر. مەن بۇ يەردە كۆڭگا شېئىرلاردىكى غەيرىيلىك يېڭىدىن پەيدا بولغان دېگەن كۆز قاراشنى ئىنكار قىلىش مەقسىتىدە بۇ پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىمەن. كۆڭگا شېئىرلاردىكى غەيرىيلىك — شېئىرىيەت يول بەرگەن غەيرىيلىكنىڭ تەرەققىياتى. ھازىر چىقىۋاتقان كۆڭگا شېئىرلاردىكى غەيرىيلىك تۆۋەندىكى ھالەتلەردە ئىپادىلەنمەكتە:

بىرىنچى، تۇرمۇشنى ئۈزۈپ، پارچىلاپ ئەكس ئەتتۈرۈش. بۇ دېگەنلىك بىر پۈتۈن كۆرۈنۈشلۈك تۇرمۇشنىڭ ھاجەتلىك ۋە ماھىيەتلىك پارچىلىرىنى ئۈزۈپ - ئۈزۈپ تاللاپ ياكى پارچە - پارچە قىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈش دېگەنلىك.

مەسىلەن، تال - تېرەكلەر يۇمران يوپۇرماق چىقارغان باش باھار، يوپۇرماقلارنى قۇرت يېمەكتە. بۇنىڭدىن باھارنىڭ يۈرىكى ئازابلىنىپ، ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىماقتا.

لېكىن يوپۇرماقنى قۇرت يەۋاتقانلىقتىن ئىبارەت بۇ پاجىئە بىلەن ئورمان ۋە ئورمانچىنىڭ زادى كارى يوق، بۇلار بىپەرۋالىق ياكى بىخۇدلۇق ئۇيقۇسىنى ئۇخلىماقتا.

ئەگەر باھار كەلگەن ئورمانلىقنىڭ بۇ بىر كۆرۈنۈشىنى قىسقا، ئۈزۈپ ياكى پارچىلاپ سۈرەتلىسەك، تەبىئىكى بىزگە غەيرىدەك تۇيۇلىدۇ.

ئاغزىدىن كۆكلەم سۈتى پۇراپ تۇرغان ئورمان گۈگۈم قوينىدا ئۇخلايدۇ،
يوپۇرماقنى قۇرت يېمەكتە. باھار ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلايدۇ.

ئىككىنچى، تەسۋىرلىنىدىغان ئوبيېكتنىڭ ئەسلى ھالىتىنى قورقماي ئۆزگەرتىش ياكى ئۇنى ئىنسانلاشتۇرۇش، شائىر قەلبىگە ماسلاشتۇرۇش، نەتىجىدە «ئىلمىي بولمىغان»، «ئەقىلگە سىغمايدىغان» غەيرىيلىك كېلىپ چىقىدۇ.

توزۇپ كەتكەن نىگاھىمنىڭ بۇدەم
ئىڭراشلارغا بولىدۇ يوپۇق.

نىگاھ — كۆز، ئۇ توزۇپ كەتتى. توزىغان يوپۇرماقلار «مەن» نىڭ ئىڭراشلىرى چۈشكەن تاۋۇتقا يوپۇق بولماقتا. بۇنداق تەسۋىرلەش تەبىئىي غەيرىيدۇر. ئىڭراشنى تاۋۇتقا چۈشۈرۈش، كۆزنىڭ توزۇغان بەرگىلىرىنى يوپۇق قىلىپ ئۈمىدگە يېپىش تەبىئىي غەيرىيلىكتۇر، رېئاللىقتا ئۇيغۇن ئەمەستۇر. لېكىن شېئىرىيەت قانۇنىيىتى بۇنداق تەسۋىرلەشكە، تەبىئەتنى ئىنسانلاشتۇرۇپ، ئىنساننى تەبىئەتلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەشكە يول قويىدۇ. بۇنداق تەسۋىرلەش پىكىرنى يالىڭاچ، قۇرۇق ئىپادىلەش ئورنىغا قەلب ھېسسىياتىنى ئەڭ توغرا، ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ جۇشقۇن ئىپادىلەپ، پىكىرنى ئىنتايىن جانلىق، تەسىرلىك ۋە گۈزەل سۈرەتلەشتۈرىدۇ. يۇقىرىدىكى ئىككى مىسرا ئېغىر جۇدالىقتىن ئىڭراۋاتقان «مەن» نىڭ قايغۇ-دەردىنى ئاشۇنداق ئىپادىلەپ بەرگەن. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرىمىزدا ياردىن ئايرىلىش ھېسسىياتى يالىڭاچ، قۇرۇق، ھەممە ئادەم دېيەلەيدىغان سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەنمەكتە. مېنىڭچە، ئالدىنقى ئىككى مىسرانى ھەممە ئادەم دېيەلمەيدۇ، پەقەت شائىرلا دېيەلەيدۇ. مانا بۇ شائىرلىق ماھارەت ياكى ئەقىل ئىشلىتىش.

2. لىرۇس بوشلۇقى:

يۇقىرىدا ئەڭ ياخشى شېئىر ئۆز كىتابخانىنى تەسىرلەندۈرىدىغان، ئىلھاملاندۇرىدىغان، ئويغا سالىدىغان بولۇشى كېرەك دېگەنىدىم. كىتابخاننى تەييار تاماقتا، ئانىنىڭ ئۆز بوۋىقىغا چايناپ بەرگەن تامىقىدەك تەمسىز مەھسۇلاتتا، ھەممە گەپ-سۆزىنى ئوچۇق-ئاشكارا ئېيتىۋېتىدىغان لاۋزىلىقتا، تۇرمۇشنى ئەينەن تەكرارلايدىغان مىخانىكىلىقتا ئىسكە قىلىدىغان شېئىرلار ياخشى شېئىر ئەمەس.

كىتابخاننى ئويلاندۇرۇش تەسۋىرلەنگەن شەيئىدە ئىپادىلىنىپ تۇرغان ھالەت ۋە خۇسۇسىيەتنى ئەينەن يېزىش ئارقىلىق قولغا كەلمەيدۇ، بەلكى تەسۋىرلەنگەن شەيئىنىڭ ئۆزىدە ئىپادىلىنىپ تۇرغان ھالەت ۋە خۇسۇسىيەتتىن ھالقىپ، مۇئەييەن مەنىۋى دۇنياغا باغلاپ يېزىشتىن بارلىققا كېلىدۇ. گۇڭگا شېئىرلار ھەققىدىكى ماقالىلەردە دېيىلىۋاتقان لىرىس بوشلۇقى كىتابخاننى ئويلاندۇرىدىغان، شەيئىگە سىڭدۇرۇلگەن ئاشۇ مەنىۋى دۇنيادىن ئىبارەت. لىرىس بوشلۇقى — شېئىرى بوشلۇق دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شېئىرىي بوشلۇق — شۇ شېئىردىكى كىتابخانغا سىڭدۈرىدىغان يوشۇرۇن تەسىرى كۈچتۇر. كىتابخان مانا شۇ شېئىرى بوشلۇق ئىچىدىن شېئىرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇنىدىن تاشقىرى يەنە ئىچكى مەزمۇنىنىمۇ كۆرەلەيدۇ.

ئەتىگەندە سۇغا چىقسام،
قۇدۇقۇمنىڭ بېشىغا.
ھەشقىپىچەك ئاپتۇ يۆگىشىپ،
ئالدىم سۇنى قوشنامدىن.

بىز ياپونىيە شائىرىنىڭ بۇ شېئىرىدا تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشىدىن سۇغا چىققان «مەن» نىڭ گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ قوشنىسىنىڭ سېخىيلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىناق ئۆتىدىغانلىقىنى بىلىمىز. بۇ، شېئىردىكى شەيئىلەر تەسۋىرىنىڭ ئۆزىدە ئىپادىلىنىپ تۇرغان تاشقى مەزمۇندۇر. تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ شېئىردىكى شەيئىلەر تەسۋىرىگە سىڭدۇرۇلگەن مەنىۋى مەنزىل ئۈستىدە ئىزدەنسەك، بۈگۈنكى دۇنيادا گۈزەللىكنى سۆيۈش ۋە ئاسراش، ئىناق ئۆتۈش ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئىكەنلىكىنى، ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمىز.

مەن ماقالەمنىڭ ئاخىرىدا گۇڭگا شېئىرلارنى يېزىۋاتقان ياشلارغا قارىتا بىرقانچە پىكىر ۋە ئۈمىدلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

1. مېنىڭ قارىشىمچە، گۇڭگىلىق مەزمۇندىكى گۇڭگىلىق بولمىسا كېرەك. شېئىر قانچە چۈشىنىكسىز بولسا، مەزمۇنىمۇ كىشىلەر چۈشىنەلمىسە، شۇنچە ياخشى دەيدىغان پىكىرنى توغرا پىكىر دېيەلمەيمەن. بۈگۈنكىلەر چۈشەنمىسە، كېيىنكىلەر چۈشىنىدۇ دېگەن پىكىرنىمۇ توغرا پىكىر دېيەلمەيمەن. شېئىر باشقىلارنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن يېزىلىدۇ، ئۇلارنىڭ زوق ئېلىشى ئۈچۈن يېزىلىدۇ. ئەپسۇسكى ئېلان قىلىنغان شېئىرنى كىتابخان، ئەڭ بولمىغاندا بىرقانچە مەلۇماتلىق كىتابخانمۇ چۈشىنەلمىسە، بۇ شېئىرنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن؟! بۈگۈنكىلەر چۈشىنەلمىگەننى كېيىنكىلەر چۈشىنىشى ناتايىن. يۇقىرىدا دېگىنىمدەك، شېئىرنىڭ مەزمۇنى ھەرقانچە چوڭقۇر، مۇرەككەپ، چۈشىنىش تەس بولسا بولسۇنكى، لېكىن مەزمۇنى گۇڭگا بولماسلىقى كېرەك، ئېنىق بولۇشى كېرەك. گۇڭگىلىق مەزمۇنغا ئەمەس، شېئىرىي شەكىلگە، كەيپىياتقا قارىتىلغان بولۇشى لازىم.

2. غەيرىيلىك مۇئەييەن ئېنىقلىققا ئىگە بولۇشى لازىم. غەيرىي يازىمەن دەپ، كەلسە - كەلمەس قەلەم تەۋرىتىشكە بولمىسا كېرەك. ھەرقانداق فانتازىيە، غەيرىيلىك مەنتىقىلىققا ئىگە بولۇشى زۆرۈر، لېكىن ھازىر چىقىۋاتقان گۇڭگا شېئىرلاردا شۇنداق غەيرىي

تەسۋىرلەر باركى، ئادەمنىڭ كۈلگىسى كېلىدۇ. غەيرىيلىكنىڭ قانچىلىك بولۇشى ئاساسىي مەسىلە ئەمەس، ئاساسىي مەسىلە ئېنىقلىق ۋە مەنتىقىلىقتا، يەنى فانتازىيە مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بولۇشتا. «مەن» نىڭ ئىڭراشلىرى چۈشكەن تاۋۇتقا نىگاھ-كۆلنىڭ توزىغان يوپۇرماقلىرى يوپۇق بولۇپ يېپىلىشى غەيرىيلىكمۇ، ئەلۋەتتە، غەيرىيلىك، لېكىن بۇنىڭدا ئېنىقلىق ۋە مەنتىقىلىق بار.

— لىبرۇس بوشلۇقىمۇ، ئەلۋەتتە شەيئىنىڭ ئۆزىدىكى ھالەت ۋە خۇسۇسىيەتلەرگە ماس ھالدا ئىپادىلىنىشى، ئارىلىق بەكمۇ يىراق بولۇپ كەتمەسلىكى لازىم. بۇنداق بولمىغاندا، يەنىلا كىتابخانىنى قايمۇقتۇرۇش، چۈشىنىشنى قېيىنلاشتۇرۇش كېلىپ چىقىدۇ.

3. مىللىيلاشتۇرۇش:

ھەرقانداق بىر مىللەت شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى شۇ مىللەتنىڭ مىللىي شېئىرى خۇسۇسىيەتلىرىدىن، مىللىي تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئايرىلمايدۇ. بىر مىللەتنىڭ مىللىي شېئىرى خۇسۇسىيەتلىرى، تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى ئۆزگەرمەيدىغان نەرسىمۇ ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇلارمۇ تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزگىرىپ بارىدۇ، لېكىن بۇ ئۆزگىرىش باشقا مىللەتنىڭكىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىش ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈش، ئۆز مىللىتىگە لايىقلاشتۇرۇپ ئۆزلەشتۈرۈش ئاساسىدا بولىدۇ.

دېمەك بىرى، شۇ مىللەتنىڭ ئەسلىدىكى شېئىرى شەكىل ۋە شېئىرى ئۇسلۇبى ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. لېكىن ئېلان قىلىنىۋاتقان ئايرىم گۇڭگا شېئىرلاردا بۇ خۇسۇسىيەتنى كۆرگىلى بولمايدۇ. بەزىلىرى يا چاچما شېئىر ئەمەس، يا ئۆلچەملىك شېئىر ئەمەس، رىتىم، تۇراق، قاپىيە دېگەنلەر كۆرۈنمەيدۇ. شېئىرمۇ سۆز سەنئىتى، ئەلۋەتتە، بۇ سۆز سەنئىتى ئالدى بىلەن ئوبراز يارىتىشتا گەۋدىلىنىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ شەكلىدىمۇ گەۋدىلىنىدۇ. چاچما شېئىر بولسا، باشتىن-ئاخىر چاچما شېئىر بولۇپ، رىتىمغا قاتتىق رىئايە قىلىشى كېرەك، قاپىيە بولۇشى كېرەك. قاپىيە بولمىغاندىمۇ رىتىمغا رىئايە قىلىپ، ئاھاڭدار بولۇشى كېرەك.

يەنە بىرى، شۇ مىللەتنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى لازىم. لېكىن ئايرىم گۇڭگا شېئىرلاردا مىللىتىمىزنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىگە زىت تەسۋىرلەر كۆرۈلمەكتە. مەسىلەن، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ بۇ يىلقى بىر سانىدا «جەسەت كۆلى يانمايدۇ دېمە» ماۋزۇلۇق بىر شېئىر بار. ئۇيغۇرلاردا جەسەت كۆيدۈرۈش يوق، شۇنداق بولغانلىقتىن، «جەسەت كۆلى» مىللىتىمىزنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن بولمىغان تەسۋىر. يەنە بىر شېئىردا باراڭ ئاستىدا ياتقان «مەن» نىڭ يۈزىگە ئۈزۈمنىڭ دانىسىدەك يامغۇرلار چۈشىدۇ. لېكىن ئۇ خورازنىڭ چىللىشى بىلەن ئويغىنىدۇ. بۇمۇ رېئاللىققا ئۇيغۇن بولمىغان تەسۋىر. «مەن» نىڭ خوراز چىللىغاندا ئەمەس، بەلكى يامغۇر تامچىسى يۈزىگە چۈشۈۋاتقاندا ئەندىكىپ ئويغىنىپ كېتىشى رېئاللىققا ئۇيغۇن.

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنغىنىغا 40 يىل بولغان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى سېپىگە بىر تۈركۈم ئۈمىدلىك ياشلار كىرىپ كېلىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى «سول» ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ كاساپىتى بىلەن كېلىپ چىققان «شېئىر كاساتچىلىقى»

نى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى ئىزدىنىش، ئۆرلەشكە يۈزلەندۈردى. «تارىم» ژۇرنىلى بۇنى قوللاپ توغرا قىلدى. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئومۇملىقنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشۇشىغا تىلەكداشمەن.

**قاھار جېلىل**

# «تارىم» ۋە تۇنجى ئەسەر

ئەسلەپ كۆرسەم، ئاپتونوم رايونىمىزدا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ نەشىر قىلىنىۋاتقىنىنى بىلگىنىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە 30 نەچچە يىل ئۆتۈپتۇ. مەن بۇ جەرياندا مەزكۇر ژۇرنالنىڭ ھەم ئوقۇغۇچىسى، ھەم ئاپتورى، ھەم تۈزگۈچىلىرىدىن بىرى بولدۇم. دېمەك، تەسىراتلىرىم ئاز ئەمەس، نۇرغۇن ئەسلىمىلىرىم، تەجرىبە - ساۋاقلىرىم بار، لېكىن شۇ ئىشلار ھەققىدە ئويلىسام، مۇنداق بىر ۋەقە خۇددى بايىلا يۈز بەرگەندەك پۈتۈن تەپسىلاتى بىلەن كۆز ئالدىمدا نامايان بولۇپ، مېنى ھەممىدىن بەكرەك ھاياجانلاندۇرىدۇ.

1961 - يىلىنىڭ باش باھار مەزگىلى ئىدى، بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئادىتىم بويىچە مەكتەپ قىرائەتخانىسىغا كىرىشىمگە بىر نەچچە ساۋاقدىشىم ماڭا خۇشخەۋەر يەتكۈزۈپ، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1961 - يىللىق 3 - سانىنى قولۇمغا تۇتقۇزدى.

خۇشخەۋەرنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپقان بولسامۇ، لېكىن يەنىلا ژۇرنالنى زور ھاياجان ئىلكىدە ۋاراقلىدىم. ئاخىرى كۆزۈم ئۆزۈمنىڭ ئىسمى ۋە «يېڭى كىشىنىڭ ئوبرازى» دېگەن ماۋزۇغا چۈشتى، بۇ ماقالىنىڭ ئۇرگىنالىنى بۇنىڭدىن بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتكەنىدىم. ماۋزۇسىنىمۇ ئۆزۈم قويغان، شۇنىڭغا قارىماي، دەسلەپتە گويا ئۇ باشقا بىر ئادەمنىڭ ئەسىرىدەك، مېنىڭ ئىسمىم ئوقۇشماي يېزىلىپ قالغاندەك بىر خىل ئېھتىياتكارلىق ئىلكىدە باشتىنكى قۇرلارنى ئالدىراپ ئوقۇدۇم. ياق، ھېچقانداق سەۋەنلىك يۈز بەرمەپتۇ، ماقالە ئۆزۈمنىڭ ئىكەن!

بۇ مېنىڭ رەسمىي مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان تۇنجى ئەسىرىم ئىدى، ئىجادىي ئەمگىكىمنىڭ تۇنجى قېتىم مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىشى ئاپتورغا قانچىلىك شادلىق ۋە ئىلھام بېغىشلايدىغانلىقىنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. ماڭا مۇنداق پۇرسەت «تارىم»دەك مۇشۇنداق نوپۇزلۇق ژۇرنالدا قۇچاق ئاچقانىدى. شۇنداق ئىكەن، مېنىڭ شۇ چاغدا قانچىلىك ھاياجانلانغانلىقىمنى كۆپچىلىككە چۈشىنىشلىك بولسا كېرەك.

بۇ ئىشنىڭ ئەھمىيىتى يالغۇز ئۇلا ئەمەس، مېنىڭچە، ئۆز ئەسىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلمايدىغان ئاپتور بولمىسا كېرەك، ئاشۇ كۈنلەردە سىنىپىمىزدا ھەر خىل

ۋاقىتتىكى ئەسەرلەرنى يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ساۋاقداشلار خېلى كۆپ ئىدى.
يازغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى بولمىسىمۇ، ئۆزىمىزگە بەكرەك ياراتقانلىرىنى تەھرىر بۆلۈمى-
لەرگە يوللاپ تۇراتتۇق. بىراق ئېلان قىلىنغانلىرى ئىنتايىن ئاز ئىدى. تولىسى ئۇن-
تىنسىز يوقاپ كېتەتتى، شۇنىڭ بىلەن ساۋاقداشلار ئارىسىدا «يازغىنىڭ قانچە ياخشى
بولسىمۇ، نامىڭ يوللۇق بولمىسا، ئېلان قىلىنمايدىكەن»، «ناتونۇش ئاپتورلارنىڭ ئەسەر-
لىرى بېسىلىپ قالىدىكەن» دېگەندەك سۆزلەر تارقالدى. ھازىر ئەسلىسەم، شۇ چاغدا بۇ
گەپنىڭ يامان رول ئوينىغانلىقى ئېسىمدە، بەزىلەر ۋاقىتلىق بولسىمۇ، يېزىشنى تاشلاپ
قويۇپ، مەن بىر ياخشى ئوقۇتقۇچى بولسام بولدى، دەپ ئۆزىگە تەسەللى بەرگەن، بەزى-
لەر تەھرىر بۆلۈمىدىن ئارقا ئىشىك تېپىش ئۈچۈن بىھۇدە ئاۋارە بولغان. ئۆزۈمنى ئال-
سام، شۇ كەملەردە قول يازمىلىرىمنى تەھرىر بۆلۈملەرگە ئەۋەتىپ يۈرگىنىمگە ئىككى يىل-
دەك بولۇپ قالغانىدى، بىراق تېخى بىرەرسىمۇ ئېلان قىلىنمىغان، ھەتتا بىرەر ئېغىز
جاۋابىمۇ ئېرىشەلمىگەنىدىم. تەھرىر بۆلۈملەرگە زادى بېرىپ باققان ئەمەسمەن، ئۇ يەر-
دە ئىشلەيدىغانلارنى ناھايىتى ئەقىللىق، شۇنداقلا سالاپەتلىك، سۈرلۈك ئادەملەر سۈپى-
تىدە تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. ئۇلار بىلەن تونۇشقۇم، ئۇلارنىڭ پاساھەتلىك سۆزلىرىنى ئاڭلى-
غۇم كېلەتتى، بىراق يەنە نېمىشقىدۇر ئۇلارنىڭ «سۈر - ھەيۋىتى» دىن ئەيمىنەتتىم.
شۇڭا قول يازمىلىرىمنى ھەمىشە پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتەتتىم. دېمەك، تەھرىر بۆلۈملەردە
بىرەرمۇ تونۇشۇم يوق ئىدى، ئەۋەتكەن قول يازمىلىرىم ئۆزۈمگە خېلى سەۋىيىلىك بىلى-
نەتتى، ھەتتا بەزىلىرىنى ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان بەزى ئەسەرلەردىن يۇقىرى قوياتتىم،
شۇڭا مېنىڭ «ئىجادىيەت» لىرىم خۇددى سۇغا چۆشكەن تاشتەك ئۈن - تىنسىز يوقاپ
كېتىۋەرگەندىن كېيىن بايىقىدەك گەپلەرگە ئىشىنىپ قالاي دېدىم، بولدىلا، ئوقۇغىنىم
پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى بولغاندىن كېيىن ئوبدان بىر ئوقۇتقۇچى بولسام بولمىدىمۇ.
ئەسەر يازىمەن دەپ بېشىمنى ئاغرىتىپ نېمە قىلاي دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

دەل شۇنداق كۈنلەردە ھېلىقى ماقالەم ئېلان قىلىنىپ، يۇقىرىقىدەك گەپ - سۆزلەر-
نىڭ بىر تەرەپلىمە، بىمەنە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ھېچ بولمىغاندا، مەن ئۈچۈن
شۇنداق بولدى. چۈنكى باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك شۇ كەمگىچە «تارىم» تەھرىر بۆلۈ-
مىدىن بىرمۇ ئادەم بىلەن شەخسىي مۇناسىۋىتىم يوق ئىدى، تامامەن ناتونۇش ئاپتور
ئىدىم، نامىممۇ چىقمىغان، شۇنىڭغا قارىماي، ئاخىرى ئەسىرىم ئېلان قىلىندى. دېمەك،
مۇھەررىرلەرنى نامى يوللۇق كىشىلەرنىڭلا، ئۆزلىرى قوللايدىغان ئاپتورلارنىڭلا ئەسىرىنى
ئېلان قىلىدۇ، دەپ ئەيىبلەش ئادالەتسىزلىك ئىكەن!

ئۇلا ئەمەس، بۇ ئىش يەنە مەندە بەدىئىي ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشەن-
چىسىنى قايتا تۇرغۇزدى، ياخشىلا يازسام بېسىلىپ قالمايدىكەن، تىرىشاي دېگەن يەرگە كەل-
دىم، شۇ ئىشتىن بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپ، «تارىم» ژۇرنىلىدا «ئالتۇنقىز» ناملىق ھېكا-
يەم، «شىنجاڭ گېزىتى» دە «قۇياش ۋە مايسا» ناملىق نەسرىم ئېلان قىلىندى، شۇ
چاغلاردىمۇ مەن تېخى بىرەر مۇھەررىر بىلەن شەخسەن تونۇشمايتتىم، بىراق ئەمدى
ئۆزۈم ئۈچۈن ئاتالمىش «مەتبۇئات يولى» ئېچىلغانىدى، بۇ يولنى مېنىڭ ئىسمىم ئە-
مەس، بەلكى تىرىشچانلىقىم ئاچقانىدى، ئەلۋەتتە. مۇشۇ يولدا مېڭىۋاتقىنىمغىمۇ 30 يىل-

غا يېقىن بولۇپتۇ، ئۇرغۇن نەسىر، ھېكايە، پوۋېست ۋە ماقالىلىرىم «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى، مەيلى چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن، ھەر بىر پارچە ئەسىرىم ئېلان قىلىنغاندا ھەممىشە ئىنتايىن سۆيۈنىمەن، ھاياجانلىنىمەن. بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قوشقاندىمۇ ئاشۇ تۇنجى ئەسىرىم ئېلان قىلىنغان چاغدىكى شادلىقىمغا يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىمەن، شۇڭا مەن ئۆزۈمنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىمنى ئويلىغان چېغىمدا تۇنجى قەدەم ھېسابلانغان ئاشۇ ئەسىرىمنى ۋە پۇرسەت بىلەن تەمىنلىگەن «تارىم» ژۇرنىلىنى ئالدى بىلەن ئەسلىمەي تۇرالمايمەن. ئاخىرىدا يەنە تۆۋەندىكىلەرنىمۇ قوشۇپ قويغۇم بار؛

ئەسەر بولۇش ئۈچۈن ئاپتور بولۇشى كېرەك، بۇ كۆپچىلىككە ئايان مەسىلە، شۇنداقلا بىر ئەسەرنىڭ پۈتۈشى ئۈچۈن ئاپتورنىڭ قانچىلىك مېھنەت سەرپ قىلىدىغانلىقىمۇ نۇرغۇن كىشىلەرگە چۈشىنىشلىك. بىراق قول يازما ھالەتتىكى ئەسەرنىڭ كىتاب ياكى ژۇرنال بو-لۇپ نەشر قىلىنىشى ئۈچۈن مۇھەررىرنىڭمۇ بولۇشى لازىملىقىنى، شۇ ئەسەرگە ئۇنىڭمۇ بىر مۇنچە ئەمگەك سىڭدۈرىدىغانلىقىنى ھەممە ئادەمنىڭ بىلىشى ناتايىن، تېخىمۇ ئەپ-سۇسلىنارلىقى شۇكى، بىلگەنلەرنىڭمۇ بەزىلىرى تولا چاغلاردا بۇنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. مەن مۇھەررىر — «نامسىز قەھرىمان» دېگەن بىر گەپنىڭ بارلىقىنى خېلى بۇرۇن ئاڭلىغانىدىم، ئاپتور ۋە مۇھەررىر بولغاندىن كېيىن بۇ باھانىڭ ناھايىتى توغرا ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئاشۇ تۇنجى ئەسىرىم «يېڭى كىشىنىڭ ئوبرازى» نى تەھرىر بۆلۈمىدە كىمنىڭ تاللاپ تەھرىرلىگەنلىكىنى ھازىرمۇ بىلمەيمەن، لېكىن ئەگەر شۇ ماقالەم مېنى ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىغا باشلاپ كىرگەن دەيدىكەنمەن، ئۇ چاغدا ئاشۇ نامەلۇم مۇھەر-رىرنى مېنىڭ دەسلەپكى يول باشلىغۇچىم دېگۇم كېلىدۇ، ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ ئاشۇ ئىشلارنى ئەسلىۋاتقان چېغىمدا ئاشۇ نامسىز قەھرىمانغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈرىمەن.

«تارىم» ژۇرنىلى 40 ياشقا كىرىپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۆمرى ئادەمنىڭكىگە ئوخشاش ياش چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، مەن ئۇنىڭ مەڭگۈ ياشناپ تۇرۇشىنى، مەڭگۈ ئۈزۈلمەي ئېقىن بولۇپ ئېقىشىنى تىلەيمەن.

مەمتىمىن ھوشۇر

## «تارىم» — بەدىئىي يېتەكچىم

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر يېڭى سانىنى قولۇمغا ئالغاندا، خۇددى بىر قەدىناس دوستۇم، يېقىن سۆھبەتدىشىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندەك خۇشال بولۇپ كېتىمەن، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ زادى قايسى زامانلاردىن باشلاپ نەشر قىلىنغانلىقىنى، بۇ «دوستۇم» بىلەن

تونۇشلۇقىمىنىڭ قاچاندىن باشلانغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيمەن. بۇ ژۇرنال ماڭا ئەزەلدىنلا مەۋجۇتتەك بىلىنىدۇ، مەن بۇ ژۇرنالسىز تۇرمۇشىمىزنى، مىللىتىمىزنىڭ ئومۇمىي مەنىۋى ھاياتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمەيمەن. ئىشقىلىپ، مەن ئېسىمنى تاپقاندىن بېرى بۇ ژۇرنالنى كىشىلەرنىڭ قولىدا كۆرەتتىم؛ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم قويغاندىن باشلاپ، ئۇنى مەكتەپ قىرائەتخانىسىنىڭ ژۇرناللارنى قويىدىغان تەكچىسىدىن ئىزدەيدىغان بولغانىدىم. بۇ ژۇرنال كۆپ ۋاراقلانغاچقا، پاتلا يېتىدىن چۈشۈپ يېڭى ۋاقتىدىكىگە قارىغاندا كۆپۈپ، سەمىرىپ قالغاندەك بولۇپ قالاتتى، ئاندىن قىرائەتخانىمىزنىڭ تىرىشچان خىزمەتچىسى ژۇرنالنىڭ يىرتىلغان يەرلىرىنى قاتتىق قەغەزدە چاپلاپ، بىرقانچە سانلىرىنى بىر قىلىپ تۈپلەپ قوياتتى، بۇ ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆپلىكىنىڭ، قەدىرلىكلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى، ژۇرنالنى ئېچىشىم بىلەنلا ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇيتتىم ـ دە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى شېئىر، قوشاقلارغا مەھلىيا بولۇپ، ھېكايە، چۆچەكلەرنىڭ ۋەقەلىكلىرى ئىچىگە كىرىپ كېتەتتىم.

كېيىن مەكتىپىمىزدە ئەدەبىيات كۇرۇژوكى تەشكىللەندى، كۇرۇژوكتىكى ئاساسلىق ئۆگىنىش ماتېرىيالىمىزمۇ «تارىم» (ئەينى يىللاردىكى ئىسمى «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى») ژۇرنىلى ئىدى. مېنىڭ بۇ ژۇرنالنىڭ ئىلھامى بىلەن يازغان دەسلەپكى شېئىرلىرىم «پىئونېرلار گېزىتى» (ھازىرقى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى») گە بېسىلدى، كېيىنچە بىر ـ ئىككى نەسرىي ئەسىرىم «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى. «تارىم» ژۇرنىلىغا ئەسەر يازىدىغان كىشىلەرنى مەن كاتتا يازغۇچى، شائىرلار دەپ بىلەتتىم. نېمىشقىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى چاچلىرى شالاڭلىغان، كۆزىگە پارقىراق گىرۋەكلىك كۆزەينەك تاقىغان، ئالدىغا سەل ئېڭىشىپ ماڭىدىغان، ئورۇق، ئېگىز بويلۇق ئادەملەر سىياقىدا كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. شۇڭلاشقىمىكىن ئوقۇغۇچىلىق مەزگىللىرىمدە «تارىم» ژۇرنىلىغا ئەسەر ئەۋەتىشكە زادىلا جۈرئەت قىلالمايتتىم.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە «تارىم» ژۇرنىلى بىرقانچە يىل نەشىر قىلىنىشتىن توختاپ قالدى، ژۇرنالنىڭ ھېلىقى تىرىشچان كۇتۇپخانا خادىملىرى بىلەن ئىخلاسمەن مۇشتىرىلىرى چاپلاپ، تۈپلەپ قويغان كونا سانلىرى بىزدەك ھەۋەسكارلارنىڭ تېخىمۇ قەدىرلەپ، قولدىن قولغا ئېلىپ ئوقۇيدىغان قىممەتلىك ئوقۇشلۇقى بولۇپ قالدى.

جۇدۇنلۇق كۈنلەر ئۆتۈپ 1978 ـ يىلىغا كەلگەندە، قولۇمغا قايتا قەلەم ئېلىپ يازغان تۇنجى ھېكايەم ـــ «گۈلدەستە» «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى، ئارقىدىن «ئىلى گېزىتى» گە «جەڭچى»، «يول»، «نەي ئاۋازى» قاتارلىق ھېكايىلىرىم بېسىلدى، شۇ يىلى كەچكۈزدە ئىلى ۋىلايىتى غۇلجىدا ئىجادىيەت يىغىنى چاقىرىلدى، بۇ يىغىنغا «تارىم» ژۇرنىلىدىن يولداش قاھار جېلىل بارغانىدى، شۇ چاغدا «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقان يولداش مەھەممەت شاۋۇدۇن قاھار جېلىلغا مېنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالىمنى ئۆگىنىپ بېقىشنى تاپىلىغانىكەن. قاھار جېلىل مەن بىلەن تونۇشۇپ، «ئوقۇتقۇچى» دېگەن بىر پارچە ھېكايەمنى ئېلىپ كەتتى. بۇ ھېكايە «تارىم» ژۇرنىلىدا بېسىلغان تۇنجى ئەسىرىم بولۇپ قالدى، بۇ خۇددى «تارىم» نىڭ مۇھەررىرلىرى مېنى

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ئىشىكىدىن ئۆزلىرى باشلاپ ئەكىرىپ قويغاندەكلا ئىش بولدى، هازىر ئويلىسام، ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ تۆۋەندىكى ئاپتورلارنى بايقاپ، يېتەكلەپ مېڭىشىمۇ مۇھىم ئىش ئىكەن.

«تارىم» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ 40 يىللىق ھاياتىدا ئۆز ئەتراپىغا نۇرغۇن ئاپتورلارنى جەلپ قىلدى، ئۆستۈردى، يېتىلدۈردى. مەن ئوتتۇرىدا سەپكە قېتىلغان ئاپتورلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدىم. بۇ جەرياندا «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ئۆزى چاقىرغان ۋە ھەر قايسى جايلار بىلەن بىرلىشىپ ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن، قۇمۇل قاتارلىق ئورۇنلاردا ئاچقان ئىجادىيەت يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ، يازغۇچى، شائىرلار بىلەن تونۇشۇش، تۇرمۇش ئۆگىنىش، پېشقەدەم، پېشقان قەلەم ئىگىلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. ھازىرغىچە 70 تىن ئوشۇق ئەسىرىم ئېلان قىلىندى، 4 كىتابىم نەشر قىلىندى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە ئەزا بولدۇم، كىتابخانلارغا ياققان ياخشى ئەسەرلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى «تارىم» دا ئېلان قىلىندى. «تارىم» دا بېسىلغان بىر ھېكايە، بىر پوۋېستىم ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى «تارىم» نىڭ ئىلھامى، «تارىم» نىڭ مېنى يېتەكلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. «تارىم» مېنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش سورۇنۇم. ھەر قېتىم ئوبدانراق بىرەر ئەسىرىم پۈتكەندە «تارىم» نى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن، ئۇ يەردىكى مۇھەررىرلەرنىڭ ئەسىرىم ئۈستىدىكى ئىنكاسىنى، پىكىرلىرىنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولىمەن.

ھەر بىر ژۇرنالنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسەر يېزىپ ئەۋەتىدىغان مەلۇم ساندىكى ئاپتورلىرى، ئەسەرلەرنى تاللاپ، خاتالىقلىرىنى تۈزىتىپ نەشرگە تەييارلايدىغان مۇھەررىرلىرى ۋە شۇ ژۇرنالنى ئوقۇيدىغان مۇشتىرىلىرى بولىدۇ. ئاپتور، مۇھەررىر، كىتابخاندىن ئىبارەت بۇ ئۈچ تەرەپ بولماي ژۇرنالمۇ مەۋجۇت بولالمايدۇ. «تارىم» ژۇرنىلىنى ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇرغان تارىم دەرياسى دېسەك، ئاپتورلار بىلەن مۇشتىرىلار (كىتابخان) ئۇنىڭ ئىككى قىرغىقى، مۇھەررىر بولسا، ئىككى قىرغاقنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان كۆۋرۈك. ئىككى قىرغاق بولمىسا دەريامۇ بولمايدۇ، كۆۋرۈك بولمىسا قىرغاقتىكىلەر بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشالمايدۇ. مۇھەررىر يۈزلىگەن ئاپتورلار ئىچىدىن تالانت ئىگىلىرىنى بايقايدۇ، دۆۋە-دۆۋە، چۇۋالچاق قول يازمىلار ئىچىدىن دەۋرگە، خەلققە يارايدىغان ئەسەرلەرنى تېپىپ چىقىپ كىتابخانغا يەتكۈزىدۇ.

تەھرىرلىك ناھايىتى مۇشەققەتلىك خىزمەت، ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قوبۇل قىلىش، ئۇنىڭ ھەممىسىنى زېرىكمەي ئوقۇپ چىقىپ يارايدىغانلىرىدىن تاللاش؛ ئوشۇق جايلىرىنى ئېلىۋېتىپ، كەم يەرلىرىنى تولۇقلاپ، ئابزاس، بۆلەك، تىنىش بەلگىلىرىگىچە توغرىلاپ تەھرىرلەپ چىقىش؛ ئاندىن ئۇنى كۆچۈرۈپ سېلىشتۇرۇش، زاۋۇتقا ئەۋەتىش، كوررېكتور نۇسخىسىنى كۆرۈش، ئەڭ ئاخىرىدا پوچتىدىن تارقىتىشقىچە بولغان خىزمەتلەرنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە سۆزلەيدىغان بولساق، بۇ تولىمۇ ئۇزۇن ۋە زېرىكىشلىك جەريان، بىزنىڭ كۆپلىگەن مۇھەررىرلىرىمىز بۈگۈنكى كۈندە ناھايىتى ناچار خىزمەت مۇھىتىدا بۇ مۇشەققەتلىك ئىشلارنى قىلىپ تۈگىتىدۇ، ئەپسۇسكى ھەر دائىم نەتىجىلەر تىلغا ئېلىنغاندا،

ئەدەبىي ئەسەرلەرگە مۇكاپات تارقىتىلغاندا، جاپاكەش مۇھەررىرلىرىمىز ئوڭايلا ئەستىن چىقىپ كېتىپ قالىدۇ. كىتابخانلىرىمىز ئاپتورلارنىڭ پەقەت ژۇرنالغا بېسىلغان ئەسەرلىرىنىلا ئوقۇيدۇ، بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسى قانداق ھالەتتە ئىدى، ئۇنىڭغا مۇھەررىرلەرنىڭ قانچىلىك ئەمگىكى سىڭگەن؟ بۇ پەقەت ئاپتور بىلەن مۇھەررىر ئوتتۇرىسىدىكىلا سىر بولۇپ قالىدۇ.

1979 - يىلىنىڭ بېشىدا «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ئۈرۈمچىدە ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى چاقىردى، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىن بارغان بىر تۈركۈم ئاپتورلار كادىرلار مېھمانخانىسىدا 15 كۈنچە تۇرۇپ، بىر - ئىككىدىن ئەسەر يازدۇق، ئۇ چاغدا «تارىم» تەھرىر بۆلۈمىدە ئادەم ئاز بولغاچقا، يىغىندىن كېيىن، يېزىلغان ئەسەرلەرنى تەھرىرلەپ نەشرگە تەييارلاش ئۈچۈن، شىمالدىن مەن، جەنۇبتىن مەمتىلى زۇنۇن، ھاجى ئەخمەت قاتارلىق يولداشلار ئۈرۈمچىدە قالدۇق.

مانا مۇشۇنداق تاسادىپىي سەۋەب بىلەن ماڭا «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە بىرنەچچە ئاي ئىشلەشكە توغرا كېلىپ قالدى، تەھرىر بۆلۈمىنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىنى سۈرەتلەپ بەرسەم، تەھرىر بۆلۈم ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىناسىنىڭ 3 - قەۋەت پەلەمپەيدىن چىققاندا سول تەرەپ بۇلۇڭدىكى ئىچكىرى - تاشقىرى كىچىك ئىككى ئېغىز ئىشخانىدا ئىدى. پېشقەدەم مۇھەررىرلەرنىڭ كۆپىنچىسى باشقا خىزمەتلەرگە ئالمىشىپ كەتكەن ياكى سىياسىي تولۇق ئەمەلىيلەشمەي، خىزمەت ئورنىغا تېخى قايتىپ كېلەلمىگەچكە، بۆلۈمدە ياش ۋە ئوتتۇرا ياش يولداشلار، ئارسلان، روزى مۇھەممەت جومەگە ئوخشاش يېڭىدىن مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بار ئىدى. ئومۇمىي ئىشلارغا مەھەممەت شاۋۇدۇن يېتەكچىلىك قىلاتتى، ئابلىمىت سادىق باشچىلىقىدىكى شېئىر گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلار تاشقىرقى ئۆيدە، مۇھەممەت پولات باشچىلىقىدىكى نەسرىي گۇرۇپپىدىكى يولداشلار ئىچكىرىكى ئۆيدە تىقىلىشىپ ئولتۇراتتى. ئىشكىنىڭ تۆۋىدە بىر چولاق سۇپۇرگە تىكلەكلىك تۇرىدىغان، ئەتىگىنى كىم بۇرۇن كەلسە، بۆلۈملەرنى بىر قۇر سۈپۈرۈپ قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر كۈنلۈك خىزمىتىمىز باشلىنىپ كېتەتتى، ئۇ چاغدا ژۇرنال يېڭى يېزىقتا چىقاتتى، قاچانلا كەلسەم رېقىپ ئاكىنىڭ بىرەرسى بىلەن كوررېكتور نۇسخىسىنى ھەجىلەپ ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. كىمدۇر بىرلىرى مەسئۇل يولداشلاردىن يولىيورۇق سورايتتى، قايسىبىرلىرى مەلۇم بىر ئەسەر ئۈستىدىكى كۆزقارىشىنى سۆزلىگىلى تۇراتتى، تاشقىرقى ئۆيدىكى تېلېفون ھېلىدىن - ھېلىغا جىرىڭلاپ كىشىنىڭ ئارامىنى قويمايتتى، بۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭنىڭ ئۈستىگە ئاغزى بېسىلمايدىغان «خۇش چاقچاق» ئاپتوردىن بىر - ئىككىسى كېلىپ قالىدىغان بولسا، بۆلۈمنىڭ ئىچى يەپ بازىرىغا ئايلىنىپ ئادەم ئۆزىنىڭ پىكرىنى يىغىۋالالماي قالاتتى، مۇھەررىرلەرنىڭ تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى شەھەرنىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا بولۇپ، شارائىتىمۇ ناچار ئىدى، شۇڭا بۆلۈمنىڭ ئىچى شۇنچە قالايمىقان بولسىمۇ، يەنە ھېچكىم ئەسەرلەرنى ئۆيىگە ئاپىرىپ كۆرۈشنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى، بۆلۈمنىڭ جاھازلىرىمۇ غىچىرلاپ تۇرىدىغان ئورۇندۇق، كونا ئىشكاپلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئىچكىرىكى بۆلۈمدە پاختىلىرى تىتىلىپ، پۇرژىنلىرى كۆرۈنۈپ قالغان

يوغان بىر كونا كرىسلو بار ئىدى، بۇ بۆلۈمدىكى بىردىنبىر «ئېسىل» بۇيۇم ھېسابلىناتتى، قاھار جېلىل ئۇنىڭدا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ ئەسەر كۆرەتتى.

شۇنداق بولسىمۇ، مۇھەررىرلەر ئەسەرلەرنى ئەستايىدىل تاللاپ ئىنچىكە ئىشلىشەتتى. ھەممىنىڭ دىققىتى ژۇرنالنى ياخشى ئىشلەشكە قارىتىلغانىدى، مەن كۆرۈپ چىققان ئەسەرلىرىمنىڭ ئۈستىگە قىسقىغىنە پۇچۇركام بىلەن ئالدىراشلا ئۆز پىكرىمنى يېزىپ قويۇپ بۇ قىلىقىم ئۈچۈن يولداش مۇھەممەت شاۋۇدۇندىن بىر-ئىككى قېتىم تەنقىد يېدىم، بۇ مېنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ئەستايىدىل خىزمەت ئىشلىشىم ئۈچۈن تۈرتكە بولغانىدى.

يالغۇز «تارىم» دىلا ئەمەس، باشقا بىرقانچە گېزىت-ژۇرناللارنىڭ تەھرىر بۆلۈملىرىگە بېرىپمۇ مەن بىر ئىشقا ھەيران بولدۇم: قارىسىڭىز، بىر قانچىسى يىغىلىپ بىر بۆلۈمدە ئولتۇرىسىمۇ بولىدىغان مەمۇرىي خادىملار بىر-ئىككىدىن ئۈستەلنى قويۇشۇپ ئازادە بۆلۈملەردە ئولتۇرۇشۇۋالغان، خىزمەت ئېھتىياجى جىمجىتلىقنى تەلەپ قىلىدىغان مۇھەررىرلەر بولسا، بىر قانچىسى كىچىك بىر بۆلۈمگە تىقىلىشىپ قالغان... ھازىر مۇھەررىرلىرىمىزنىڭ ئولتۇرۇشلۇق ئۆيى ۋە خىزمەت شارائىتلىرىدا ئىلگىرىكىدىن كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، تەلەپتىن يەنە خېلىلا يىراق.

شۇ قېتىم «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ئاز ۋاقىت تۇرغان بولسامۇ، كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەندىم، ياز ئاخىرىدا غۇلجىغا قايتىپ «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنى چىقىرىش خىزمىتىگە قاتناشتىم، «تارىم» ژۇرنىلىدا ئۆگەنگەنلىرىم بۇ ژۇرنالنى ياخشى چىقىرىشىمىز ئۈچۈن ئاساس بولدى، «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن باشلانغان مۇھەررىرلىك ھاياتىم «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىغا كېلىپ يەنە ئون نەچچە يىل داۋاملاشتى، مۇھەررىرلىكنىڭ ئاچچىق تەممىنى مەنمۇ ھارغىچە تېتىدىم، چاچلىرىم شالاڭلاشتى، كۆزلىرىمنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنسىز قورۇقلار چۈشتى.

مۇھەررىرلەر توغرىسىدا خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ تونۇشى يېتەرسىز. مۇھەررىرلەرنى قولىغا چۈشكەن ياخشى ئەسەرلەرنى كۆرەلمەسلىك بىلەن تۇنجۇقتۇرۇۋېتىدىغان كىشىلەر، دەپ گۇمانلىنىدىغان كىشىلەرمۇ يوق ئەمەس، پېشقەدەم مۇھەررىرلىرىمىزنىڭ بىرى بولغان ئىمىن تۇرسۇن ئاكا ئۆزىنىڭ بىر ماقالىسىدە: «مۇھەررىر ئاپتورنىڭ رەقىبى ئەمەس، دوستى» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. مۇھەررىر — ئاپتورنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن ئەڭ دەسلەپ خۇشال بولىدىغان خالىس كىشى؛ نامى چىققان ۋە چىقمىغان يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەپسىلىي كۆرۈپ، خاتالىقلىرىنى تۈزىتىپ، بىر پۈتۈن ئەدەبىياتىمىزنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان پىداكار؛ كىرەك بولغاندا باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئۆزىنىڭ ئەڭ يارقىن پىكىرلىرىنى، ئەڭ ياخشى سۆزلىرىنى ئايىماي بېرىۋېتىدىغان سېخى؛ نۇرغۇن كىشىلەرنى يېتەكلەپ، نام-ئاتاققا ئىگە قىلىپ، ئۆزى كۆزگە چېلىقماي بىر بۇلۇڭدا قالىدىغان «نامسىز قەھرىمان». «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 40 يىللىقىنى مۇبارەكلەۋاتقان مۇشۇنداق قۇتلۇق پەيتلەردە، شۇ ژۇرنالغا ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان بارلىق مۇھەررىرلەرنىڭ نامىنى بىرمۇبىر ئاتاپ ئۆتۈش تولىمۇ زۆرۈر ئىدى، لېكىن مەن ھا-

زىرقى مۇھەررىرلەرنى بىلسەممۇ، دەسلەپتە جاپالىق يول ئاچقان پېشقەدەم مۇھەررىرلىرىمىزنىڭ نامىنى تولۇق بىلمىگەچكە، شۇنداق قىلىشقا ئاجىزلىق قىلدىم. نام-شۆھرەتكە ئىگە بولغان بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى بارلىق ئاتاقلىقلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى خام ئەسەرلىرىگە ئەنە شۇ نامسىز مۇھەررىرلەرنىڭ جاپالىق ئەجرى سىڭگەن.

«تارىم» ئازادلىقتىن كېيىن ئۇيغۇر تىلىدا تۇنجى قېتىم تەسىس قىلىنغان ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال، ئۇ ئىلگىرى باغجانلاپ تۇرغان غايەت زور بىر دەرەخكە ئوخشايتتى، ئىجادىي ئەدەبىي ئەسەرلەردىن باشقا ئۇنىڭدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەسەرلەر تونۇشتۇرۇلاتتى؛ خەنزۇ ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن تەرجىمىلەر بېرىلەتتى، سەنئەت ئىشلىرىغا دائىر ماقالىلەر، مۇلاھىزىلەرمۇ بېسىلاتتى. ھازىر «دۇنيا ئەدەبىياتى»، «ئەدەبىي تەرجىمىلەر»، «بۇلاق»، «مىراس» قاتارلىق ژۇرناللار ئەنە شۇ ئانا غولدىن شاخ ئايرىپ چىقىپ، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ بۇ جەھەتلەردىن ئۈستىگە ئالغان يۈكىنى يېنىكلەتتى، يەنە جايلاردا يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللار نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. قارىسىڭىز ئۇلار بۈيۈك تارىم دەرياسىدىن بۆلۈنۈپ چىققان ئېرىق، ئۆستەڭلەرگە ئوخشايدۇ. «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى كۆپ قېتىم ئاچقان ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنلىرىغا بۇ ژۇرناللارنىڭ مۇھەررىرلىرىنىمۇ چاقىرىپ، ئۇلارنى ئۆگىنىش، ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى.

مۇشتىرىلىرىمىز ئىلگىرى بىرلا «تارىم» ژۇرنىلىنى بىلسە، ئەمدىلىكتە خىلمۇخىل ژۇرناللار بىلەن تونۇشتى، ئۇلار بىر-بىرى بىلەن سېلىشتۇرىدىغان، تاللاپ ئوقۇيدىغان بولدى، ئاپتورلارنى جەلپ قىلىش، كىتابخانلارنى تالىشىش، ئەسەر تاللاش، ژۇرنال ئىشلەش جەھەتتىن باشقا ژۇرناللار «تارىم» غا «جەڭ» ئېلان قىلدى، ژۇرناللار ئارىسىدا ئۆزئارا رىقابەت شەكىللەندى، بۇ نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىمىزنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق ياخشى ۋەزىيەت. رايونىمىزدىكى ھەممە ژۇرناللار بىر خىل قېلىپتىلا چىقىدىغان بولسا، كىتابخانلارنى زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ. مېنىڭچە، سوتسىيالىزمغا، خەلققە خىزمەت قىلىش ئورتاق نىشانى ئاستىدا ھەر بىر ژۇرنالنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى بولۇشى، يەرلىك ژۇرناللاردا يەرلىك پۇراق گەۋدىلەنگىنى ياخشى. «تارىم» مۇ ئىلگىرىدىن كىشىلەر قەلبىدە قوزغىغان ئۆز تەسىرىنى قەدىرلەش ئاساسىدا ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشى، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىشى لازىم، شۇنداق بولغاندىلا، ئەدەبىيات گۈلزارىمىزنىڭ رەڭدارلىقى ئاشىدۇ.

«تارىم» — ئانا ژۇرنال، كېيىن دۇنياغا كەلگەن ھەممە ژۇرناللار ئۇنىڭدىن سۈت ئەمگەن، قۇۋۋەت ئالغان، تارىخىنىڭ ئۇزۇنلىقى، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مولىقى، خەلق قەلبىدە قالدۇرغان تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قوشقان تۆھپىسىنىڭ زورلۇقى، يېتىشتۈرگەن ئاپتورلىرىنىڭ كۆپلۈكى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئوينىغان رولى جەھەتلەردىن رايونىمىزدىكى ھېچبىر ئەدەبىي ژۇرنال ئۇنىڭ بىلەن تەڭلىشەلمەيدۇ.

«تارىم» نىڭ تېخىمۇ ئۆركەشلەپ ئالغا بېسىشىغا تىلەكداشمەن.

مۇھەممەت ئەمىن

# «تارىم» — ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ رەڭدار گۈلزارى

ھازىرقىدەك ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىم بولسا كېرەك، «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلىدىن «ئالتۇنكەش» ناملىق بىر چۆچەكنى كۆرۈپ قاتتىق تەسىرلەندىم، كەچلىك غىزادىن كېيىن ئۇنى ئاتا - ئانامغا ئوقۇپ بەردىم. رەھمەتلىك ئانام ھەر بىر قىزنىڭ ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنغان بۇ چۆچەكنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز يىغلىۋەتتى، ئۇ كۆز ياشلىرىنى كۆڭلىكىنىڭ پېشى بىلەن سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن پېشانەمگە سۆيۈپ قويۇپ، سۆيۈنگەن ھالدا: «قاراڭلار دادىسى، ئوغلىمىز بىردەمدىلا قارىي بولۇپ قاپتۇ ئەمەسمۇ!» دېدى، «ئوغلىمىزنى بوش چاغلىغانمىدىڭلار، خوتۇن؟ — دېدى دادام ماختىنىش بىلەن، — چوڭ بولسا كاتتا داموللا بولىدۇ بۇ! خۇدا ئۆمرىنى بەرسە بۇنداق كىتابتىن نەچچە يۈزنى ئوقۇپ تۈگىتىدۇ تېخى!...» ئاتا - ئانامنىڭ ئاشۇ سۆزلىرىدىن ئىلھاملىنىپ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا تېخىمۇ قىزىقىپ قالدىم، مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدىكى نۇرغۇن كىتابلارنى ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇدۇم، كېيىن تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ئەدەبىي كىتابلارنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم، لېكىن نېمىشقىدۇر «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى»، كېيىنچە نامى «تارىم» دەپ ئۆزگەرتىلگەن بۇ ژۇرنالدىكى شېئىر، ھېكايە، چۆچەكلەرنى دائىم كۆرۈپ تۇرمىسام كۆڭلۈم ئۇنۇمايتتى، خېلى داڭلىق، قىزىق كىتابلارمۇ مۇشۇ ژۇرنالدەك مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كېتەلمەيتتى. ئۇچاغدا ھەرقايسى مىللەت كىتابخانلىرىنىڭ ئۆزىگە تونۇشلۇق تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەرنى ئالاھىدە قىزىقىش، زور ئىشتىياق بىلەن ئەتىۋارلاپ ئوقۇيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتمىگەن بولساممۇ، لېكىن ستىخىيىلىك ھالدا «تارىم» نى ئاۋۋال ئوقۇيتتىم، بۇ مېنىڭ ئادىتىمگە ئايلانغانىدى، ژۇرنالدىكى ئەسەرلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىنمىكىن كېيىنچە ئۆزۈممۇ مۇشۇككە قاراپ يولۋاس سىزىپتۇ، دېگەندەك، قىسقا شېئىرلارنى يېزىپ باقىدىغان بولدۇم، بارا - بارا «يۈرىكىم يوغىناپ»، بۇ مەشىق شېئىرلىرىمنى بۇ ژۇرنالغا ئەۋەتىشكە جۈرئەتمۇ قىلدىم، ئۇدا 3 يىل ئەۋەتكەن بولساممۇ، بۇ «ئەسەرلىرىم» دېگىنىمىزغا تاشلىۋەتكەن تاشتەك ئۈن - تىنسىز يوقالدى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2 - يىللىقىغا چىققىنىمىزدا يازلىق تەتىلدىن قايتىپ كەلگەن بىر ساۋاقدىشىم ئۆز يېزىسىدىكى بىرەيلەندىن ئاڭلىۋالغان بىر چۆچەكنى ئېيتىپ بەردى، بۇ چۆچەك ماڭا ئىنتايىن قىزىق تۇيۇلدى، شۇ ھامان بۇنى ساۋاقدىشىم ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە خاتىرىلىۋالدىم - دە، شۇچاغدا نامى «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن بۇ ژۇرنالغا ئەۋەتىپ بەردىم. ئارقىدىن بىر شېئىر يېزىۋېدىم، ئۆزۈمگە بەكمۇ ياراپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرىنى ئىشلەتمىسە يەنە بىرىنىغۇ ئىشلىتەر دېگەن ئۈمىد بىلەن بۇ شېئىرنىمۇ ئەۋەتتىم، تەقەززالىق بىلەن كۈتتۈم. ژۇرنالنىڭ ھەر بىر يېڭى سانى قولۇمغا تەگكەن ھامان ئاۋۋال مۇندەرىجىسىگە قارايتتىم، ئۆز ئىسمىمنى ئۇچراتمىغاندىن كېيىن لاسىدە بولۇپ قالاتتىم.

لېكىن يەنىلا ئاللىقانداق بىر خىل ھەۋەسنىڭ تۈرتكىسىدە قولۇمدىن قەلەمنى تاشلىغۇم كەلمەيتتى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىندىم. بېيجىڭغا كەلگەندىن كېيىنكى تەسىراتلىرىم ئاساسىدا بىر قانچە شېئىر يېزىپ، «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللارغا ئەۋەتىپ بەردىم. ئويلىمىغان يەردىن 1963 ـ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىككى كۆپلېتلىق بىر شېئىرىمنى، 1964 ـ يىلى «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» 10 كۆپلېتلىق بىر شېئىرىمنى باستى، «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» غا بېسىلغان «بېيجىڭنى كۆردۈم» ناملىق شېئىرىم مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان ئىككىنچى شېئىرىم ئىدى، شۇ چاغدا قانچىلىك ھاياجانلانغانلىقىم ۋە خۇشال بولغانلىقىمنى تولۇق ئىزھار قىلىپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى بەخش ئەتكەن مۇشۇ ئىلھامنىڭ تۈرتكىسىدە تېخىمۇ كۆپ يازىدىغان بولدۇم. ئىجادىيەت قىزغىنلىقىم تازا جۇش ئۇرۇۋاتقان مەزگىلدە لەنەتى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ كەتتى، ئەدەبىيات گۈلزارلىقى ھەممىدىن بۇرۇن خاراب قىلىندى. بەختىمىزگە يارىشا، زىمىستان قىش قوغلىنىپ، ئىللىق باھار يەنە كەڭ قۇچاق ئاچتى، «تارىم» مۇ «مۇزلىرى ئېرىپ» يېڭىباشتىن «ئۆركەشلەپ ئېقىشقا» باشلىدى. مەنمۇ خۇشاللىق بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە يەنە قېتىلدىم، 1978 ـ يىلى يازدا بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە كوماندىروپكىغا بارغىنىمدا «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ئىشخانىسىغا مىڭ تەستە تارتىنىپراق كىردىم، ئىشخانىدا ئەسەر كۆرۈپ ئولتۇرغان كۆزەينەكلىك ئىككى كىشىگە كۆزۈم چۈشتى. ئىككىلىسى كۆزەينەك تاقىۋالغانلىقتىنمىكىن، ئىشقىلىپ نېمىشقىدۇر ئۇلار ماڭا ئىنتايىن سۇرلۇك كۆرۈنۈپ كەتتى، يا ئالدىمغا مېڭىشىمنى، يا ئارقامغا يېنىپ چىقىپ كېتىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدىم، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن شۇ چاغدا ماڭا سېمىزرەك كۆرۈنگەن بىرەيلەن ئاۋۋال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىللىق چىراي ئېچىپ قولىنى ئۇزاتتى، ئارقىدىن ئېگىز بويلۇق، ئورۇق كىشىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مەن بىلەن قىزغىن سالاملاشتى، ئاندىن كېيىن ئۇلار مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، مەن قورۇنۇپراق ئالدىمغا سۈرۈپ قويۇلغان ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم ۋە ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ، بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىمنى ئېيتتىم، ئۇلار «ناھايىتى ياخشى بوپتۇ!» دېيىشىپ، مەن بىلەن گويا قەدىناس دوستلاردەك قىزغىن پاراڭلاشتى، تونۇشۇش ئارقىلىق بىلدىمكى، ئۇلارنىڭ بىرى مۇھەممەت شاۋۇدۇن، يەنە بىرى ئابلىمىت سادىق ئىكەن، بۇ يەردە يەنە مەكتەپدىشىم ئارسلان بىلەنمۇ ئۇچرىشىپ قالدىم. شۇ كۈنى بىز خۇددى مەكتەپتىكى چاغدىكىگە ئوخشاش شېئىر ئىجادىيىتى ئۈستىدە قىزغىن ۋە ئۇزۇن پاراڭلاشتۇق، شۇندىن كېيىن ھەر قېتىم ئۈرۈمچىگە كوماندىروپكىغا بارسام، بۇ ژۇرنال ئىشخانىسىغا كىرمەي ئۆتمەيدىغان بولدۇم.

ھازىرغىچە ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا 200 پارچىدىن كۆپرەك شېئىر، 40 پارچىدىن كۆپرەك مەسەل، 30 پارچىدىن كۆپرەك پوۋېست، ھېكايە ۋە ماقالە ئېلان قىلىپتىمەن. بۇنىڭ خېلى كۆپ قىسمى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىپتۇ، دادامنىڭ ئۈمىد قىلغىنىدەك ھازىر تېخى «كاتتا داموللا» بولۇپ كېتەلمىگەن بولسامۇ، لېكىن «تارىم»نىڭ ئۈزلۈكسىز پەرۋىش قىلىشى، قوللىشى، يېتەكلىشى، ئىلھام بېرىشى ئارقىسىدا

ئەسەرلىرىمنى كەڭ كىتابخانىلار، بولۇپمۇ ياش كىتابخانىلار خېلى ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان بىر يازغۇچىغا ئايلاندىم. باۋادا «تارىم» مېنى كەڭ مەتبۇئات سەيناسى بىلەن تەمىن ئەتمەگەن بولسا، يۇقىرىقىدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمنى تەسەۋۋۇر قىلىشىم ھەقىقەتەن تەس ئىدى، شۇنداقتىمۇ كەمىنىڭ ئوچۇقىنى قىلسام، ئۆسۈپ-يېتىلىش داۋامىدىكى ئەگرى-توقايلىقلارنى ئەسلىسەم، «تارىم» دىن بەھۇدە ئاغرىنغان جايلىرىممۇ ئاز ئەمەس ئىكەن. مەسىلەن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ژۇرنالغا ئەۋەتكەن ھېلىقى ئىككى «ئەسەر» — بىر چۆچەك، بىر شېئىرنىڭ كۆپىيىسىنى يېقىندا بىر كۆرۈپ چىقىپ، ھەقىقەتەن خىجىل بولۇپ قالدىم. چۆچەك قىزىق بولسىمۇ، ئىنتايىن چۇۋالچاق، چاكىنا ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ چاغدا مەندە چۆچەكنى رەتلەپ چىققۇدەك ئىقتىدار يېتىلمىگەچكە، مەن ئۇنى ئاڭلىۋالغىنىم بويىچە يېزىپلا ئەۋەتكەن ئىكەنمەن، ھېلىقى شېئىرمۇ مۇھەببەت شېئىرى بولۇپ، ئۇنى مۇھەببەتنىڭ زادى نېمىلىكىنى تېخى تۈزۈك ئۇقمايدىغان چېغىمدا قىياسەن يازغان ئىكەنمەن، شۇڭا تولىمۇ كۈلكىلىك، بىمەنە چىققان ئىكەن. بۇنداق ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى كېچىكىپ چۈشەندىم، بولۇپمۇ ئۆزۈم تەھرىرلىكنىڭ «ئاچچىق - چۈچۈكى» نى ئاز-تولا تېتىپ كۆرگەندىن كېيىن تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندىم. شۇنداق، بىز تولا ھاللاردا ئەسەرلىرىمىزنىڭ ئېلان قىلىنماسلىقىنى ئۆزىمىزدىن كۆرمەي، مۇھەررىرلەردىن كۆرىدىكەنمىز. ژۇرنالنىڭ تەلىپىنى، كونكرېت ئەھۋالىنى، قىيىنچىلىقىنى كۆزدە تۇتماي، «مېنىڭكىنىلا ئېلان قىلسىكەن» دېگەننى كۆپرەك تەكىتلەيدىكەنمىز، بەزىدە قارىسىغىلا «ئۇلار ئۆز تونۇشى، ئۆز يېقىنلىرى، ئۆز يۇرتلۇقلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىلا ئېلان قىلىدۇ» دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ، ئادىللىق بىلەن ئىشلەۋاتقان بۇ نامسىز قەھرىمانلارغا بەكمۇ ئۇۋال قىلىدىكەنمىز.

نۆۋەتتە ئىجادىيەت قوشۇنى كۈندىن كۈنگە زورىيىۋاتقان، ياخشى ۋە يىرىك ئەسەرلەر بارغانسېرى كۆپلەپ مەيدانغا كېلىۋاتقان ئەھۋالدا يالغۇز بىر «تارىم» ژۇرنىلى بارلىق ياخشى ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز سەھىپىسىگە سىغدۇرۇپ كېتەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە. پەقەت شۇ ياخشى ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدىن تېخىمۇ ياخشىلىرىنى تاللاپ (شۇنىمۇ تولۇق ئەمەس) ئىشلىتەلەيدۇ. خالاس. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئاپتورلار ژۇرنال سەھىپىسىنىڭ ھەقىقەتەن تارلىقىنى، مۇھەررىرلەرنىڭ ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىلاجىنىڭ بېرىچە يورۇقلۇققا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىدىغانلىقىنى ۋە جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرىدىغانلىقىنى چۈشىنىشى، ئۇلاردىن ھەرگىز ئورۇنسىز ئاغرىنىپ يۈرمەسلىكى كېرەك. مۇھەررىرلەرمۇ ئەسەرلىرى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئېلان قىلىنماي قالغان ئاپتورلارنى ياخشى يېزىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى، شارائىت يار بەرگەندە كونكرېت تەلەپ-تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇلارنى قىزغىن يېتەكلىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا ئاپتورلار بىلەن مۇھەررىرلەر ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىنى چۈشىنىدىغان، بىر-بىرىگە ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدىغان، ئۆزئارا ئۆگىنىپ بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان سەپداشلارچە دوستلۇق مۇناسىۋىتى قويۇقلىشىدۇ، «تارىم» ژۇرنىلى بۇ جەھەتتە ياخشى ئەنئەنىگە ئىگە. ئۆزۈمنى مىسالغا ئالىدىغان بولسام، «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم ئەسەرلىرىمنىڭ ئەسلى ئور-

گىنالى بىلەن ئېلان قىلىنغان نۇسخىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ شۇنى ھېس قىلدىمكى، مۇھەررىرلەر بەزى ئەسەرلىرىمگە ھەقىقەتەن ئاز ئەجىر سىڭدۇرمەپتۇ، مەسىلەن، «ھورۇن توپاق» دېگەن مەسەلىمدە «دۇمبىسىنى ئاپتاپقا قاقلاپ» دېگەن سۆز «سۆڭگىچىنى ئاپتاپقا سېلىپ» دەپ ئۆزگەرتىلىپتۇ، بولۇپمۇ مەن بۇنىڭدىكى «دۇمبە» دېگەن سۆزنىڭ «سۆڭگەچ» كە ئۆزگەرتىلگەنلىكىگە ھەقىقەتەن قايىل بولدۇم ۋە خۇشال بولدۇم. راستىنى ئېيتقاندىمۇ، بۇ يەردە «سۆڭگەچ» دېگەن سۆز «دۇمبە» دېگەن سۆزدىن تېخىمۇ جانلىق چىققان، بەكمۇ جايىغا چۈشكەن، قارىماققا بىر سۆزنىڭ ئويان-بۇيان قىلىنىشى تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئاددىي ئىشتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن بىز مۇھەررىرلەرنىڭ ئەستايىدىللىقىنى، مەسئۇلىيەتچانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز، ئۇنىڭدىن باشقا، «ئاداۋەت ۋە سائادەت» «بېخىلجاننىڭ سېخىلىقى»، «جازا»، «ئاينۇرى» قاتارلىق ھېكايىلىرىم ۋە «داغدا قالغان قىز» ناملىق پوۋېستىممۇ خېلى ياخشى تەھرىرلىنىپتۇ. باش مۇھەررىر، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر ۋە مۇھەررىر يولداشلارنىڭ ئالدىراش بولۇشىغا قارىماي، ئېلان قىلىنماي قالغان بەزى ئەسەرلىرىمنى قانداق تۈزىتىش توغرىسىدا كۆپ قېتىم خەت يېزىپ كونكرېت پىكىر-تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى مەندە ھەقىقەتەن ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇردى، مەن بۇ خەتلەرنى مۇھەررىر يولداشلارنىڭ ئۆز خىزمىتىگە بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە ئاپتورلارنى قىزغىن قوللىغانلىقىنىڭ جانلىق دەلىلى سۈپىتىدە تا ھازىرغىچە ئەتىۋارلاپ ساقلاۋاتىمەن، «تارىم» ژۇرنىلى ئاپتورلارغا ئەنە شۇنداق قىزغىن ئىلھام بېرىش، كونكرېت ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۇرغۇتۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. دېمەك، «تارىم» ئاپتورلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە، «غورىدىن ھالۋا»غا ئايلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى، يۈزلىگەن-مىڭلىغان يازغۇچى-شائىرلار ۋە ھەۋەسكارلارنى مۇنبەت تۇپراق بىلەن تەمىن ئەتتى، ئەدەبىيات قوشۇنىنى زورايتتى، ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇردى ۋە ئىتتىپاقلاشتۇردى، ئۇلۇغۋار غايە يولىدا ھارماي-تالماي كۈرەش قىلىۋاتقان ئىشچان، قەيسەر خەلقىمىزگە، ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى قاتلام كىشىلىرىگە مول روھىي ئوزۇق يەتكۈزۈپ بەردى، لېكىن دەۋر تەلىپى، خەلقنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «تارىم» نىڭ بۇندىن كېيىنكى ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئېغىر ۋە مۈشكۈل.

«تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزۈمنىڭ تەسىراتلىرىمنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتتۈم، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن «تارىم» گۈلزارلىقىدا تەر تۆككەن ۋە ئىزچىل تەر تۆكۈپ كېلىۋاتقان، ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق كىتابخانلارنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان، جۈملىدىن مېنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىمگە ئۆچمەس ئەجىر سىڭدۈرگەن، مېنى قىزغىن قوللىغان مۇھەررىر يولداشلاردىن سەمىمىي ھال سورايمەن، ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن ۋە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن ھەمدە ئۇلارنىڭ «تارىم» نى تېخىمۇ رەڭدار، تېخىمۇ كۆركەم ئەدەبىيات گۈلزارىغا ئايلاندۇرۇش يولىدا تېخىمۇ زور ئۇتۇق قازىنىشىنى تىلەيمەن.

بۇ سەھىپىدىكى ماقالىلەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

سەيپىدىن ئەزىزى

## ئارمانىنى كۆردۈم

(«يېڭى يولدىكى نورۇز» دېگەن تېلېۋىزىيە فىلىمىنى كۆرگەندىن كېيىن)

باھار پەيزى تىنتەنىسى نورۇزنى كۆردۈم.
ئۇيغۇر سەنئەت ئەنئەنىسى گۈلرۇزنى كۆردۈم.
قاشتېشىدىن چاقناپ چىققان يۇلتۇزنى كۆردۈم،
پەردىلەرگە تەن بەرمىگەن ئۇز يۈزنى كۆردۈم.

ئەسلەر ئىدىم دائىما شۇ شوخ بايرامنى،
قانخور دۈيەن يوقاتقان شۇ دىلئارامنى.
ھەر ئويلىسام قوزغايتتى ئۇ دىل يارامنى،
ئەل بىلەن تەڭ تەلپۈنگەن ئارماننى كۆردۈم.

تەۋەررۈك نامىغا باپ «يېڭى قاشتېشى»،
ئۇنتۇلماپتۇ زۈلمىنىڭ ئۇممىدلىك ئىشى.
بوش كەتمەپتۇ دېھقاننىڭ بەرگەن تۇز-ئېشى،
كۇئېنلۇن بوستانىدا بايرامنى كۆردۈم.

خوتەننىڭ روھىغا خاس نەغمە-ناۋاسى،
ياڭرىدى ئاسمانىدا مەشرەپ-ساماسى.
ماختىنىشقا ئەرزىيدۇ قىممەت باھاسى،
ئەل سەنئىتى، قىسسىسى — داستانىنى كۆردۈم.

كۆرسىتىپتۇ ھۈنىرىنى ئارقاندا دارۋاز،
تەڭكەش بوپتۇ ئۇنىڭغا سۇناي، راۋاپ-ساز.
نورۇز پەيزى دىللاردا سۆيۈنۈش، خۇش ناز،
كۈچ سىنىشىپ ئېلىشقان پالۋاننى كۆردۈم.

چالغۇچىلار سازنى سازلاپ چالغاندا،
قوشاقچىلار خۇش چاقچاق قوشاق قوشقاندا.
چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال ساما سالغاندا،
شۇ مەيداندا گويا مەن ئۆزۈمنى كۆردۈم.

خۇشتارمەن ئەي خوتەن سېنىڭ بەزمەڭگە،
چۈچۈك تىل، جۇشقۇن روھ، قوشاق نەزمەڭگە.
سەنئەتتە پەرۋازۇ - بۈيۈك لەرزەڭگە،
ئېلچى ئوغلى، كېرىيە قىزى چەبدەسنى كۆردۈم.

جىق ئۈمىدلەر كۈتمەكتە سېنىڭدىن بوۋاك،
پەرۋانە بوپ بەخت تىلەر مېھرىبان ئاناڭ.
ئەلگە تۆھپە ياراتقىن، دەپ تىلەيدۇ ئاتاڭ،
ئانا سۈتىن ئاقلىغۇچى مەردانىنى كۆردۈم.

خوتەن نورۇز تەنتەنىسى ياڭراتتى ناۋا،
سەيلىگاھتا دوست - يارانلار سېلىشتى ساما.
بىراق دوستلار، كەمتەر بولماق مەرتلەرگە راۋا،
ئۈمىددىمدە دەۋر روھى نورۇزنى كۆردۈم.

1990 - يىل، 18 - ماي. بېيجىڭ

ئەسقەر ياسىن

## پارلاق ھېسلار، قايناق ئىلھاملار

ئاياز

ئايازنىڭ كۆزىگە تىنغان ھولۇقۇش،
قول سىلكىپ قويىدۇ شەپەققە ھامان.
كۆمۈشۈپ قويارمۇ ئۇنى ئاپئاق قار،
ئۇچۇرۇپ كېتەرمۇ ياكى شۇۋرغان؟

كۆزى ياش،
يازار ئۇ ئويغاق ئۆتمۈشكە
تۈگىمەس ھاقارەت،
ھەسەت ھەققىدە،
ئۇنىڭغا جىلۋىلىك بىلىنەر ھامان
كۆكلەمدىن ئىبارەت خائىن ئىبارە.

ئايازغا يوق شەپقەت،
چۈنكى ئايازمۇ،
باشقىغا زادىلا قىلماس ياخشىلىق.
كەلمىسۇن ئۇ مەيلى قانچە ھەيۋەتتە،
ئۆزگىگە ئىزگۇ ھېس بېرىشى چاغلىق.

ھەممىگە تاشلايدۇ ئۇ غەمكىن نەزەر،
يۆلىنىپ تۇرغىنى كۆز يەتمەس بوشلۇق.

شۇ ئەلسىز كۆڭلىگە كىچەر جىق خەتەر،
خىسلىتى ھەممىگە بولغان تونۇشلۇق.

ئۇ ئويلار:
يالغانغا ئورايدۇ بىراۋ،
ئۇ شۇندىن باشلاپلا بوپ كېتەر گۈزەل،
چۈچۈمەل سايراشلار كېتەر شوخلۇنۇپ،
ئارمانلىق ھەر نەرسە بولار شۇندا تەل.

خىياللار تۆكۆلەر غەمكىن، ئۈمىدسىز،
بەك ئەركە شەپەقمۇ كېتىدۇ يوقاپ،
ئايازنىڭ كۆزىدە ئويناپ قالغىنى
يەنىلا شۇ ھەسرەت،
ھولۇقۇش،
ئازاب...

### ئۆز - ئۆزۈمنى ئالداش

چاقماقلار لەيلەيدۇ ھەممىشە تەمكىن،
بىز ئۇنى ئەزىزلەپ تۇرغاچ «ئىلاھ» دەپ.
بورانغا ساھىبخان بولغان ئۆزىمىز،
ئۇ كېتەر تېخىمۇ ھەيۋەت گۈركىرەپ،

يۇلتۇزلار توساتتىن ساقىشار ئۇقتەك،
نەزەرسىز قالىدۇ مەۋھۇم بىشارەت.
كەينىگە تىرەجەپ تۇرغان ئۆزىمىز،
يەڭلەردىن تارتقۇشلاپ سۆرىسە سائەت.

شۇ قەدەر سۆيۈملۈك، قەدىردان بىزلەر،
خۇدالىق ھىممىتى قولىمىزدا بەس.

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

تېخىمۇ بەختلىك بولدۇققۇ مانا،
بىرووۋنىڭ بەختىدىن بولغاچقا پەخەس.

### بىر يول بار

بىر يول بار ئۇنتۇلۇپ كەتمىدىم تېخى،
ئۇ بىزگە قالدۇرغان پۈتمەس مۇساپە.
دېرىزەم ئالدىدا ئۇلتۇرۇپ ھامان
ئويلايمەن:
قار ياغقان بۇندا بىر زامان،
ئويلايمەن:
(شاد ھېسلار ئويناپ كۆڭۈلدە)
ئېھ، بۇندا بىز كۈتكەن چاقماق چېقىلغان.

چاقماققا بېغىشلاپ يازغان قەسىدە
يىرتىلغان...

ئويلاشقا يوقتۇر تاقىتىم،
كىملەردۇ ئۆتتۈشتى ماڭا قول شىلتىپ،
كەينىدە نېمىدۇ قالىدى چېچىلىپ،
ئويلايمەن:
بىر كۈنى كەلسە سائىتىم،
قار بولۇپ ياغارمەن ئاپئاق نۇر چېچىپ.

بىر يول بار ئۇنتۇلۇپ كەتمىدىم تېخى،
چۈچىتەر مەنزىلىنىڭ يىراقلىقى بەك،
دېرىزەم نۇر بىلەن بېزەلگەن تولۇق
ۋە ئۇندا بىر تەشتەك گۈلمۇ قويۇقلۇق،
سۆزلىنەر ھەر كېچە گۈزەل بىر چۆچەك،
سۆزلىنەر تۇلپار ئات...
تىنغان جەسۇرلۇق...

# شېئىرلار

### تەبىئەتنىڭ ھېكمىتى

ئىيۇن:
تۇرپانغا چۈشكەنتىم ئىسسىق تەپتىگە

چىدالماي ھەريانغا ئۇردۇم ئۆزۈمنى.
نەنسەنگە چىققانتىم، يايرىدى جېنىم
سالقىن تاغ شامىلى سۆيۈپ يۈزۈمنى.

يانۋار:
ئالتايدا تۇرغانتىم ئالتە كۈن پەقەت،
جېنىمنى قاقشاتتى قەھرىتان ئاياز.
خاكجوغا بەش كۈنلۈك يىغىنغا بېرىپ،
كۆكلەكچان باغ كېزىپ يۈردۈم، خۇددى ياز.

*          *

چۈشەندىم بۇ ھالدىن تەبىئەت شۇنداق
ئىسسىق ۋە سوغۇقنى تەكشىگۈچ مىزان.
ئۆچمەمدۇ بىر يولى ھاياتلىق شامى
يا ئىسسىق، يا سوغۇق بولسا ھۆكۈمران.

**كېپىنەك ۋە توكمۇز**

كېپىنەك كۆز ئېچىپ يورۇق ئالەمگە،
بىرنەچچە ئايلا ياشايدۇ ئاران.
بولسىمۇ ئۆمرى شۇنچىلىك قىسقا،
ئاڭا يار ھەردەم خۇش بۇي گۈلۈستان.

قوكمۇزنىڭ ئۆمرى بولسىمۇ ئۇزۇن،
لېكىن ياشايدۇ ئەخلەت ئىچىدە.
نېمە ھاجىتى ئۇنداق ئۆمۈرنىڭ،
يىرگىنىچ قوزغىسا ھەممە كىشىدە.

**بەخت ھەققىدە**

بەخت نېمىدېگەن سوئالنىڭ
تولا ئىكەن تەبىرىمۇ بەك.
بىرى دەيدۇ: باياشادچىلىق،
بىرى دەيدۇ: ۋىسالغا يەتمەك.
بىرى دەيدۇ: ۋەتىنىڭ ئۈچۈن
پەيتى كەلسە جېنىڭدىن كەچمەك.
ئويلاپ كۆرسەم ھەممە تەبىرنىڭ
جان تومۇرى كۆرەش ۋە ئەمگەك!

**بەزىدە ئاچچىق ئەسلىمىلەرمۇ...**

بەزىدە ئاچچىق ئەسلىمىلەرمۇ
ئويلاندۇرۇپ كىشىنى،
تۆزەيدىكەن ئىشىنى...
شۇ چاغدا ئۇنتۇلۇپ ئازابلىق ئۆتمۈش
تۆكىدىكەن شادلىق يېشىنى.

**شامالغا ئىلتىجا**

سۆيۈپ ئانار مەكزىنى،
سۇمبۇل چېچىنى.
ئېلىپ كەلدى باھار شامىلى
دىلبىرىمنىڭ ئىپار ھىدىنى.

بەھۇش قىلدى خۇش پۇراق مېنى،
يالقۇنجىدى، سېغىنىش ئوتى،
ۋە شۇ ئان شامالغا قىلدىم ئىلتىجا:
ئاھ ئۇچقۇر شامال،
قاناتلىرىڭغا قىستىۋال مېنى...

**يۇرت سۆيگۈسى**

زورلىماڭلار مېنى ئەنجۈرگە،
زورلىماڭلار ئانارنى تەڭلەپ.
زورلىماڭلار شېرىن ئۈزۈمگە،
يېمىسەممۇ كۆرگىنىم قىممەت...
يۇرتۇم تىجەننىڭ جەننەت باغلىرى
بېغىشلىدى ئۇتلۇق مۇھەببەت.
ھاياجاندىن تامدى ياشلىرىم،
يۇرت سۆيگۈسى ئاتقاندا فونتان.
ئېخ، ئانىجان تۇغۇلغان يۇرتۇم
ئۆچمەس مېھرىڭ قەلبىمدە گۈلخان.

ئىبراھىم نىياز

# ئىككى شېئىر

## شائىر

ئىزلىرىڭدا گۈللەر ئۈنۈپ سايرىدى بۇلبۇل،
كۆيلىرىڭ بار بولغۇنلارنىڭ چېچەكلىرىدە.
پەرۋانىسەن ئانا يۇرتقا، ئالتۇن دىيارغا،
ياشار كۆيۈك ئۇپۇقلارنىڭ جىيەكلىرىدە.

يۈزلىرىڭنى سۆيۈپ قالار يۇمشاق شولىلار،
كۆزلىرىڭدىن داۋالغۇيدۇ ئانا تەبىئەت.
جۇشقۇن ھايات چاچراپ تۇرار نەپەسلىرىڭدىن،
ۋۇجۇدۇمدا ھەمراھدۇر سەن ئەبەدىل- ئەبەت.

گۈل - گىياھلار يۇيۇنىدۇ ئىلھاملىرىڭدا،
چۈش كۆرىدۇ كۆيلىرىڭدىن بوركۇت بالىسى.
نۇر تۆككۈچى كۈنلا ئەمەس سەندىمۇ نۇر بار،
سەندىكى ئۈنۈملەيدىغان يۈرەك ناخشىسى.

چۈشتەك شېرىن خىيالىمنى بۇزما شاۋقۇنلار،
شائىر تۆككەن ئوت كۆيلەرگە بولاي مەن
ئورتاق.
ئانىلارنىڭ ئەللىيىدەك ھاللىق بىر ئاھاڭ
يۈرىكىمگە ئۆچمەس قىلىپ ياقماقتا چىراق،

شائىردىكى ئوتلۇق يۈرەك، ئوتلۇق تەپەككۇر
ۋۇجۇدۇمغا ئاتا قىلدى قالتىس بىر - يۈرەك.
ياشاش ئۈچۈن بەردى يەنە ماڭا بىر مەشئەل،
مەنزىللەردىن ئېشىپ شۇندا كۆتۈردۈم
كۆكرەك.

سۆيۈنچىلەر تا ئەبەتكە ئايلانسۇن سەندىن،
ئۆلمە شائىر، كۆيلىرىڭدە كۆيلىسۇن ئالەم.
ئوت يۈرىكىڭ رەنج كۆرسە يۈرىكىمنى ئال،
بولۇپ قالاي مەنمۇ شۇندا ئۇلۇغ بىر ئادەم.

## دالا قىسمىتى

ھېكمىتىڭنى تەسۋىرلەشكە قەلىمىم ئاجىز،
ساڭا يانغان يۈرىكىمنى پەقەت بىلىپ قال.
سۆيگۈ بەردىڭ ۋۇجۇدۇمغا سېغىنىش بىلەن،
كېتەر بولسام يۈرىكىمنى سەنلا ئېلىپ قال.

ئەزىمەيدۇ ئېيتقان ناخشام ساڭا ئەي دالام،
بىباھادۇر مەن سۈمۈرگەن شۇ ساپ ھاۋامۇ.
يۈرەكتىكى پىغانلارغا سېنىڭدىن بۆلەك
ھېچقەيەردىن تېپىلمايدۇ بىر رەت داۋامۇ.

سەندە ئۆسكەن يۇلغۇنلارغا قارايمەن تەكرار،
خىيالىمغا كىرەر شۇندا بوۋام تۆككەن قان.
قەدىرلەرنىڭ بېشىدىكى شاۋاقلار ھىدى
شېھىد بولغان ئانام ئۈچۈن سالىدۇ چۇقان.

تاغلىرىڭدا، ئېدىرىڭدا يېتىلدىم - ئۆستۈم،
يېشىل رەڭگە، يېشىل سۆيگۈ ھەمراھ بولدى
ھەم.
ئانامنىڭ كەڭ باغرى يەنە سەندىن بولغاچقا،
بولۇپ چىقتىم مۇھەببەتلىك ئوت يۈرەك
ئادەم.

يۈرىكىمنى ئۆزۈڭ بەرگەن، ئۆزۈڭ ياراتقان،
سۆيگۈلەرگە تولۇپ كەتسۇن، ئۆزۈڭ
ئېلىپ قال.
سېنى سۆيدۈم، سېنىڭ ئۈچۈن ناخشىلار
ئېيتتىم،
ئىشقىڭدىلا يانغىنىمنى چوقۇم بىلىپ قال.

ئەزىم ناسىر

# هاياتقا تاشلىنىش

1

مەن تالاي يول ماڭدىم، تالاي يول ماڭدىم،
ئالدىمدا بار تېخى يېپيېڭى يوللار.
بىلمەيدىم يوللارنىڭ تۇرالغۇسىنى،
يول ماڭدىم
بۇ يوللار كەتتى كۆپىيىپ
تاپماستىن پەللىسى - قونالغۇسىنى.
سېغدۇردۇم كۆزۈمنىڭ قارىچۇقلىرىغا
هاياتنىڭ بۇ ئۇزۇن مۇساپىسىنى.

تۇغۇلدۇم ئىس باسقان نامرات كۈلبىدە،
تاۋلاندىم يانۋارنىڭ سوغۇقلىرىدا،
ئۆمىلەپ چوڭ بولدۇم قىرلار دېشىدا،
تومۇزنىڭ ئەدىگەن ئىسسىقلىرىدا،

دۇنيانى غەلىتە تەسەۋۋۇر قىلدىم
ئوخشىتىپ مۇمامنىڭ چۆچەكلىرىگە،
چۈشەندىم هاياتنىڭ قىسمەتلىرىنى،
كۆز سېلىپ دۇنيانىڭ خىسلەتلىرىگە.

ئىنتىلدىم قۇياشقا ئىزدەپ يورۇقلۇق،
تاغلارنىڭ ئىشقىدا ياندىم ئوت بولۇپ،
هاياتقا يەنىمۇ كەتتىم ئىچكىرىپ،
تۇرغاچقا ئالدىمدا مەنزىل نۇرلىنىپ،
ئامراقلىق قىلدىممەن گۈزەل باهارغا،
مەست بولۇپ بۇلبۇلنىڭ قوشاقلىرىغا،
قانمىدىم گۈللەرنىڭ جۇلالىرىغا،
جانلارنى ياشناتقان پۇراقلىرىغا،
تاللىدىم مېڭىشنى ئۇزاق يوللاردا،
ئاخىرقى كارۋاننىڭ بولۇپ تۇنجىسى،
ئۇچراتتىم يوللاردا سانسىز ئىزلارنى،
بوپقالدىم ئۇزۇن سەپ ئارا كەنجىسى.
قارىسام ئالدىمدا بوللار قاتمۇ قات،
بۇ يوللار كۆزۈمدىن چىققان باشلىنىپ،
ئالدىمدا داۋانلار ئاچماقتا قۇچاق،
مەن ئاشۇ يوللارغا كەتتىم تاشلىنىپ...

2

مۇمامنىڭ كۈمۈشتەك ئاپئاق چاچلىرى
تۇرماقتا ئالدىمدا نۇردەك يېيىلىپ.
قار قونغان كىرپىكلەر مىسلى قاراۋۇل،
ئاق ساۋۇت كېيىشكەن پالۋانلار كەبى
مەردانە ۋە مەغرۇر تۇرار كىردىيىپ.

مانا بۇ مەن ئىزدەپ يۈرگەن قارلىق تاغ،
ئۈستىدە ئاق بۇلۇت يۇلتۇز ۋە تۇمان.
مانا بۇ مەن ئىزدەپ يۈرگەن دەريالار،
ئۈستىنى قاپلىغان ئاقۇشرەڭ مانان.

يوللىرىم نەچچىگە كەتتى بۆلۈنۈپ،
ئالدىمدا ساناقسىز قارلىق چوققىلار،
مەن قىلدىم شۇ تاپتا قاناتقا هەۋەس،
شۇڭغىسام بۇركۇتتەك يېرىپ تۇماننى،
هالقىسام تاغلاردىن بولۇپ بىر شۇڭقار.

تۇرماقتا ئالدىمدا پايانسىز چۆللەر،
تېخىچە ئادەملەر ئاياغ باسمىغان.
مەن قەدەم تاشلىدىم چىغىر يوللارغا،
تېخىچە كارۋانلار مېڭىپ باقمىغان...

3

ئۇچراتتىم يوللاردا هەر خىل گۈللەرنىڭ
ئاجايىپ يېقىملىق پۇراقلىرىنى.

ئۆچراتتىم يوللاردا ئېگىز تاغلارنىڭ
شىرىلداپ توختىماس بۇلاقلىرىنى.
ئۆچراتتىم يوللاردا تاش ھەيكەللەرنى،
تاغلارنىڭ باغرىدا تۇرار قەد كېرىپ.
ئۆچراتتىم مۇمياغا ئايلانغان تەننى
مىڭ يىللار ئۆتسىمۇ كەتمىگەن چىرىپ.
يەنىمۇ ئۇلغايدى ھاياتقا مېھرىم،
ئاڭلىدىم بۇلبۇلنىڭ مۇڭلۇق كۈيىنى.
چۈشىنىپ ھاياتنىڭ قىسسەلىرىنى
پۇراشقا ئىنتىلدىم سۆيگۈ گۈلىنى.
مەن تېخى ماڭمىغان يوللار ھېسابسىز،
ھەققىم بار ئۆمرۈمدە مېڭىشقا تولۇق.
توسالماس يولۇمنى داۋانلار پەقەت،
بۇ ماڭا تەبىئەت بەرگەن زور ھوقۇق،

4

تۇرماقتا يىراقتا، يىراقتا شۇنچە
مەن ئامراق دەريالار،
مەن ئامراق كۆللەر.
كۈن بىلەن سۆيۈشۈپ ئۇخلار بەھۇزۇر
مەن تېخى ھېچ ئاياغ باسمىغان چۆللەر.
تۇرماقتا ئالدىمدا سانسىز داۋانلار
مەن تېخى ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان.
بىلمەيمەن داۋاننىڭ مۇشەققىتىنى،
بۇ ماڭا تېخىچە سىرلىق ئىمتىھان.
مەن مېڭىپ باقمىغان يوللار ساناقسىز،
مەنزىللەر مەنزىلگە كەتكەن چىرمىشىپ.
مەن تېخى كۆرمىگەن گۈللەر ساناقسىز،
تاغلارنىڭ باغرىدا ئۆسكەن يامىشىپ.

5

مەن تېخى ئېيتمىغان ناخشىلار نۇرغۇن،
قالارمەن ئېيتىشقا بەلكىم ئۇلگۈرۈپ.
مەن تېخى ئاشمىغان داۋانلار نۇرغۇن،
قالارمەن ئېشىشقا بەلكىم ئۇلگۈرۈپ.
ناخشامنى ئۇچۇرغان ئىللىق شاماللار،
ئېرىتەر قارلارنىڭ قالدۇقلىرىنى.
جىلمىيىپ ئالدىمدا چىرايلىق باھار،
ئايىماس مېنىڭدىن تارتۇقلىرىنى،
مەن ئامراق دەريانىڭ شۇرمەللىرىگە،
يەپ كېتەر غەملەرنى قايناملار يالماپ.
مەن ئامراق دېڭىزنىڭ سۈزۈكلۈكىگە
ئاستىدا يۇلتۇزلار جىمىرلار چاقناپ.
مەن ئامراق قۇملارنىڭ كۆچۈشلىرىگە،
يۆتكىلەر مەنزىلدىن مەنزىلگە كۆچۈپ.
مەن ئامراق كىيىكنىڭ سەزگۈرلىكىگە،
ئورمانغا يول ئالار پۇراقتىن چۆچۈپ.
مەن ئامراق مەنزىللەر ئاچىدۇ قۇچاق،
مەن كىرىپ كېتىمەن ئاخىر قوينىغا.
باغاشلاپ سۆيىمەن يېنىش - يېنىشلاپ،
مەن گىرە سالىمەن مەھكەم بوينىغا،
مەن ئامراق تاغلارغا،
ئامراق كۆللەرگە،
مەن ئامراق ھاياتقا ۋە مەنزىللەرگە ...

ئېزىز ئىمىر

## نېمە دەيدۇ، يۈرىكىم؟

شېئىرلىرىمغا

پەرۋىش قىلدىم سېنى كۆپ زامان، لېكىن كۆركەم كۆكلىيەلمىدىڭ.
ئىشقىڭدا مەن سەكپارە بولۇپ. يا بىراقلا كەتمىدىڭ سولۇپ.

تاشلاپ كېتەي دەيمەن بەزىدە،
لېكىن كۆڭلۇم ئۇنىماس ئاڭا.
ئەتراپىمدا سەممىي كۆزلەر،
ئۈمىد بىلەن تىكىلەر ماڭا.

پەرۋىشلەيمەن شۇڭا مەن سېنى،
قاچانغىچە ھايات بولسام گەر.
لېكىن ئۆلسەڭ مېنىمۇ ئۆلتۈر،
يا شائىرلىق دەستۇرىڭنى بەر.

## دۇنياغا نەزەر

ياشايمىز بىر زېمىندا بىللە تۇرۇپ،
ئالىمىز بىر قۇياشتىن ئىسسىقلىق ھەم.
ھەممىمىز ھايات ئۈچۈن قەسىر قۇرۇپ،
كۆكلەيمىز بىر زېمىندىن ئىچىپ زەم-زەم.

ۋە لېكىن شۇ بىر تاللا يەر شارىنى
نەچچە يۈز تارامىلارغا بۆلۈپتىمىز.
كۆرگەندە بىر-بىرىمىزنىڭ مۇڭ-زارىنى
بىر-بىرىمىز مازاق قىلىپ كۈلۈپتىمىز.

ئىزدىشىپ بەختىمىزنى جەڭ-جېدەلدىن،
چوڭىمىز كىچىككە پۇت ئېتىپتىمىز.
ئورۇنسىز بەرگەن غايەت زور بەدەلدىن
ھالسىزلىق ئىچىرە ئېگراپ يېتىپتىمىز.

تارتىڭلار قولۇڭلارنى، ھەي ئادەملەر،
قان بىلەن بۇلغانمىسۇن بۇ كەڭ تۇپراق.
تىنچلىق، ئىناقلىقتىن دىل سۆيۈنەر،
بەختىمىز شۇ قۇياشتەك بولسۇن پارلاق.

## ئون سەككىز ياش ناخشىسى

ئۆگەندىم سېنىڭ قەدەم ئېلىشىڭدىن
گاھ قوپۇپ، گاھ يىقىلىپ مېڭىپ تەم-تەم.
ئۆگەندىم ھەمدە قەھ-قەھ كۈلۈشىڭدىن،
شۇ يوسۇن بولدۇم بۈگۈن مەنمۇ ئادەم.

ئون سەككىز يېشىم-قىران ياشلىق چېغىم،
باشقىچە كۈلدۈم، ماڭدىم بۇ ھاياتتا.
بىخ سۈردى چېچەكلەشكە ئۆمۈر بېغىم،
سەبىيلىك قالدى ئەمدى بەك يىراقتا.

ئەمدى مەن ماڭدىم بۈگۈن ئۆز يولۇمدا،
ئوخشىماس سەن ماڭغان ھېچ يولغا ھەتتا.
ئون سەككىز يېشىم-تەقدىر ئۆز قولۇمدا،
رەنجىمەسەن، خۇش بولامسەن مەندىن، دادا؟

ئەركىن مۇھەممەت كامالى

# قەلبىمدىكى يارقىن ناخشىلار

1

قارىچۇقۇمغا سىغماس سېنىڭ سۈرىتىڭ،
بارخانلىرىڭ تارتار دىلىنىڭ مەيلىنى.
ئۇيۇق بىلەن گىرەلەشكەن چەت-چېتىڭ،
سۈندۈرىدۇ بورانلارنىڭ پەيلىنى.

چىنارلىرىڭ شائىر سۈپەت خىيالچان،
كېچە-كۈندۈز تىنماي شېئىر يازىدۇ.
كۆزلىرىڭگە سېھىرلەنگەن كۆك ئاسمان
سۆيۈشىنى يۈلتۈز قىلىپ چاچىدۇ.

كىندىك قېنىم تامغان ئەزىز گۈل ماكان،
ئېلىپ كەلدىم ھېسلىرىمنى سالامغا.
ھەيران قالسۇن جىمى ئالەم، جىمى جان،
كەڭلىكىڭنى بەرگىن مېنىڭ ناخشامغا.

2

ئېخ، يۇرتۇمنىڭ چوققىلىرى، تاغلىرى،
تەرىپىڭگە تىلىم خويمۇ قىسىلدى.
ئىختىيارسىز توختاپ قالدى قەلىمىم،
قاتتى بېشىم، تالاي قەغەز يىرتىلدى.

سەن تۇرىسەن تىرەپ كۆكنى - ئاسماننى،
بۇلۇتلارمۇ ئەگىپ ماڭار نېرىدىن.
سۇر - ھەيۋىتىڭ ئەيمەندۈرەر خاقاننى،
تەزىم ئەيلەر چۈشۈپ ھەتتا ئېتىدىن.

بۈركۈتلەرنىڭ بۆشۈكى ئەي تاغلىرىم،
ئېلىپ كەلدىم ھېسلىرىمنى سالامغا.
پەخىرلەنسۇن سېنىڭ بىلەن ئۆز ئېلىم،
بۈيۈكلۈكنى ئاتا قىلغىن ناخشامغا.

3

دولقۇنىڭدا ھېسلىرى بار شائىرنىڭ،
شاۋقۇنلىرىڭ چۆچۈتىدۇ ئاسماننى.
ھەر قەترىڭدە زۆھرە بىلەن تاھىرنىڭ
تىنىقى بار تاڭ قىلىشۇدەك جاھاننى.

كۆكتىن چۈشۈپ كۆك پەرىسى تولۇنئاي،
يۇيۇنىدۇ ھەر ئاخشىمى سېنىڭدە.
سەھەر پەيتى ھېچ كىشىگە تۇيدۇرماي،
سۆيۈپ ئالار قۇياش ھەتتا لېۋىڭگە.

ۋاپا - سۆيگۈ تولۇپ ئاققان دەريالار،
ئېلىپ كەلدىم ھېسلىرىمنى سالامغا.
ماختىنايلى سېنىڭ بىلەن ئەبەدى،
تىرەنلىكنى ھەدىيە قىل ناخشامغا.

ساداقەتجان ھاجى

## تىلسىمات دۇنياسى

كۆزلىرىڭ گوياكى تىلسىمات بوشلۇق.
بىر تامچە ياش ئۇندا تۇرىدۇ لەيلەپ.
بىپەرۋا تەبەسسۇم، ئىزتىراپ، خۇشلۇق،
دۇنيانى جەلپ ئېتەر ئۇنسىز سېھىرلەپ.

ئۆچكەن كۆل تۇزۇغان ئۇچاقتەك گويا،
ھارغىن جۈپ كۆزۈڭدە چاقنار كۆز يېشى.
چانقىدەك مىسالى بىپەرۋا دۇنيا،
مۇمكىنكى ئاخىرى كۆزسىز قېلىشى ...

كىرپىكلەر سۆيۈشۈپ ۋىسال قۇچقان دەم،
يايراقتا شەبنەمدەك سىرغىپ چۈشەر ياش.
گويا تاڭ سەھەردە چاقنىغان شەبنەم
مىسالى نەگىزىڭدە پارلايدۇ قۇياش ...

نە ئۇپۇق، نە شەپەق، نە پارلاق قۇياش،
نە سېنىڭ كۆزۈڭگە بەرسۇن قايتا نۇر؟
تىكەندەك كىرپىكلىك يەنىلا يۇۋاش،
سەندە يوق چوڭقۇر دەرد، سەندە يوق غۇرۇر.

ئۆكسۈگەن تىنىقلار ئۆرلەپ كۆككە سۇس
سۇپ - سۈزۈك شەبنەمنى مۇزلىتار پىنھان.
خۇشاللىق ۋە ئازاب، ئۈمىد ھەم ئەپسۇس،
تىمتاس بىر سۈكۈتتە، سۈكۈتتە ھەر ئان.

ۋە لېكىن كۆزلىرىڭ يەنە تىلسىمات،
بەزىدە كۆرىمەن ئاچچىق ئەلەمنى.
ئۇنتۇلغان چۈش كەبى شۇ قەدەر سەن شاد،
تۇرار ھەم شادلىقىڭ يوشۇرۇپ غەمنى.

...

مۇزلىتىپ بىر تامچە ياشنى بوشلۇقتا،
ئۆكسىدى يۈرىكىڭ دولقۇنلاپ ئەنسىز.
پارلىتىپ قۇياشنى كۆزۈڭ خۇشلۇقتا
قالدۇردى بىر تامچە ياشنى ۋەتەنسىز...

بىلمىدىم، نە قۇياش، نە سۈزۈك شەبنەم،
يوشۇرۇن تەبەسسۇم قىلدى يۈزۈڭدە؟
ئۈمىدسىز بىر ۋىجدان، يا ئۈمىدۋار غەم،
ئىككىدىن بىرسى بار بەلكىم كۆزۈڭدە.

سېغىنىش ئازابىمۇ، ئۇنتۇش ئازابىمۇ؟
كۆز يېشى ئۇلۇغمۇ، قۇياش ئۇلۇغمۇ؟
جىملىقنىڭ سۈكۈتىمۇ يا ئىزتىراپىمۇ؟
بىلمىدىم، بۇ تىلسىم كۆزۈڭ يۇمۇقمۇ؟؟

## ئۆتەڭ، يول، ئادەم

يېتىمسىراپ قالغان بىر ئۆتەڭ،
يېتىمسىراپ قالغان بىر يول ھەم.
شۇ ئۆتەڭنى كۆزلەپ شۇ يولدا،
يېتىمسىراپ كېلەر بىر ئادەم.

ھېچكىم قونۇپ باقمىغان ئۆتەڭ،
ھېچكىم مېڭىپ باقمىغان بۇ يول.
قورقۇنچ سېلىپ تۇرسىمۇ دىلغا،
كېتىپ بارار شۇ ئادەم ئۇدۇل.

ھېچكىم ئويلاپ يەتمىگەن بۇنى،
ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىغان ھەم.
قانداق ئىشلار يۈز بېرىشىنى
بىلەر بەلكىم ئاشۇ بىر ئادەم.

قىزىق قۇمدىن ئۆرلىگەن تۇمان،
يوشۇرسىمۇ كېلىچەكنى گەر.
مېڭىپ كۆرگىن ئەي جەسۇر ئادەم،
شۇ ئۆتەڭنى تاپقانغا قەدەر!

ئەزىز ھېيىت

# كۆز ئىچىدەك سۈزۈلگەن سەھەر

## يېشىللىقتا چۆككەن قۇم دېڭىز

كۆز ئىچىدەك سۈزۈلگەن سەھەر،
قارىچۇق كەبى كۆرۈنگەن ئىزۋەك.
يىراقلاردىن دومىلاپ كېلەر
تۈپتۈقلارغا ھەل بەرگەن يۈرەك.

ئالقانسىمان دەشتۇ ـ باياۋان،
كۆتۈرۈشكەن بارخانلار دولقۇن،
شۇڭغىماقتا قەلبىمگە پىنھان
يۇزلىرىمگە چېچىپ ئاق بوژغۇن.

ئۆز ئىلكىگە ئالماقتا ئۇنى
قەلبىمدىكى چىرايلىق سۈرەت.
يېشىللىقنىڭ تاغدەك دولقۇنى
قۇم سۈمۈرۈپ ياسايدۇ جەننەت.

كۆز ئىچىدەك سۈزۈلگەن سەھەر،
چۆل تەلمۈرەر كۆزۈمگە بېقىپ.
يۈرىكىمدە كۆرۈپ بىر شەھەر،
قۇم تەكتىگە كەتمەكتە سىڭىپ.

## تاغدىكى ئىز

ئىنىق كۆل سۈيىدەك جىمجىت سەھەردە،
نۇرلىنىپ كۆرۈنەر دالا ـ ئېدىرلار.

ئاقارغان يەرلەردە چىلىقار كۆزگە
دالىدىن ئۆپۆقىقا يول ئالغان ئىزلار.

ئاقئۇدەك كۆرۈنگەن ئاسمان چېتىدە
يېگانە تۇرىدۇ تولۇن ئاي مۆگدەپ.
جىلغىلار قوينىغا سۈمۈرۈلۈپ مانان،
ئۇيقۇدىن ئويغىنار چوققىلار ئەسنەپ.

يەردىكى دىلبەرنىڭ ئىزى ئېھتىمال،
ئۇنى تاڭ يورۇقىغا باشلىغان مۇرات.
كەينىدىن كۆپ قاراپ قالغان شەھەردە،
چۈش كۆرۈپ ياتىدۇ بۇ قالتىس ھايات.

ماڭغاندۇ ئۇ بەلكىم پەرىلەر كەبى
زېمىنگە تۇنجى رەت نەقىشلەر ئويۇپ.
كۆرۈنەر نەقىشى تىمتاس دالىدا
بىر جۇشقۇن ھاياتنىڭ ئىزناسى بولۇپ،

يېگانە كۆرۈنەر تىمتاس دالىدا
دالىدىن ئۆپۆقىقا يول ئالغان شۇ ئىز.
نۇر چاچار شۇ ئىزغا كۆمۈلگەن ئۈمىد،
ئۆپۆقنىڭ باغرىدا كۈلگەندە بىر قىز.

چۈش بولمىسۇن مەندىكى ئارمان
ئەۋەتكەنمۇ ياتەگرى سېنى،
يەرگە مەپتۇن پەرىزات قىلىپ.

بىر كۆرسەملا رام قىلدى مېنى،
ئاتەش كۆزۈڭ قوياش بوپ يېنىپ.

كۆزلىرىڭگە مۆكۈپتۇ ئاسمان،
ئۇ شۇنچىلىك سۈزۈك ۋە تىنىق.
بەردىمىكىن رەڭگىنى ئۇكيان
دېسەم، رەڭگى ئۇنىڭدىن قېنىق.

كۆزلىرىڭگە مۆكۈپتۇ جاھان،
ئۇ شۇ قەدەر گۈزەل كۆرۈنەر.
قاش - كىرپىكلىڭ بەئەينى ئورمان،
سىرلىق ئالەم بولۇپ بىلىنەر.

دىلبەر كېچە قۇندۇز قارىچۇقىڭ،
بىراق بولماس تۈن ئۇنچە تىمتاس.
ۋالىقلىغان سۈيىدۇر ئويۇڭ.
كۆزۈڭ ئىبەدى سەھەرگە تەۋتاس.

ئۆپۆقىغا بولسام بىر چېكىت.
ئەلدىن ئۇنى تۇتمىساڭ پىنھان.
قىلما مېنى مەڭگۈ نائۈمىد،
چۈش بولمىسۇن مەندىكى ئارمان!



ياسىن نىياز

# سېنى سۆيەتتىم ...

(ھېكايە)

ھويلىمىزدا بىر تۇل ئايال بار ئىدى، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش ئىجارىگە ئېلىنغان بىر ئېغىزلىق دالان ئۆيدە ئولتۇراتتى. بىز بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرىدىغان ئىككى ئېغىز ئۆيدە ئولتۇراتتۇق. مېنىڭ يىراقتا بولسىمۇ خىيالىمدا بەللە ياشايدىغان ئايالىم بار بولۇپ، بەختلىك بويتاق ئىدىم، بىراق ئۇ ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن بەختسىز بويتاق ئىدى.

مەن بۇ ئۆيگە كۆچۈپ كەلگەن ۋاقتىمدا ئۇ بار ئىكەن. بىز بىر-بىرىمىزدىن ياتسىراپ، گەپلەشمەي يۈردۇق، ئۇنىڭ ماڭا گەپ قىلغۇسى بار ئىدى-يۇ، يىراقتىكى ئايالىمنىڭ غايىبانە كۆزلىرىدىن قورقاتتى، بىچارە مېنىڭ ئائىلەمگە سوغۇقچىلىق سېلىپ قويۇشتىن ئەنسىرىسە كېرەك. مەنمۇ يېنىمدا يوق ئايالىمنىڭ كۈندەشلىكىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىيالمايتتىم. ئۇ مېنى كۆرسە يىراقتىنلا ئەندىككىنىچە تىمسقلاپ مېڭىپ كېلىپ، يېنىمدىن يەرگە قاراپ

«ئالتۇن چاغ» ھوكاياتى» غا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۇ دالان پەشتاقلىرىغا قەدەم باسقاندا مەن ئىختىيارسىز ئۇنىڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىگە، تولغان ساغرىسىغا قاراپ قالاتتىم. ئۇ ئىشىكنى بوشقىنە ياپقاندىن كېيىنلا ئۆيگە قايتىپ كىرەتتىم. ئۈستىگە كىتابلار تىزىلغان شىرەنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇكچەيگىنىمچە يېزىقچىلىققا كىرىشىپ كېتەتتىم. كۆپ ئۆتمەي قوشنامنىڭ ئۆيىدىن قىڭراقنىڭ تاقىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. مەن قەلىمىمنى قويۇپ، تاماكىغا ئوت ياقاتتىم. قوشنامنىڭ چىرايلىق ھۆسن-جامالىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالاتتىم. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئۇ ئىككى ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ياشىغانىدى. كېيىن ئۇ بالىنى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ غېرىپ كۆلبىسىدىكى مىسكىن تۇرمۇشى باشلاندى. ئۇ ئېچىلىپ-يېيىلىپ سۆزلىمەيتتى. خۇددى روھى تېنىدىن ئاجراپ كەتكەندەك ئاجايىپ بىر مۇڭلۇق ھالەتتە ياشايتتى. ئۇ ئاجرىشىپ كەتكەن ئېرى ئۈچۈن قايغۇرۇۋاتامدىغاندۇ يا؟ ئۇ مېنىڭمۇ يالغۇز ياشاۋاتقانلىقىمنى، كۆڭلىمنىڭ تۇرمۇشتا جاپا تارتىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، ماڭا ئېچىنغان بولسا كېرەك، ئۇچرىشىپ قالساق بېشىنى كۆتۈرۈپ تەبەسسۇم قىلىدىغان بولدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئىللىق چىراي ئېچىپ جاۋاب قايتۇراتتىم. بىزنىڭ قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىمىز ئاستا-ئاستا كۆلكىدىن سۆزگە ئۆتتى.

ئۇ ئەتىگەندە ئىشقا ماڭاتتى. مەن ئۆيدە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەن-چىقىقىنى بىلىپ تۇراتتىم. كۆپ ئۆتمەي مەنمۇ خىزمەتكە ماڭاتتىم. كەچتە قايتىپ كېلىپلا ئۇنىڭ ئىشىكىگە كۆزۈم چۈشەتتى. ھەجەپ بىر ئىشتە بۇ، مېنىڭ ئايالىم بار تۇرسا، نېمىشقا ئۇنىڭ ئىشىكىگە قارايمەن؟

مېنىڭ ئىچىم پۇشتى. نېمىشقا توي قىلماي يۈرۈۋېرىدىغاندۇ بۇ خوتۇن؟ ئەرگە ئۆچ بولۇپ قالغانمىدۇ يا؟ ئۇنداقمىكىن دېسەم، ماڭا قاراپ كۈلىدۇ، گەپ قىلىدۇ.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتىم، ئىشىك يېنىك چېكىلىپ، ئۆيگە قوشنام كىرىپ كەلدى. مەن ئورنۇمدىن ئىتتىك تۇرۇپ كەتتىم. شىرە ئۈستىدىكى ئايالىمنىڭ سۈرىتىگە قاراپ، ئىچىمدە ئەپۇ سورىدىم: مەن ئۇنى چاقىرمىدىم، ئۆزىمۇ ھازىرلا چىقىپ كېتەر...

مەن قوشنامغا نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى، دېگەندەك قاراپ قويدۇم.

— بۇنى ... كۆرۈپ باقسىڭىز، ھېكايىڭىزغا ... خام ماتېرىيال چىقىپ قالار، — دېدى ئۇ ماڭا قېلىن بىر كونۋېرتنى سۇنۇپ تۇرۇپ، — بۇنى ئىنىستىتۇتتا بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقدىشىم ئەۋەتىپتىكەن.

— بۇ، سالام خەتمۇ؟ — دېدىم ئۇنى قولۇمغا ئېلىۋېتىپ.

— بۇ ... تەسىرلىك بىر ھېكايە، — دېدى قوشنام خۇرسىنىپ.

ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەن خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدىم.

«سالام رۇقىيە!

سىزگە يازىدىغان سۆزلىرىم ناھايىتى كۆپ. گېپىمنى نەدىن باشلاشنى، قايسى سۆزلىرىمنى يېزىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن. مەن ئەدى ھەممىنى يازىمەن. بۇرۇن دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىغان سۆزلىرىمنىڭ بىرىنى قويماي يازىمەن.

مەن سىزنى سۆيەتتىم، بىراق ... مېنىڭ سۆيگۈم ئاشكارىلانماي قەلبىم چوڭقۇرلۇقىدا

قالغانىدى. مەن مۇشۇ پېتىچە ئۆلۈپ كېتىشكە چىدىمىدىم. بۇ ئالەمدىغۇ سىزگە يېتەلمىدىم، ئۇ ئالەمدە سىزنى ئۇچرىتالامسام قانداق قىلىمەن؟ قەلبىمنى بىلىپ قېلىڭ، مېنىڭ سىزنى سۆيگىنىمگە، سىزگە كۆيگىنىمگە بەش يىل بولدى. مەن بۇ يىللارنى يەككە - يېگانىلىقتا ئازاب بىلەن ئۆتكۈزدۈم. مەن سىزنى نېمىشقىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالغاندىمەن؟ ئەي يەر! مەن نېمىشقا رۇقىيەنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم؟ ئەي ئاسمان! مەن نېمىشقا رۇقىيەگە كۆيۈپ قالدىم؟ ئەي خۇدا! سەن نېمىشقا رۇقىيەنىڭ ئىشقىنى يۈرىكىمگە سالىسەن، بىراق، ماڭا نېمىشقا ئۇنى ئاشكارىلىغۇدەك جۈرئەت بەرمەيسەن؟ مەن قەلبىمدىنمۇ سورىدىم، قەلبىم بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيدىكەن. يېقىندا ئىنىستىتۇتتىكى بىر دوستۇمدىن خەت تاپشۇرۇۋالدىم. سىز — مەن سۆيگەن، ۋەسلىگە يېتەلمىگەن قىز — بىر بالا بىلەن تۇل قاپسىز. سىزدىن ۋاز كەچكەن قانداق روھى قارىغۇ ئەردۇ ئۇ؟ سىز ئەسلى مېنىڭ ئىدىڭىز. خۇدا سىزنى مەن ئۈچۈنلا ياراتقان ئىدى. بىراق مەن سىزنى قولۇمدىن چىقىرىۋەتتىم. جۈرئەتسىزلىكىم تۈپەيلى خۇدا سىزنى ئۇ ئەرگە چېتىپ، مېنى جازالىدى. مەن بۇ ئائىلە بەختسىزلىكىڭىزدىن بىر ھەقىقەتنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم. بۇ دۇنيادا بىر قىزنىڭ مۇھەببىتى بىر يىگىتكىلا تالىق، خۇدا سىزنى مەن ئۈچۈن، مېنى سىز ئۈچۈن ياراتقانىدى. رۇھىمغا شۇنداق بىشارەت كەلدى: ئازابلىرىڭ ئەمدى يېتەر، سىردىڭنى قاچانغىچە ساقلايسەن، رۇقىيەگە خەت ياز! مۇھەببىتىڭنى ئىزھار قىل! ئۇ سېنىڭ. ئۇ سەن ئۈچۈنلا ئەردىن ئايرىلدى. ئۇ ساڭا يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن خۇدا ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ...

مۇشۇ تاپتا سىزگە خەت يېزىۋاتىمەن. بەش يىلدىن بۇيان يۈرىكىمدىكى ساقلاپ كەلگەن سىرلىرىمنى سىزگە ئاشكارىلاۋاتىمەن. كۆزۈمدىن ياشلىرىم تامچىلاۋاتىدۇ. مەن سىزنى كۆرۈۋاتىمەن. خىياللىرىم سىز بىلەن بىللە ئوقۇغان ئاشۇ يىللارغا قايتىپ كەتتى.

سىنتەبىرنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئىدى. بىر ساۋاقدىشىمىز بىزنى سىڭلىسىنىڭ تويىغا تەكلىپ قىلدى. بىز ئالتۇن كۈزنىڭ ساپ ھاۋاسىدا نەپەس ئېلىپ، يېزىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. ئۇ چاغدا مەن بۇ سەپەرنىڭ ھاياتىمدىكى ئازابلىق كۈنلىرىمنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى تېخى بىلمەيتتىم.

قۇرغاق، توپىلاڭ سەھرا مەھەللىسى. جىن چىراغ پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان خىرە نۇر ئىچىدىكى ئۈزۈملۈك ھويلا. ساۋاقداشلار قىزىقىش، ئەجەپلىنىش ئىچىدە قاراپ تۇرغان دېھقانلار ئوتتۇرىسىدا قىزغىن تانسا ئوينايتتى. مەن خىيال سۈرۈپ، پېشايۋان تۈۋرۈكىگە يۆلەنگەنچە ئولتۇراتتىم. شۇ چاغدا پېشايۋان سۇپىسىدا پەقەت سىزلا يالغۇز ئولتۇرۇپ قاپسىز. بۇ تەغدىرنىڭ قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشى بارلىقىنى كىم بىلسۇن؟! مەن سىزنى تانسىغا تەكلىپ قىلىشىم كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. سىزمۇ شۇنى كۈتكەندەك ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدىڭىز. بىز تانسا ئويناۋاتقانلارغا قېتىلىپ كەتتۇق. مەن تۇتقان قولىڭىزنىڭ، بېلىڭىزنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە مەن ئۈچۈن شۇنچە قىممەتلىك بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. بىز ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى ئۈجمە دەرەخلىرىنى ئايلىنىپ ئۆتەتتۇق. تۇيۇقسىز بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ، قورسىقىم يۇمشاق قورسىقىڭىزغا تىرىلىپ قالدى. مەن بۇ تاسادىپىلىقتىن ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم بىر لەززەتلىك سېزىمنىڭ ۋۇجۇدۇمغا تاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇنىدىن كېيىن مەن يەنە

ئىختىيارسىز قورسىقىمنى تېنىگىزگە تەگكۈزۈش-
كە تىرىشتىم. ئەمدى سىز ھېلىراق پېشايۋان
سۇپىسىدا ئولتۇرغان رۇقىيە ئەمەس ئىدىڭىز.
ئاشۇ بىر قېتىملىق سوقۇلۇشنىڭ مېنى بۇنچە
ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىگە ھەيران بولاتتىم. مۇزىكا
ئاخىرلىشىپ، پېشايۋانغا قايتىپ كېلىشتۇق.
مەن ھېلىراقتىكى لەززەتنىڭ
مەستچىلىكىدە ئۆزۈمنى پېشايۋانغا تاشلىدىم.
تېنىم تۆۋرۈككە سوقۇلۇپ، تۆۋرۈكتىكى جىن
چىراغ سۇپىغا چۈشۈپ كەتتى. كىرسىن كې-
گىزگە يېيىلىپ باراتتى. مەن خىجىللىقتىن
يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم. جىن چى-
راغقا كىرسىن، قۇيۇلۇپ ئوت يېقىلىپ، ئۆز
جايىغا ئېلىپ قويۇلدى. مەن خىجىللىقتىن
ئەقلى-ھوشۇمنى يوقۇتۇپ قويغاچقا، يەنە
كىرسىن تۆكۈلگەن يەرگە ئولتۇرۇپتىمەن.
يەنە مۇزىكا چېلىنىپ، **تانسا** باشلاندى.
بۇ نۆۋەت باشقا بىر قىزلى **تانسىغا** تەكلىپ
قىلدىم. قولۇم ئۇ قىزنىڭ قولىدا، بېلىدە.
كۆزۈم، خىيالىم باشقىلار بىلەن تانسا ئوي-
ناۋاتقان سىزدە ئىدى. خۇدا مېنى يەنە
بىر قېتىم ئۇرغان ئىكەن. بىلسەم، ھازىرقى
تانسىنى باشقىلارنىڭ كۆلكىسى ئىچىدە ئوي-
ناپتىمەن. باياتىن تۆكۈلگەن كىرسىن كى-
گىزدىكى توپا بىلەن قوشۇلۇپ، مېنىڭ مۇدا
قوغلىشىپ كەيگەن داكىدەك ئاپئاق شى-
مىمنىڭ كەينىگە يوقۇپ، ئارقامدا سەت،كۆل-
كىلىك داغ پەيدا قىلىغانىكەن. شۇ چاغدا
سىز چاقىچانلىق بىلەن قول ياغلىقىڭىزلى
ماڭا سۇندىڭىز، بىز ھېسداشلىق خىجىل-
لىقتىن تىترەۋاتقان يۈرىكىمگە كۈچ بې-
غىشلىدى. سىزنىڭ ھىدىڭىز پۇراپ تۇرغان
ياغلىقىڭىز بىلەن شىمىمدىكى داغنى سۈرت-
تۈم. ئۇ ياغلىق سىز ئۈچۈن نەچچە ئون
تىيىنلىق ئاددىي بىر نەرسىدۇ، بىراق، ئۇ

سىزنىڭ ماڭا قىلغان تۇنجى ھېسداشلىقى-
ڭىزنىڭ يادنامىسى سۈپىتىدە ئۆمرۈم ئار-
خىپىدا ساقلانغانىدى. مەن ئۇنى سىز-
گە قايتۇرۇپ بەرمەي، ئەتىۋارلىق بويۇمۇم
سۈپىتىدە يېنىمدا ساقلىدىم.
شۇ ئاخشىمى سىزنى ئويلاپ ئۇخلى-
يالمىدىم. قەلبىمگە بىر چۈشىنىكسىز ھېس
سىڭىپ كىرگەنىدى. مېنىڭ ئارامىم
بۇزۇلغان بولۇپ، ئىختىيارسىز سېھىرلىك
سىمايىڭىزنى سېغىناتتىم. بۈگۈن ھەجەب
ئۇخلىيالمايمەن-ھە؟ بۇزادى قانداق ئىشتۇ؟
تاڭ ئاتتى. سەھەردە ھويلىغا چىقىپ،
مېنى تەشنا قىلغان سېھىرلىك قامىتىڭىزنى
كۆرۈش ئۈچۈن كۈتۈپ تۇردۇم. سىز چى-
رايلىق تارىنىپ، پەرداز بىلەن يارقىن تۇس-
تە چىقىپ كەلدىڭىز. مەن سىزنى كۆردۇم،
بىراق، دەرھال يەرگە قارىۋالدىم. سىز
شۇنچە بىپەرۋا ئىدىڭىز. بۇ ئېتىبارسىز قا-
راشلىرىڭىزدىن يۈرىكىم ئېچىشىپ، تىترەپ
كەتتىم. قېنى ئەمدى ياغلىق بەرگەن چاغ-
دىكى ھېسداشلىق؟ قېنى، ئۇخلاش ئالدى-
دىكى قىيماس قاراشلار؟ مەن تاتىرىپ،
چىڭقىلىپ يۈگۈرگىنىمچە ئۆيگە كىرىپ
كەتتىم. ئاخشاملا شېرىن ھېسلارغا بۆلۈنۈپ
كۈلگەنىدىم، سەھەردە ئاچچىق ياش تۆ-
كۈپ يىغلاۋاتىمەن. پۇت-قولۇمنى سوزۇپ
ئورۇندۇقتا ياتتىم. بېشىم قىيسايغان، يۇمۇل-
غان كۆزلىرىمدىن مەڭزىمنى بويلاپ ئىس-
سىق يېشىم تاماتتى. رۇقىيە شۇنچە بىپەر-
ۋا-ھە؟ نېمە ئۈچۈن؟ ئاخشامقى ھېسلار
بۈگۈن ئۆلگەنمىدۇ؟ ئۇ بىر دەملىك ھېس،
شۇ چاغدىكى ھېسداشلىق، ئۇ مېنى ياخشى
كۆرمەيدىكەن، ئاھ، خۇدا...
ئىسەدەشتىن چىڭقىلىپ كەتكەن قورسىقىم
ئۈستىگە ئېغىر بىر نەرسە چۈشتى. بۇ زەر-

بە ئازابلىق خىياللىرىمنى ئۇزۇۋەتتى. ياش بىلەن ھۆللەنگەن كۆزۈمنى ئاچتىم، بىر دانە باتارىيە قورسىقىم ئۈستىدىن دومىلاپ يېنىمغا چۈشتى. سىز پەگادا ماگا قاراپ تۇراتتىڭىز. مېھرىبانلارچە بېقىشلىرىڭىز ئازابلىرىمنى تارقىتىۋەتتى. سىز قېشىمغا چىقىپ، تۇرمىسىڭىز قورسىقىڭىزغا دەسسەيمەن، دەپ چاقچاق قىلدىڭىز، سىز يەنىلا مەغرۇر، غالىب، بىپەرۋا ھالەتتە تۇرۇپ كۈلەتتىڭىز. مەن ئاخشام تېنىڭىز تەگكەن قورسىقىمغا بۈگۈن پۇتىڭىزنىڭ تېگىشىنى بەكمۇ خالايتتىم. ئاشۇ تامادا قىمىرلىماي يېتىۋەردىم. سىز راستىنلا دەسسەيدىغاندەك پۇتىڭىزنى كۆتۈردىڭىز. مەن كۆتۈرۈلگەن پۇتىڭىزنى تۇتۇۋالدىم. سىز ئۈستۈمگە يىقىلىپ چۈشتىڭىز... تەگدى! كۆكسىڭىز، قورسىقىڭىز، قولىڭىز، پۇتىڭىز ... تەشنا تېنىمگە تەگدى. بۇنداق شېرىن لەززەتنىڭ تەمىنى ئەمدى تېتىيالماسمەن. بىز يومىلاقلىشىۋاتقانىمىزنىڭ ئۈستىگە بىرەيلەن كىرىپ قالدى.

چۈشتىن كېيىن شەھەرگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقتۇق. مەن ماشىنىدا ئۆرە تۇرۇۋېلىپ ناخشا ئېيتتىم. مېنى كۈلدۈرگەنمۇ، كۈيلەتكەنمۇ سىز ئىدىڭىز. بۈگۈن سىز يەنىلا بىپەرۋا. سەھرادىكى ئاشۇ قايناق كېچە، خەيرىلىك سەھەردىكى ئۇنتۇلماس ئىشلار بىردەملىك خۇشاللىقىڭىز ئۈچۈن ئەمەس بولساھە؟ سىز ئۇ ئىشلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەندەك بىپەرۋا ئىدىڭىز.

بىر كۈنى كەچكى مۇزاكىرىدىن تارقىغان چاغ. ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ چىراغلىرى ئۆچۈپ كەتكەنىدى. مەن شامنى ياندۇرۇپ قويۇپ، سىز ئۈچۈن ئورتىنىۋاتقان يۈرىكىمدىكى ھېس، تۇيغۇلارنى مىسرالارغا تىزىۋاتاتتىم، شېئىرنى ئوقاندا قەلبىمنى تولۇق ئىپادىلەشكە قادىر بولالارمەن؟! خىرە - شىرە يورۇپ تۇرغان سىنىپتا سىزگە ئاشىق مەن بىچارىلا مىسكىن ھالەتتە يالغۇز ئولتۇرۇپ قالغانىدىم. ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، تىلەمچىدەك تەلمۈرۈپ سىزنىڭ ئورنىڭىزغا كەلدىم تېنىڭىز. تەگكەن ئورۇندۇقتا مەنمۇ تېنىمنى تەگكۈزۈپ ئولتۇردۇم. يۈزىڭىز، چېچىڭىز تەگكەن پارتا يۈزىگە يۈزۈمنى ياقتىم، كۆكسىڭىز تەگكەن پارتا قىرىغا مەيدەمنى ياقتىم. كۆزۈمنى يۇمۇپ ئۆزۈمنىچە سۆركىدىم. پارتا - ئورۇندۇقلاردا سىزنىڭ ھىدىڭىز قالغان بولسا، مېنىڭ قوچاقلاپ سۆيۈشلىرىمدىن تەشنا لېۋىمنىڭ ئىزى قالدى. ئېھ، بىچارە سۆيگۈ، بىچارە ئاشىق ... ئانام مېنى ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان ئىدى، شۇ تاپ ئالدىڭىزدا شۇنچە ئاجىز، ئەسەبىي ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىمنى كۆرسە، مېنى قايتىدىن تۇغارمىكىن؟ مېنىڭ بۇ كۈنلەردىكى ئاچ قالغان روھىمنى بىلىۋاتامسىز؟ مەن بۇ چاغدا قەلبىمنى سىزگە ئاشكارىلاشقا ئاجىز ئىدىم.

يېڭى يىل يېتىپ كەلدى. بىز سىنىپتا كەچكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئويۇشتۇرغاندۇق. سىز كۆرۈنمەيتتىڭىز، ئون مىنۇت... يىگىرمە مىنۇت ... سىز يەنىلا يوق. رۇقىيە نەگە كەتكەندۇ؟ كۆرۈشىدىغان بىرەر يىگىتى بارمىدۇ - يا؟... كىردىڭىز! تەنتەنىلىك مۇراسىملارغا قەدەم تەشرىپ قىلغان مەلىكىدەك نۇر، جىلۋە ئىچىدە كىرىپ كەلدىڭىز. گۇمانىي خىياللاردىن پۈچىلىنىۋاتقان قەلبىمدىكى ئاچچىق ھېسلار بىردىنلا تارقاپ كەتتى. بىز تانسا ئوينىدۇق، كۈلدۇق.

يېرىم كېچىدىن ئاشقان چاغدا ساۋاق-

داشلار تارقاپ كېتىشتى. شۇنداق بىر مۆجىزىكى، سىنىپتا ئىككى جۈپ ئوغۇل-قىز قالغاندۇق. شۇ چاغدا سىز نېمىنى ئويلىغانسىز، نېمىنى كۈتكەنسىز. سىزگە نېمە تەسىر قىلغاندۇ؟

بىز يەنە تانسا ئوينىدۇق. پۇتىمىزنىڭ تالغىنىنى سەزمەيتتۇق. مەن باشقۇرغۇسىز بىر تەلپۈنۈش تۈرتكىسىدە سىزگە ئىنتىلەتتىم. تېنىمنى تېنىڭىزگە تەگكۈزۈشكە ئۇرۇناتتىم. بىز ئىنسانلار ئاجايىپ - ھە؟ ئاللا بىزنى مۇشۇنداقمۇ ياراتامدۇ؟ مەن سىزگە نېمانچە باغلىنىپ كەتكەندىمەن؟ ئېھ، ئىنسان يۈرىكى...

بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. كەچقۇرۇن ياتىقىمغا كىرىپ كەلدىڭىز. مەن سىزنى تەكلىپ قىلغانىدىم. بۇ ئاخشام سىزگە نېمە دېمەكچى بولغىيدىم؟ مەن قورۇنۇپ كېتىۋاتاتتىم، سىزنى ياخشى كۆرۈش ھېسسى ئالدىڭىزدا مېنى كىچىكلىتىپ، يۇمران، ئاجىز ياپراقتەك تىترەپ تۇرغان بوۋاققا ئايلاندۇرۇپ قويىۋاتاتتى. نەزىرىمدە سىز غايەت زور گىگانت ئادەم بولۇپ كېتىۋاتاتتىڭىز. مەن ئۇزۇقسىغا، سۆيىسىگە قانمىغان پاكار، ئاۋارە، سارغايغان مايسىدىم. سىز رەڭدار، پورەكلەپ ئېچىلغان نەپىس گۈل ئىدىڭىز. مەن سىزگە مۇناسىپ ئەمەستەك، سىزگە قاراش، گەپ قىلىش، تەلپۈنۈش، سۆيۈش ئۆزۈمنى چاغلىمىغانلىقتەك ھېس قىلىپ، يەرگە كىرىپ كېتىۋاتاتتىم. مەن بۇ بىچارە سۆيگۈمنى سىزگە قانداقمۇ ئاشكارىلىيالايتتىم؟

مەن ھەمراھلىقىڭىز پەيدا قىلغان مەسخۇشلۇقتا قېشىڭىزغا قانداق بېرىپ قالغانلىقىمنى بىلمەيمەن. مەن سىزگە ئىنتىلىپ، يۈزۈمنى ئېتىكىڭىزگە قويۇپتىمەن. قەلبىمدە پەقەت سىزنى قۇچاقلاش ئىستىكى... مەن ئارزۇيۇمغا يەتتىم، تېنىڭىزنى پۇرىدىم. يۈزۈم يۇمشاق، سىلىق يۈزىڭىزگە سۈركەلدى. كۆزۈم يۇمۇلدى. ئاچ لېۋىم تۇنجى قېتىم سىزنىڭ لېۋىڭىزگە بېسىلدى. مەن پاختىدەك يۇمشاپ كېتىۋاتاتتىم. قىزدىق قازانغا چۈشكەن قوي مېيىدەك ئېرىپ كېتىۋاتاتتىم. خىيالىمدا ئىككىمىزلا مەۋجۇت ئىدۇق ... لېكىن مەن تېخى سىزگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ، مەن بىلەن بۇ دۇنيالىق جۈپ بولۇش ھەققىدىكى رازىلىقىڭىزنى ئالمىغانىدىم. ياق! تىلىمىزنىڭ ھەرىكىتىگە نەھاجەت؟! دىلىمىز سۆزلىدىغۇ؟ دىلىڭىز رازىلىق بەردىغۇ؟

شۇ ئاخشىمى سىز ياتاقتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن كۈندىلىك خاتىرەمنى ئېلىپ: «8 - يانۋار، بىر جۈپ قىزىل كېپىنەك قانات قېقىشتى ...» دەپ يېزىپ قويدۇم.

مەن سېھىرلەنگەن ئىدىم. ئەتىسى سىزگە قاراپ ھەيران بولدۇم. مەن ئاشۇ تەننى قۇچاقلىدىم، پۇرىدىم، ئاشۇ لەۋنى سۆيدۈم - ھە؟ شۇندىن كېيىن مەن لېۋىمدىكى لەۋ ئىزىڭىزنى شۈمۈپ نۇرغۇن كۈنلەرنى ئۆتكۈزدۈم. ئاشۇنداق شېرىن چاغلارنىڭ كېلىشىنى كۈتتۈم. ئەمدىچۇ؟ يەنە قاچان؟

بىر يەكشەنبە كۈنى ئىدى. بىز كۆرۈشۈشكە كېلىشكەندۇق. مەن ياتاق دېرىزىسىنىڭ كۆزنىكىدىن سىرتقا قاراپ، قىزلار ياتاق بىناسىدىن چىقىشىڭىزنى كۈتەتتىم، كۈتتۈم...

... بىر سائەت ئۆتتى، ئىككى سائەت ئۆتتى، ئەمدى چوقۇم چىقىدۇ ... ئۈچ سائەت ئۆتتى، مەن يەنە ئۈمىد كۈتۈپ ئولتۇراتتىم. تۆت سائەت ئۆتۈپ كەتتى. مەن تاقەتسىزلىنىپ، سىزنى ئىزدەپ ماڭدىم. ياتىقىڭىزنىڭ ئالدى-

غا كېلىپ تۇرۇپ قالدىم. ياتاق قۇلۇپلانمى-
غان-دى. بىراق، ئىچىدىن ھېچ بىر ئا-
ۋاز ئاڭلانمايتتى. مەن ئىككىلىنىپ تۇرۇپ
قالدىم. مەن نېمىشقا رۇقسىيەنى ئىزدەيمەن؟
ئۇنى چاقىرىشقا نېمە ھوقۇقۇم بار؟ مەن
ئۇنى سۆيىمەن. سۆيۈشنىڭ ئۆزى
ھوقۇق! ئىشىكنى چەكتىم، ئىشىك قىيا ئېچىل-
دى. سىز مېنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ، دەرھال
ئالدىمغا چىقتىڭىز. مەن ياتىقىڭىزدا
كىم بارلىقىنى كۆرەلمىدىم. چىرايىڭىز سارغاي-
غان، چاچلىرىڭىز چۇۋۇلغان، كۆزىڭىز خۇ-
مارلىشىپ كەتكەنىدى. مېنى ئىشىك
ئالدىدىن تارتىپ:

— سىزنى ساقلىتىپ قويدۇم، رەنجى-
مەڭ - ھە؟ — دېدىڭىز.

مەن غەزەپتىن يېرىلىپ كېتىدىغان-
دەك، قىزىرىپ يەرگە قاراپ تۇرۇپ قال-
دىم. ياتاقتا كىم باردۇ، دېگەن گۇمان بى-
لەن سۆزىڭىزگە جاۋاب قايتۇرالمىدىم.
كۈندەشلىك ئوتى يۈرىكىمنى ئېچىشتۇراتتى.

سىز ياتاق ئىشىكىگە قايرىلىپ قاراپ
قوياتتىڭىز. بۇ ھودۇقۇشلىرىڭىز گۇمانلىرىم-
نى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى.

— بۇگۈن ... ھە ... مەن سىزگە كې-
يىن چۈشەندۈرۈپ قويىمەن.

مەن ھېچ نېمىنى چۈشىنەلمەي قال-
دىم، ئۆزۈمنى ئاران تەستە بېسىپ:

— خوش، كېيىن ..... — دېيەلىدىم. مەن
بېشىمنى سېلىپ ئاستا كېتىپ باراتتىم. يا-
تاقتىكى كىم بولغىدى؟ رۇقسىيە نېمىشقا
ھودۇقۇپ كېتىدۇ؟ چىرايى سارغايغان،
چاچلىرى چۇۋۇلغان، كۆزلىرى خۇمارلىشىپ
كەتكەن - ھە؟

مەن بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي
يۈرەتتىم. سىزدىن ئىزاھات تەلەپ قىلىشنى
بىئەپ بىلەتتىم. سىزمۇ بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ
كەتكەندەك يەنىلا بىپەرۋا يۈرەتتىڭىز.
شۇنداق كۈنلەردە قىشلىق تەتىلگە قويۇپ
بېرىلدى.

مەن بۇ كۈنلەرنى سېغىنىش ئى-
چىدە ئۆتكۈزدۈم. بۇ كۈنلەردىكى سىزگە
تەشنا قەلبىمنى سورىمايلا قويۇڭ. تەتىل
ۋاقتى توشتى. مەن ئۆزۈن قارا كېچىلەر-
نى ئۆتكۈزۈپ، قۇياشنى كۆرۈشكە تەشنا
بولغان ئېسكىموسلاردەك، سىزنىڭ جامالى-
ڭىزنى كۆرۈشكە تەشنا بولاتتىم. مەن
سىزگە نېمە سوۋغا قىلىش ئۈستىدە كۆپ
ئويلىدىم. ئاخىرى ئاق ياقۇت كۆزلۈك ھال-
قىنى مۇۋاپىق كۆردۈم. ئۇ ئاق كۆڭلۈم-
نىڭ، پاك سۆيگۈمنىڭ، ئىشىق - پىراق تە-
لپۈنۈشلىرىمدە تامغان سۈزۈك ياش تامچى-
لىرىمنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

ئەتىسى قاپقارا چاچلىرىڭىزيېپىپ
تۇرغان سۈزۈك. سىلىق قۇلاقلىرىڭىزدا
جۇلالىنىپ تۇرغان ھالقىنى كۆردۈم.
ئاشۇ بىرجۈپ ھالقا بىزنىڭ يۈرىكىمىز
ئىدى. خۇددى تېنىمىزنىڭ بىر پارىسى
قۇلىقىڭىزغا ئېسىلىپ قالغاندەك بۇ خىل
بىرىكىشتىن يۈرىكىم سۆيۈندى. نەچچە تال
چاچ ھالقا سېپىغا چىرمىشىپ قالغان ئى-
دى، مەن بۇ چىرمىشىشتىن يۈرىكىڭىزگە
چېتىلغان سۆيگۈ رىشتىمنى كۆرگەندەك
بولدۇم. مەن بۇ ھالقىلارنى چۆچۈرىدەك
چىرايلىق قۇلاقلىرىڭىزدا كۆرەلمىگىنىمدە
نە ھالغا قالاتتىم - ھە؟

دېرىزىنىڭ سۇنۇق كۆزنىكىدىن مارىلاپ،
سىزنى كۈتىدىغان ئىنتىزارلىق كۈنلەر
يەنە باشلاندى. مەن ھەر شەنبە، يەك-
شەنبە كۈنلىرى تاقەتسىزلىك بىلەن سىزنى
كۈتەتتىم. بىراق، ۋىسال پەيتى زادىلا

كەلمەيۋاتاتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ بەختسىز قىسمىتىدىن قايغۇرۇپ، ئاچچىق ياش تۆكەتتىم. ئازاب تېنىمنى قۇرۇتقانىدى، مەن ئۇرۇقلاپ قاقشاللىشىپ كېتىۋاتاتتىم.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن مەكتەپ كەينىدىكى بېلىق كۆلى بويىغا كەلدىم. مەجنۇن تاللارنىڭ شاخلىرى كۆل سۈيىگە چىلىشىپ تۇراتتى. تۆۋەن تەرەپتىكى قەدىمى دەريا ياپيېشىل ئورمانغا پۈركىنىپ ئۈنسىز ئاقاتتى. مەن خاتىرە، كىتابلىرىمنى تىزىمغا قويۇپ، كۆل سۈيىگە قادالغىنىمچە ئولتۇرۇپ قالدىم. باھارنىڭ سالقىن شامىلى مېنى سىلاپ ئۆتۈپ، مىسكىن كۆڭلۈمگە تەسەللى بەرمەكچى بولاتتى. مەن يەنە سىزنى ئويلىدىم، ئېتىبارسىز قالغان سۆيگۈم ئۈچۈن ياش تۆكتۈم. سەھرادىكى ئاشۇ كېچىنى، سەھەرنى ئەسلەپ، يانچۇقۇمدىن ياغلىقىڭىزنى ئالدىم. ئۇنىڭدىن پۇرىقىڭىز تېخىچە كەتمىگەندەك ئىدى. مەڭزىمنى بويلاپ سىرغىۋاتقان ياشلىرىم ياغلىققا سىڭىپ باراتتى. سىز بۇ ياغلىقنى ئازابلىق كۈنلەردە ئىشلىتىشىم، سىزنى سېغىنغاندا پۇرىشىم ئۈچۈن بەرگەن ئىكەنسىز...

— ئاكا، يىغلاپسىزغۇ؟ سىزنى كىم ئۇردى؟

بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئارقامغا قارىسام، ئىككى گۆدەك بالا ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ. مەن ئۇلارغا نېمىمۇ دېيەلەيتتىم. ئۇلارنىڭ سەبىي قەلبى چوڭلارنىڭ يۈرىكىدىكى سىرلارنى بىلەمدۇ. مەن ئۇلاردىن خىجىل بولۇپ ئالدىراپ-تېنەپ كۆز ياشلىرىمنى سۈرتتۈم، ئۇلارغا مېھرىم بىلەن قاراپ:

— ئانامنى سېغىنىپ قالدىم، — دېيەلىدىم.

— ئانىڭىز قەيەردە؟

— يىراق، بەك يىراقتا قالدى.

— ھە ... ئانىڭىزنى كۆرگىڭىز كەپتۇ-دە؟ — بالىلار ئارقىسىغا قاراپ-قاراپ قويۇپ، كۆل بويىدىكى تاللىق يولدىن كېتىپ قالدى. ئۇلار تال نوتىلىرىنى سۇندۇرۇپ، بىر-بىرىسىنى ساۋىغانچە كۈلۈشۈپ چاقچاقلىشىپ باراتتى. قانچە بەختلىك بالىلار-ھە؟ ئادەم چوڭ بولمىغانمۇ تۈزۈككەن. ئۇلارنىڭ ھېلىراقتىكى سۆزلىرى قەلبىمدە ئەكس سادا پەيدا قىلىۋاتاتتى. ئاكا، يىغلاپسىزغۇ؟ سىزنى كىم ئۇردى؟ ئانىڭىزنى كۆرگىڭىز كەپتۇ-دە؟... مېنى ھايات ئۇردى. ئارتىنچاقلىقىم سۆيگۈمنى ئۇرغانىدى. مەن سۆيۈملۈك رۇقىيەنى، يىتتۈرۈپ قويغان پەرىشتەمنى سېغىنىپ يىغلاۋاتاتتىم، ھەر يەردە، ھەر قەدىمىمدە، ھەر تىنىقىمدا ھەسرەتلىك ئاھ ئۇراتتىم.

مەن سىز ئۈچۈن يەنە قانداق كۈنلەرنى كۆرەرمەن؟ مۇشۇ كۈنلەردە يۈرىكىم پارە-پارە بولۇپ كەتكەندەك، ئۆزۈم ئۆزۈم ئەمەستەك بولۇپ قېلىۋاتاتتىم. مەن ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى بۇ ئازابلاردىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ، روھىي يۆلەنچۈك ئىزدىدىم، شۇ چاغدىلا خۇداغا ھەقىقىي ئېتىقاد قىلدىم، ئاللا ھەممىگە قادىر، ئۇ مېنى رۇقىيەگە يەتكۈزىدۇ دەپ ئۈمىدلىنەتتىم.

بىر كۈنى مەكتەپ ئىچىدىكى ئالمىلىق باغقا كەلدىم. ئوقۇغۇچىلار سېمونت ئورۇندۇقلاردا كىتاب ئوقۇپ، پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. مەن بىر چەتتىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردۇم-دە، قولۇمدىكى كىتابنى ئاچتىم. قانچە ۋاقىت ئولتۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن.

— كىتاب ئوقۇۋاتامسىز؟

بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ئارقامدا سىز تۇرۇپسىز. مەن بۇ قەدەم تەشرىپىڭىزدىن ھاياجانلىنىپ، نېمە دېيىشىمنى بىلمەي ھودۇقۇپ، قىزىرىپ تۇرۇپ قالدىم. بىزنىڭ ھالىتىمىز شۇنچە غەيرىي ئىدى. مەن ئوغۇل بالىمەن-يۇ، خۇددى تارتىنىپ، يەرگە قاراپ تۇرغان نازۇك قىزغا ئوخشايتتىم. سىز قىز ئىدىڭىز-يۇ، گويا مەغرۇر، غالىب، ئازادە ھالەتتە تۇرغان بىپەرۋا. ھۆكۈمران ئوغۇلغا ئوخشايتتىڭىز. سۆيگۈ شۇنداقكى، كىم ياخشى كۆرۈش ئوتىدا كۆيسە، ئاشۇ قۇل ئىكەن، زەنجىردىكەن، ئازابتىكەن، دوزاختىكەن...

سىز قېشىمدا ئولتۇرۇپ، بىر دەم گەپ يورغىلاتقاندىن كېيىن:

— ئاسىيە بىلەن يۈرسىڭىز بولامدۇ؟ ئىككىڭلار بىر يۇرتلۇققۇ؟ — دېدىڭىز. ئەي! ساراڭ پەرىزات، بۇ مېنىڭ كۆيۈشلىرىمگە بەرگەن جاۋابىڭمۇ؟ ئىشقىي ئوتىڭدا سەۋدايى بولۇپ قالغان روھىم ئۈچۈن دەۋا ئىزدەشلىرىڭمۇ؟ سەندىن جاۋاب ئالدىم. ئەمدى ئۆلدۈم. سۆيگۈم سىر پېتىچە يۈرىكىمدە قالدى.

— ئەمدى، ھېچكىم بىلەن يۈرمەيمەن، — دېدىم - دە، يېنىڭىزدىن كېتىپ قالدىم. «ئەمدى» دېگىنىم نېمىسى؟ ئېست! تېنىم كېتىۋاتىدۇ، ھېچ نېمىنى كۆرمەيتتىم. چامداۋاتىمەن. ياتاققا كىردىم. ھېچكىم يوق ئىدى. دېرىزىنى ئاچتىم. سەھرا خاتىرىسى — ياغلىقنى تاشلىدىم، سىز ماڭا يازغان پارچە‌پۇرات قەغەزلەردىكى خەتلەرنىڭ بىرىنى ... يەنە بىرىنى...يەنە بىرىنى تاشلىدىم. پارە-پارە قىلىنغان سۆزىڭىزنىڭ مىجىقلانغان پارچىلىرىنى قويۇپ بەردىم. ھەممىسى ئۇچۇپ ئالىنقاياقلارغا كەتتى. شۇنداق، ھەممىسى ئۇچۇپ كەتتى. ھەممىسى تۈگىدى.

ئەمدى خۇدادىنمۇ كۆڭلۈم قالدى. ئۇنىڭ مېنىڭ ئىلتىجالىرىمنى ئاڭلاشقا، تىلەكلىرىمنى ئىجابەت قىلىشقا ۋاقتى يەتمىگەنىدى. خۇدامۇ رەھىمسىز، تاش يۈرەك ئوخشايدۇ. ئۇ جىمىكى بەندىلىرىنىڭ نىيەتلىرىنى بىلەلمەمتىغۇ؟ ئەجەبا، مېنىڭ قەلبىمدىكى سىرىمنى بىلمەسە - ھە؟ مەن ئەمدى كىمگە يۆلىنىمەن؟ ماڭا كىم روھىي تىرەك بولىدۇ؟

بۇرۇن سىزگە تەلپۈنەتتىم. ئەمدىچۇ؟ سىزدىن قاچاتتىم. مەكتەپ تېزرەك پۈتسىكەن، قېشىڭىزدىن كەتسەمىكەن دەپ تىلەيتتىم. بىراق، يەنىلا سىزنى قەلبىمدىن چىقىرىۋېتىشكە قادىر بولالمىدىم. سىزنى ئەيىبلەش، سىزدىن نەپرەتلىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. ئادەمنىڭ يۈرىكى نېمىشقا مۇشۇنداق؟ مەن ئاچچىق ئېڭىراشلىرىمدا سىزگە يەنە بەخت تىلىدىم.

يازلىق تەتىلگە قويۇپ بېرىلدى. ئايرىلىش مىنۇتلىرى يېتىپ كەلگەندە، بۇرۇنقى ئويلىرىمنىڭ شۇنچە بىمەنە، بىردەملىك ئاچچىق ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

كۈنلەر شۇنچە ئاستا ئۆتەتتى. مەن ئۆگزىگە چىقىپ، كۈندە سىز تەرەپكە قارايتتىم. خىياللىرىمدا سىزنى كۆرەتتىم. سىز بىلەن بىللە ئۆتكەن ھەر بىر كۈنلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. ئۇ چاغدىكى ئىشلار تونۇگۈن بولغاندەك يادىمدا شۇنچە ئېنىق تۇراتتى.

بۈگۈن خاسىيەتلىك بىرىنچى سېنتەبىر مەن ئىككى ئايدىن بۇيان زارىقىپ كۈتكىنىمگە يارىشا سىزنى كۆرەلىشىمگە ئىشىنەتتىم. تاڭ سەھەردە تۇرۇپ،

سىز ئۈچۈن يۈزۈمنى پاكىز يۇدۇم. چاچلىرىمنى مايلاپ تارىدىم. ئەڭ يارىشىملىق كىيىملىرىمنى كىيدىم. كارىدوردا سىزنى كۈتۈپ تۇرىمەن. مەن ھازىرلا سىزنى كۆرەتتىم. كۆپ ئۆتمەي پەشتاقتىن يېقىملىق مۇزىكا چىقىرىپ سىز چىقىپ كەلدىڭىز. سەھرانىڭ ياز ئاپتىپىدا يۈزىڭىز بىر ئاز قارىداپ قالغاندى. مەن سىزگە تەشنا ئىدىم. يىراق سىزنى كۆرۈپ، قاراشقا جۈرئەت قىلالماي، يەرگە قاراپ تۇرۇپ قالدىم. يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان ئاياغ تىۋىشىڭىزنى ئاڭلاپ تۇراتتىم. بۇ ئاۋاز يېقىملاپ كېلەتتى. بۇ ئاۋاز يىراقلاپ باراتتى. بېشىمنى ئاستا كۆتۈردۈم. سىز قېشىمدىن ئۆتۈپ، سىنىپقا كىرىپ كېتىۋاتاتتىڭىز. مەن بېشىمنى سىلىپ خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ ماڭا سالام قىلىشتىن خىجىل بولغانمىدۇ؟ ئۇ ئەجەب گەپ قىلماستىن ئۆتۈپ كېتىۋاتىدىغۇ؟ ئۇنىڭ قۇلىقىدا ھېلىقى ئاق ياقۇت كۆزلۈك ھالقا كۆرۈنمەيدۇ، ئۇ ئەمدى ئۇنى ئاسماس بولۇپ قالغانمىدۇ؟ مېنىڭ ئاشۇ سوۋغىتىم تاشلىنىپ خورلانغانمىدۇ ياكى ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە ساندۇقنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تاشلاپ قويۇلغانمىدۇ؟ مەن نېمىشقىدۇ ئۆزۈمنىمۇ تاشلىنىپ كەتكەن بۇيۇمدەك ھېس قىلدىم.

كۈنلەر ئۆتۈۋەردى. مەن ھازىر پەقەت ساۋاقدىشىڭىز، بۇ دۇنيادىكى بىر تونۇشىڭىز ئىدىم. بۇ مۇمكىنمۇ؟ بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسى — پاك، تۇنجى سۆيگۈسى شۇنچە ئېتىبارسىز قالسا ـ ھە؟ مەن شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىپ، ناھايىتى قىممەتسىز يارىلىپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. مەن سىز ئارقىلىق ئۆزۈمنى ئۆلچىدىم. قەلبىمنىڭ قىممىتى بولمىسا، بۇنداق جىسمىمنىڭ بولۇشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟

بىر كۈنى كەچكى مۇزاكىرە ۋاقتى ئىدى. سىز ئولتۇرغان تەرەپتىكى تام سىرتىدىن گۈپۈلدىگەن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ قالدى. كارىدوردا بىرەيلەن تامنى تېپىپ، سىزنى سىرتقا چاقىرىۋاتاتتى. بۇ نەقەدەر ئەسەبىي ھەرىكەت ـ ھە؟ مەن سىزگە دىققەت قىلىپ ئولتۇراتتىم. سىز قىمىرلاپ ئولتۇرالمايۋاتاتتىڭىز. تام سىرتىدىن يەنە تېپىك ئاۋازى ئاڭلاندى. سىز ئەتراپقا ئەيمىنىپ قاراپ قويۇپ، سىرتقا قاراپ ماڭدىڭىز. نەچچە مىنۇت ئۆتۈپ، ئارقىڭىزدىن كارىدورغا چىقتىم. كارىدوردا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. سىزنى بىر كىم بۇلاپ ئېلىپ قاچىدىغاندەك بىنادىن پەسكە چۈشتۈم. سىرتتا، ئوغۇللار ياتاق بىناسى تەرەپكە ئىككى ئادەم كېتىۋاتاتتى. مەن ئۇلارنى پايلاپ ئەگەشتىم. ئۇلارنىڭ بىرسى سىز ئىدىڭىز. يەنە بىرسى سىنىپىمىزدىكى مۇزەپپەر ئىدى. مەن ئۆز كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم. مۇزەپپەر ... مۇزەپپەر؟! ئۇ مېنىڭ سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلەتتىغۇ؟ ئۇ نېمىشقا ساۋاقداشلىق ھۆرمىتىنى قىلمايدۇ؟ ئادەمنىڭ نەپسى قانداقمۇ ساۋاقداشلىق ھۆرمىتىنى قىلسۇن؟ ئاھ! ئادەملەر، ئادەملەر ...

ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ تۇرۇپ قالدىم. مۇزەپپەر سىزنى ياتىقىغا ئېلىپ كىرىپ كەتكەندى. ئىشىك ئۈستىدىكى كۆزنەككە قەغەز چاپلانغاندى. ئۆتكەندە مۇشۇ ياتاق دېرىزىسىگە قەغەز چاپلانغاندا نېمىدىندۇر گۇمان قىلغاندىم. لېكىن بۇ تەييارلىقلارنىڭ سىز ئۈچۈن بولۇۋاتقانلىقى-

نى مەن نەدىن بىلەي؟ ئايىغىمنى قولتۇ-
قىمغا قىسىپ، ياتاق ئالدىغا كەلدىم. يۈرى-
كىم قېپىمدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈ-
پۈلدەيتتى. ئىشىكنى بىر تېپىپ بىلەن
ئېچىپ كىرەيمۇ؟ كالتەك بىلەن
مۇزەپپەرنىڭ كاللىسىغا ئۇرۇپ ئۆل-
تۈرۈۋېتەيمۇ؟ بىراق، مەندە قېنى ئاشۇ
هوقۇق؟ مەن رۇقىيەنى ياخشى كۆرىمەن.
لېكىن، ئۇنىڭغا مۇهەببەت ئىزهار قىلىپ،
ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالغانمىدىم؟ رۇقىيە ئۆز
ئىختىيارى بىلەن بۇ ياتاققا كىرگەن. نې-
مىشقا؟ زادى نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ؟ ئۇ
مېنىڭ جۈرئەتسىزلىكىم تۈپەيلى مەندىن ئۈمىد
ئۈزگەنمىدۇ؟ ئۇنىڭ قىزلىق جىسمى، رەسىدە
بولغان قەلبى ئۈچۈن بىر ئوغۇل كېرەك.
مەن ئۇنىڭ قىزلىق تەلەپلىرىگە جاۋاب
بەرگۈدەك ئەركەك بولالمىدىم ...

ياتاقتىن كارىۋاتنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى
ئاڭلىنىپ قالدى! مانا سېنىڭ سۆيگۈڭگە
بېرىلگەن جاۋاب. مەن يارىلانغان، قانسىرى-
غان ئادەمدەك ئىشىك ئالدىدا تامغا يۆ-
لىنىپ ئولتۇرۇپ قالدىم. سىلەرنى، كارى-
دورنى، دۇنيانى، ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ قالغانى-
دىم. ياتاقتا، كارىۋاتتا ئىككىيلەن لەززەت-
تىن مەست. كارىدوردا، سېمونت يەردە
مەن ئازابتىن بىهوش! مەن ئۆلۈپ قال-
ماپتىمەن. هوشۇمغا كېلىپ ئەتراپ-
قا قارىسام، كارىدوردا، ياتاق ئالدىدا تامغا
يۆلىنىپ ئولتۇرۇپتىمەن. ئورنۇمدىن تۇ-
رۇپ، دەلدەڭشىپ مېڭىپ ياتاققا كىردىم ۋە
ئۆزۈمنى كارىۋىتىمغا تاشلىدىم. كارىۋات پەر-
دىسىنى چۈشۈردۈم. يوتقان بىلەن يۈزۈمنى
چۈمكىدىم. مەن بۇ دۇنيادىن بەزگەنىدىم،
بۇ دۇنيانى كۆرۈشكە رەۋىتىم قالمىغانىدى.
يوتقاننىڭ ئىچىدە تۈگۈلۈپ ياتىمەن. هېچ-
نېمىنى ئويلىيالمايمەن، ئەسلىيەلمەيمەن.
ئۇخلىيالمىدىم، تۈندىمۇ، بىلمەيمەن. تاڭ
ئاتتى. سىرتقا چىقىشتىن قورقاتتىم. دۇنيا
مەن ئۈچۈن ۋەهىمىگە ئايلانغانىدى. ئاخ-
شامقى ئىشلارنىڭ بولغانلىقىغا ئىشەنگۈم
كەلمەيتتى. بىراق، يۈرىكىمنى قامالىغان
ئاشۇ رەهىمسىز رېئاللىقنى قانداقمۇ ئىن-
كار قىلالاي؟

دەرسكە قاتنىشىش ئۈچۈن سىنىپقا
چىقتىم. سىز هېچ ئىش ئۆتۈلمىگەندەك
خاتىرجەم، بىپەرۋا يۈرەتتىڭىز. سىزدىن
يوشۇرۇپ نېمە قىلاي. سىز تۈنجى قېتىم
كۆزۈمگە چىرايلىق، ئەمما يىرگىنىشلىك
كۆرۈندىڭىز. مەن، قەلبىمدىكى پاك ئوب-
رازىڭىز ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن خۇ-
شال بولدۇم. مەن نەپرەت بىلەن، پەسلەش-
تۈرۈلگەن رۇقىيە بىلەنلا ئۆزۈمنى بۇ
دەهشەتلىك زەربىدىن ساقلاپ قالالايتتىم.
مۇهەببەت مېنى كىچىكلەتكەن، ئاجىزلات-
قانىدى. نەپرەت مېنى ئويغاتتى. ماڭا كۈچ
بەردى. ئىنسانلىق قىممىتىمنى ئەسلىتىپ
ئۆتتى.

مەن سىزگە خەت يازدىم: سىزگە بۇ رەزىل-
لىكلەر مۇناسىپ ئەمەس ئىدى. سىز قىزلىق
تېنىڭىز، روهىڭىز نى قەدىرلىشىڭىز، پەرىشتى-
دەك پاك ياشىشىڭىز، مۇهەببىتىڭىزنى ئەگىشىگە
تاپشۇرۇشىڭىز كېرەك ئىدى. بىراق، قىزلىق
تەلپۈنۈشلىرىڭىز ھەممىنى بەربات قىلىۋەت-
تى. ئەتىكى كۈندە مۇشۇ رۇقىيە هالال
ئەرنىڭ ئالدىغا قانداق بارىدۇ؟ ئاشۇ ئەر
ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلمىسە ـ هە؟ شۇ
چاغدا هازىرقى ئىشلار قەلبىڭىزدە شېرىن
سىر بولۇپ قالار. كەلگۈسىدە بالىڭىزنى
سۆيىسىز. بالىڭىز كۆكسىڭىزنى شورايدۇ.
لېكىن، سىزنىڭ لېۋىڭىز، كۆكسىڭىز بۇل-

هانغان. ئاشۇ گۆدەك بالىغىمۇ ناپاكلىق سىڭىپ كەتمەسمۇ؟ رۇقىيە، سىز ئۆزىڭىز، ئېرىڭىز، بالىڭىز ئالدىدا نېمە ئىشلارنى قىلىپ قويدىڭىز - هە؟ ئاشۇ ياۋايى هالەتتە تام تېپىشلەر بىلەن سىزگە بىشارەت بېرىۋاتقان ئادەمنىڭ قانداقلىقىنى ئەجەب بىلمىدىڭىز - هە؟

ئەپسۇس، بۈگۈن نېمە بولدى؟ مۇزەپپەرنىڭ ۋەدىلىرى، شېرىن خىيالىڭىز پەقەت نەچچە بەتلىك ئاددىي تارىخ بولۇپ قالدى. بۇ سەھىپە بەكمۇ تېز يېزىلىپ بولدى. ئەمدى قېنى پاكلىق، قېنى گۈزەللىك، قېنى سۆيگۈ، قېنى قىزلىق غۇرۇر - ئىپتىخار؟ بۇ ئايرىلىش سىز ئۈچۈن دائىم تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان نورمال ئىشتەك، سىزدە نە ئېچىنىش، نە پۇشايمان ئىپادىلىرى كۆرۈلمىدى. كۈلكىڭىز ئازابلىرىڭىزنى تەكشى سىرلىۋەتكەندەك ئىدى. ئادەمنىڭ چىرايىدا كۈلكە بولسىلا ئۇنى بەختلىك دېگىلى، كۆزىدىن ئاچچىق ياش تېمىپ تۇرسىلا بەختسىز دېگىلى بولمايدۇ.

ئالىي مەكتەپتىكى ئەڭ ئاخىرقى ئىمتىھانىمىز باشلاندى. مەن تەكرارلاش ماتېرىياللىرىنى كۆتۈرۈپ، مەكتەپنىڭ سىرتىغا چىقتىم. روھىي كېسەللەر ساناتورىيىسى يېنىدىكى قەدىمىي دۆڭلۈكتە ئولتۇرۇپ قالدىم. بۇ ساناتورىيىدە داۋالىنىدىغانلار قانداق ئادەملەردۇر، دېگەن قىزىقىش بىلەن تامغا ئېسىلدىم. بىراق، بويۇم يەتمەي، هېچنېمىنى كۆرەلمىدىم. ئادەملەر نېمە سەۋەبلەردىن ئەقلىدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندۇ؟ بۇ دۇنيا قانچە قورقۇنچلۇق - هە؟ ئاه! ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي تويى ... ئەتە مەنمۇ مۇشۇنداق ئېگىز تاملار ئىچىگە كىرىپ قالمىسام بولاتتىغۇ؟ مەن ساراڭ بولۇپ قالسام، سىزنىڭ دەردىڭىزدە بولارمەن. ماتېرىياللارغا قاراشقا رايىم بارماي، سىزنى خىيال قىلىپ ئولتۇراتتىم. ئالدىمدا سۈيى قۇرۇپ كەتكەن قەدىمىي ئۆستەڭ بار ئىدى. بىر چاغدا چوڭقۇر ئۆستەڭ ئىچىدىن رومال سالغان بىر ئايال مەن تەرەپكە قاراپ كەلدى. مەن ئۇنىڭ چوقچىيىپ تۇرغان كۆكسى، تولغان، ئېگىز قامىتىگە مەھلىيا بولدۇم. بويى شۇنچە قاملاشقان، يۈزىچۇ؟ كۆزىچۇ؟ ئايال ئۇدۇلۇمغا كېلىپ، رومال تۆشۈكلىرىدىن ماڭا باقتى. كېكىرتىكىنى قىرىپ يۆتىلىپ قويدى. مەن ئايالنىڭ بۇ مەنىلىك ئىشارىتىدىن هاياجانلىنىپ، ياردىن ئۆستەڭگە سەكرەپ چۈشتۈم. ئايال رومالنى



قايرىپ قىيا باقتى. بۇ بەكمۇ چىرايلىق، خومارلىق كۆزلەر ئىدى. مەن بۇ كۆز بېقىشتىن ئەقلى ـ ھۇشۇمنى يوقىتىپ قويدۇم. ئايال رومالىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، كەلگەن يولى بىلەن كەينىگە ياندى. مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۆستەڭ ئىچىدىن يۈرۈپ كەتتىم. ياردىن ئېسىلىپ، ئۆستەڭدىن چىقتۇق. ئېتىزلىق ئىچىدە كېتىپ بارىمىز. ئېھتىيات قىلىپ ئاستا ماڭغانلىقىمىدىن ئايال خېلى ئۇزاپ كەتتى. ئۇ روماللىق بېشىنى قايرىپ ماڭا قاراپ قوياتتى. مەن ھەممىنى ئۇنتۇپ، پەقەت بىر سىرلىق ئىستەك تۈرتكىسىدە ئايالغا ئەگىشىپ باراتتىم. ئالدىمىزدىن بىر ئەركىشى چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى، قاپقارا بۇرۇتى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئىختىيارسىز تېنىم جۇغۇلداپ، قورقۇنچتىن يۈرىكىم سېلىپ كەتتى. ئايالنىڭ مېنى ئەگەشتۈرۈپ مېڭىشىدا يامان نىيىتى يوقتۇر ـ ھە؟ بۇ خوتۇن مېنى ئېرىگە تۇتۇپ بەرمىسە بولاتتىمۇ؟ بۇرۇتلۇق ئەر روماللىق ئايالغا قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى. تىل بىرىكتۈرۈۋالغان بولمىسۇن يەنە؟ يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈپۈلدەيتتى. پۇتۇمدا جان قالمىغان بولۇپ، ئاستا تىترەيتتى . ئەر ماڭا يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ مېنى دۇمبالايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ناتونۇش ئەر ماڭا قاراپ قويۇپ گەپ قىلماستىن ئۆز يولى، ئۆز خىيالى بىلەن ئالدىراش كېتىپ قالدى. ئۇھ! يۈرىكىم ئاستا ـ ئاستا ئورنىغا چۈشتى. روماللىق ئايال توختىماستىن كېتىپ باراتتى. مەن قايتا روھلىنىپ، ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. بىز مەھەللە سىرتىدىكى جىگدىلىككە يېتىپ كەلدۇق. ئايال رومالىنى چۆرۈۋەتكەن بولۇپ، جىگدىلىك ئاستىدىكى نەم قۇمدا سوزۇلۇپ، چاتىرىقىنى كېرىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ تېز ـ تېز نەپەس ئېلىشلىرىدىن يوغان، تولغان كۆكسى كۆتۈرۈلۈپ، پەسىيىپ تۇراتتى. بۇ سېھىرلىك ھالەتتىن تېنىم غۇژۇلداپ، ئايالنىڭ قېشىغا يۈگۈندۈم ...

ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ، كىيىمىدىكى توپىلارنى قېقىشتۇردى. رومالى بىلەن يۈزىنى قايتا چۈمكىدى. ئۇ رومال تۆشۈكلىرىدىن ماڭا قاراپ قويۇپ، خوشلىشىپ مەھەللىگە قاراپ كېتىپ قالدى. مەن ئۆز يولۇمغا راۋان بولدۇم.

ئۇ يەرگە بېرىش ۋاقتىمدا ئەشۇ روماللىق ئايالنىلا ئويلىغان ئىدىم. قايتىشىمدا سىزنى يادىمغا ئالدىم ۋە ھېلىراقتىكى ئىشلىرىم ئۈچۈن سىزدىن خىجىل بولدۇم. مەن سىز ئۈچۈن پاكلىقىمنى ساقلىشىم كېرەك ئىدى. بىراق، مەن پۇشايمان قىلمىدىم. مەن سىزدىن ئۆچ ئالغانىدىم. مەن ھازىر غىچە پاكلىقىمنى قوغدىغانىدىم. بىراق، سىزچۇ؟ مەن ئەمدى كىم ئۈچۈن پاكلىقىمنى ساقلايمەن؟ مېنىڭ بارلىقىم سىزنىڭ ئىدى. سىزنىڭ بارلىقىڭىز مېنىڭ ئىدى. سىز مۇزەپپەرنىڭ بىردەملىك خۇشاللىقى ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى بېغىشلىدىڭىز. مەنچۇ؟ ئاشۇ قېرى، بۇزۇق، ساختا، ناتونۇش روماللىق خوتۇن ئۈچۈن ئانام بەرگەن پاكلىقىمنى بۇلغىدىم. مۇزەپپەر قېشىڭىزدىن باشقا بىر قىزنى ئىزدەپ كېتىپ قالدى. روماللىق ئايال ئاشۇ جىگدىلىكتىن پەس كۆڭلى ئۈچۈن يەنە بىر ئەركەك ئارزۇسىدا كېتىپ قالدى. مەن ئۇنى قايتا كۆرەلمەسمەن. كۆرسەممۇ تونۇماسمەن. يىللار ئۆتۈپ، ئۇ ئايال مېنىڭ بىر ئەسلىمەمگىلا ئايلىنىپ قالار. سىز قايتىدىن پاك، ئىپپەتلىك قىز قىياپىتىگە كىرىۋالسىز. يىگىتلەر يەنىلا سىزگە تەل

پۇندۇ. سىزگە ئىگە بولۇش كويىدا چاپىدۇ. سىز ئىنسانلار ئىچىدىكى بىر يىگىتكە مەنسۇپ بولىسىز. بىراق، ئۇ ئەر گۇمان ئىچىدە سىزگە ئىشىنىدۇ. ئىشىنىش نىقابىدا سىزگە خىيانەت قىلىدۇ. مەنچۇ؟ كەلگۇسىدە قايسى قىز مېنى ناپاك ئىكەن دېيەلەيدۇ؟ مېنىڭ تېنىمىنىن ئۇنىڭغا دەستەك تاپالامدۇ؟ ئۇمۇ ماڭا ئىشىنىدۇ ھەم ئىشەنمەيدۇ. مەنمۇ ئاشۇ جۈپتۈمنىڭ تېنىدىن، روھىدىن كەلگۇسى ئۈچۈن قىلىنغان خىيانەتنى ئىزدەيمەن. يىللار ئۆتۈپ سىز ئۇ ئەرگە ئىشەنمەيدىغان بولىسىز. مەن بۇ ئايالدىن سۆۋۈيمەن، يىرگىنىمەن. ھايات مۇشۇنداق بولسا، ھە؟ مەن سىزنى كەچۈردۈم. پەقەت خۇداغا نارازىلىقىم كەلدى. ئۇ نېمىشقا ئادەمنى مۇشۇنداق يارىتىدىغاندۇ؟

مەن ساناتورىيە يېنىدىكى قەدىمىي دۆڭلۈككە قايتىپ كەلدىم. يېنىمدىكى ئېگىز تاملار ئىچىدە روھى كېسەللەر. ئۇنىڭ سىرتىدا مەن. مەن ئۆزۈمدىن گۇمانلىنىپ قالدىم. مەنمۇ ئۇلاردەك روھىي كېسەل بولۇپ قالدىممۇ - نېمە؟

ئەمدى بىزنىڭ بىللە ياشايدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈنىمىز قالغانىدى. تاڭ ئاتسىلا بىز مەڭگۈگە ئايرىلىپ كېتەتتۇق. بىز تەتۈر قارىشىپ، بىر يىل گەپلەشمەي يۈردۇق. ئېست، ھارام ئۆتۈپ كەتكەن بىر يىل. مەن ئايرىلىش كۈنلىرىمىز يېقىنلاپ قالغان كۈنلەردە سىز بىلەن يارىشىپ قېلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم.

كەچتە ياتاقتا بىز خوشلىشىش زىياپىتى ئۇيۇشتۇرغاندۇق. بۇ كېچە قانداقمۇ ئېسىمدىن چىقىپ كەتسۇن. بۇ ئۇنتۇلماس كېچە مەن ئۈچۈن ئەڭ ئازابلىق پەيت ئىدى. بۇ سىزدىن ئەبەدىي جۇدا بولۇش كېچىسى ئىدى. مېنىڭ سۆيگەن قىزىمدىن ئەتىلا ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىمغا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. مەن سىزگە تەلمۈرۈپ قارايتتىم، تەتۈر قارىشىپ يۈرگەن بۇ بىر يىلدا سىز ماڭا نەپرەتلەنگەنسىزمۇ؟ ئىچ ئاغرىتقانسىزمۇ؟ مېنى خىيالىڭىزدىن چىقىرىۋەتكەنسىزمۇ؟ مەن سىزگە خۇپىيانە قارىۋالاتتىم. سىز مەن تەرەپكە قارىغان ھامان سىزگە تىكىلگەن كۆزلىرىمنى ئېلىپ قاچاتتىم. مەن سىزگە ئاشىق، مەستانە ئىدىم. بىراق، غۇرۇرۇم سىزگە گەپ قىلىشىمغا يول قويمايتتى.

بىر چاغدا سىز ماڭا بىر رۇمكا قىزىل ھاراقنى سۇندىڭىز. مەن گەپ قىلماستىن رۇمكىنى قولۇمغا ئېلىپ يېرىمىنى ئىچىپ، يېرىمىنى سىزگە قايتۇردۇم. سىز ئىتتىكلا ئىچىۋەتتىڭىز. مېنىڭ لېۋىم تەگكەن رۇمكىغا لېۋىڭىز تەگدى. ئاغزىم تەگكەن شاراب تېنىڭىزگە، تومۇرلىرىڭىزغا سىڭىپ كەتتى. ئاشۇ يېرىم رۇمكا شاراب قەلبىڭىزنى سېھىرلەپ، سىزنى ماڭا مايىل قىلىشنى بەكمۇ خالايتتىم.

ساۋاقداشلار شوخ، قىزغىن كەيپىياتتا تانسا ئويناۋاتاتتى. مەن ھېچ بىر قىز بىلەن، ھەتتا سىز بىلەنمۇ ئوينىماي، غەمكىن ئولتۇراتتىم. ۋاقىت تېز ئۆتمەكتە ئىدى. ئايرىلىش پەيتلىرى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. شەرق ئاسمىنى سۈزۈلۈپ باراتتى. مەن يەنىلا سىزگە گەپ قىلماي، تانسىغا تەكلىپ قىلماي ئولتۇراتتىم. قەلبىمدە ئىككى خىل ھېس ئېلىشاتتى: تاڭ ئېتىشقا ئاز قالدى. ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ رۇقىيەنى تانسىغا تەكلىپ قىل! يارىشىپ قال! ھەرگىز ئالدىغا بارما. سەن دېگەن ئوغۇل بالا ... ھەممە ئۆز جۈپتى بىلەن خۇشال ئىدى. پەقەت مەن، سىزلا مىدىرلىماستىن ئازابلى-

ىنىپ ئولتۇراتتۇق. شۇ چاغدا سىز يەنە ئالدىمغا كېلىپ، مېنى تانسىغا تەكلىپ قىلدىڭىز. مەن ئىككى يىل ئايرىلىپ قالغان سۆيۈملۈك قولنى، بەلنى قايتا تۇتۇشقا مۇيەسسەر بولدۇم. مەن ھېچ بىرگەپ تاپالماي:

— ھېلىقى خەتنى قايتۇرۇپ بەرسىڭىز. ئۇنى يېزىپ كېيىن پۇشايمان قىلدىم. مېنى كەچۈرۈڭ، — دېيەلىدىم. مۇشۇ سورۇندا، باشقىلار ئالدىدا، چىراغ نۇرى ئاستىدا كۆزىڭىزدىن ئاچچىق ياش ئېتىلىپ چىقىپ، مەڭزىڭىزنى بويلاپ ئاقتى. سىز يېشىڭىزنى قىلچە يوشۇرماي، كۆزلىرىمگە ئەلەم بىلەن قاراپ:

— ئالتە بەت، قانچە ئاچچىق سۆزلەر — ھە؟ ئۇ خەتنى ساقلاۋاتىمەن. بىراق، سىزگە قايتۇرۇپ بەرمەيمەن. كەلگۈسىدە بالىلىرىمغا كۆرسىتىمەن. ئۇلارغا ئانىسىنىڭ بىر ساۋاقدىشى تەرىپىدىن قانداق ھاقارەتلەنگەنلىكىنى بىلدۈرىمەن، — دېدىڭىز بۇ سۆزلىرىڭىزدىن يۈرىكىم يىڭنە سانجىغاندەك ئاغرىپ، بېشىم پىرقىراپ، يىقىلىپ چۈشكىلى ئاز قالدىم. مەن سىزگە قارىماستىن:

— خالىسىڭىز، تۆۋەنگە چۈشۈپ پاراڭلاشساق، — دېدىم. مەن ئاخىرقى بۇ ئازابلىق مىنۇتلاردا سىز بىلەن بىللە مېڭىش، پاراڭلىشىش بەختىگە ئېرىشەلىدىم. ماڭا ئەگىشىپ پەشتاقتىن چۈشتىڭىز. بىز ھەجەب مەڭگۈ مۇشۇنداق مېڭىش مەقسىتىمىزگە يېتەلمىسەك — ھە؟

ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىدىكى گۈللۈكتە ئولتۇرۇشتۇق. مەن سىزگە يالۋۇردۇم. بىراق، خەتنى قايتۇرۇپ ئالالمىدىم. ئاھ! ئازاب ... سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىز قەلبىمدە قالدى. مېنىڭ ئاشۇ نەپرەتنامەم قولىڭىزدا قالدى.

— خاتىرە ئۈچۈن بىر پارچە رەسىمىڭىزنى ماڭا ھەدىيە قىلىشقا بولامدۇ؟ — دېدىم بېشىمنى كۆتۈرۈپ.

سىز بېرىشكە قوشۇلدىڭىز. لېكىن، مېنىڭ رەسىمىمنى سورىمىدىڭىز. ئۆزۈمنىڭ قىممىتى بولمىغان تۇرسا، جانسىز ئوبرازىمنىڭ سىز ئۈچۈن نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن.

ياتاقتا قالغان ساۋاقداشلار سومكىلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىشتى. ھوشۇمغا كېلىپ ئەتراپىمغا قارىسام، كۈنچىقىشقا ئاز قاپتۇ. ئەمدى بېكەتكە، بىزنى تەرەپ - تەرەپكە ئېلىپ كېتىدىغان ئاشۇ بېكەتكە بېرىشىمىز كېرەك ئىدى. بىز بېكەتتە كۆرۈشمەكچى بولۇپ ئورنىمىزدىن تۇردۇق.

ئاپتوبۇس كۆزنىكىدىن بېشىمنى چىقىرىپ، قاتار - قاتار ئاپتوبۇسلار ئارىسىدا مىغىلداپ يۈرگەن ئادەملەر ئارىسىدىن سىزنى ئىزدەيتتىم. بىر چاغدا سىز كىشىلەر ئارىسىدىن قىستىلىشىپ ئۆتۈپ، مەن چۈشكەن ئاپتوبۇس يېنىغا كەلدىڭىز. مەن سىز سۇنغان قاتلاقلىق قەغەزنى ئالدىم. مەن كۆزلىرىڭىزگە غەمكىن تىكىلىپ:

— خوش، خەت يېزىڭ. ئۇنتۇشۇپ كەتمەيلى، — دېدىم. ئىككى تامچە ياش چىرايلىق كۆزىڭىزدىن سىرغىپ چۈشتى:

— خوش، ئامان بولۇڭ. خۇداغا ئامانەت ...

ئاپتوبۇس ئاستا قوزغالدى. سىز دوستلىرىڭىز بىلەن ماشىنا كۈتۈش زالىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، بېكەت ئالدىدىكى يولغا چىقتىڭىز. مەن بېشىمنى دېرىزىدىن چىقىرىپ قول پۇلاڭلاتتىم. سىز قولىڭىزنى كۆتۈرۈپ بىر نېمىلەرنى دەپ، غەمكىن قالدىڭىز. بىز راستىنلا ئايرىلغانىدۇق.

مەن سىز بەرگەن قاتلاقلىق قەغەزنى ئاچتىم. بىر پارچە سۈرەت، گۈزەل پەرىزاتنىڭ يېقىملىق ئوبرازى . . . رەسىم

ئۇرالغان قەغەزنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپ كەتتىم. بىر بەت ئەمەس، بىرەر جۈملە تەسەللى، ئۈزۈندىش سۆزىمۇ يوق. ئەي تاش يۈرەك پەرىشتە! سىز مېنى نېمە قىلماقچى؟ مېنى خاراب قىلدىڭىز رۇقىيە...

مەن بېكەت ئالدىدىكى يولدا قالغان ھالىتىڭىزنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ئۈنسىز ياش تۆكتۈم. ئاشۇ شەھەردىن، سىزدىن يىراقلاپ كېتىپ باراتتىم. كۆز يېشىم توختىماستىن قۇيۇلاتتى. مېنى ئادەم قىلغان، ھاياتنى چۈشەندۈرگەن، سۆيۈملۈك رۇقىيەنى قوينىغا ئالغان ئانا شەھەر ئارقامدا قالغانىدى. مەن بېشىمنى ئاستا كۆتۈرۈپ، كەينىمگە تەلمۈرۈپ قارىدىم. يېنىمدا ئولتۇرغان ئايال مېنىڭ تۆككەن ياشلىرىمدىن تەسىرلىنىپ ئېغىز ئاچتى:

— نېمىگە مۇنچە يىغلايسىز؟

مەن گەپ قىلماستىن رەسىمىڭىزنى ئۇ ئايالغا بەردىم. ئۇ رەسىمىڭىزگە بىر ھازىغىچە قارىغاندىن كېيىن چوڭقۇر تىندى.

— ئايرىلىپ كەتسە ھەقىقەتەن يىغلىغۇدەك قىز ئىكەن. سىز نېمىشقا بىللە ئېلىپ كەتمەيسىز؟

ئايالنىڭ بۇ سوئالى جاۋابسىز قالدى. راست ئەمەسمۇ؟ مەن بۇنىڭغا نېمىدەپ جاۋاب بېرەلەيتتىم. ئاپتوبۇس توختىماستىن كېتىپ باراتتى. مەن سىزنى نېمىشقا بىللە ئېلىپ كەتمىدىم - ھە؟

تەقدىرنىڭ بۇ ئۇرۇنلاشتۇرۇشىغا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. قەلبىمدە بۇ رەھىمسىز قىسمەتكە قارشى ئىسيان داۋالغۇيتتى: ئەي تەقدىر، ئالدىڭدا ياش ئەگمەيمەن. سېنى بويسۇندۇرىمەن. رۇقىيەگە يەتمەي قويمايمەن!

بىزنىڭ جىسمىمىز ئايرىلغان بىلەن روھىمىز يەنە بىللە ئىدى. سۆيگۈمىز يۈرىكىمگە ھەمراھ ئىدى. ئاي، يىللار ئۆتۈپ، سىز مېنىڭ سىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى، يەنىلا ئاشۇ مۇھەببەت بىلەن ياشاۋاتقانلىقىمنى بىلمىسىز. قانچە يىللار ئۆتسۇن، مەن سىزگە ئېرىشسەملا مەيلى ئىدى. ئادەمنىڭ ھاياتى بەكمۇ قىسقا - ھە؟ مەن بىردەمدىلا ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۆمرۈمدە ھەقىقىي ياخشى كۆرگەن گۈزەل پەرىشتەمگە نېمىشقا يېتەلمەيمەن؟ نېمىشقا ئارمان بىلەن ئۆلۈپ كېتىدىكەنمەن؟

مەن يەنە بىرەر قىزنى ياخشى كۆرەلمىدىم. قەلبىمدىكى مۇھەببىتىڭىز ھەممە قىزلارنى چەتكە قاقتى. مەن سۆيگۈڭىز بىلەن خىيالىي دۇنيايىمدا تەنھا ياشايتتىم. ئادەملەر مېنىڭ نەزەرىمدە پەقەت ئىككى پۇتلاپ مېڭىپ يۈرگەن، ماددا ئالمىشىشنى تاماملايدىغان بىئولوگىيىلىك قۇرۇلمىدەك ئەھمىيەتسىز كۆرۈنەتتى. ھېچكىم بىلەن دوستلاشمايتتىم ۋە دۈشمەنلەشمەيتتىم. ئادەملەرنىڭ مېنى ياخشى دەپ ماختاشلىرى، يامان دەپ ئۆچ كۆرۈشلىرى بىلەن كارىم يوق ئىدى. ئۇنداق باھالارنىڭ مەن ئۈچۈن نېمە پايدىسى؟ مەن قەلبىم ئىستەكلىرى ئۈچۈن ياشىسام، ئۇنىڭغا خائىنلىق قىلمىساملا بولدى ئەمەسمۇ؟

سىزدىن ئايرىلىپ ياشىغان كۈنلىرىمدە سىز دائىم خىياللىرىمدا ھەمراھ ئىدىڭىز. پەقەت چۈشلىرىمدە ئۆتكەن كۈنلەرنى كۆرەلەيتتىم. مەن بۇگۈنگىچە نېمىشقا مۇھەببەت ئىزھار قىلماي ئۆتۈۋەردىم؟ ھېچ بولمىغاندا مەكتەپ پۈتتۈرۈش ھارپىسىدىكى خوشلىشىش، كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىدە نېمىشقا قەلبىڭىزگە سوئال بەلگىسى سىزىپ قويالمىدىم؟ مەن قاچانغىچە مۇشۇنداق ياشارمەن؟! ئېھ، ئازاب بىلەن ئۆتكەن كۈنلەر! ئاشۇ مۇزەپپەر

سۆيگەن قىزىڭنى تارتىۋالدى ـ ھە؟ ئاشۇ
مۇزەپپەر رۇقىيەنىڭ پاكلىقىنى بۇلغاپ،
ئەقىدەمنى بەربات قىلىۋەتتى ـ ھە؟ ئادەم-
لەر نېمىشقا ئاشۇنداق؟ مەن سىزنى سۆ-
يىمەن. بىراق، مېنىڭ بۇ ئۆلمەس
سۆيۈشلىرىمگە پەرۋاسىز قارايسىز. مۇزەپپەر
سىزنى سۆيمەيدۇ. لېكىن سىز ئۇنىڭغا
ئۆزىڭىزنى بېغىشلايسىز. بۇ دۇنيادىكى
ئاشىقلاردا نېمە گۇناھ؟ سىزدىن ئاغرىنىپ
نېمە قىلاي؟ سىز مۇزەپپەرگە كۆڭلىڭىزنى
بەرگەندىكىن سىزنى ئەيىبلەشكە نېمە
ھوقۇقۇم بار؟ مەندە ئېتىبارسىز قالغان
سۆيگۈم ئۈچۈن ياش تۆكۈشتىن باشقا
نېمە چارە بار؟

سىزگە نەچچە قېتىم خەت يازماقچى
بولدۇم. قەلبىمدىكى ھۆكۈمران ئوبرازىڭىز
ھامان قولۇمنى تۇتۇۋالاتتى. كۆنلەر ئۆتكەن
بولسىمۇ سىزدىن قەلبىمگە تەسەللى بەر-
گۈدەك بىرەر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالال-
مىدىم. سىز ئەمدى مېنى پۈتۈنلەي ئۇنۇ-
تۇپ كەتكەندەك قىلاتتىڭىز.

خەت كەلدى، سىزدىن ئەمەس، بىر
دوستۇمدىن كەلدى. ئۇ مېنىڭ سىز ئۈ-
چۈن ئۆرتىنىۋاتقان دەردمەن يۈرىكىمنى
چۈشىنەتتى. ئۇ بۇ خېتىنىڭ يۈرىكىمگە
خەنجەر بولۇپ سانچىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى.
بىراق، بۇ خېتى ئارقىلىق بۈگۈنگىچە يې-
نىۋاتقان ئۈمىد شامىمنى ئۆچۈرۈپ، مېنى
غۇۋا دۇنيانىڭ ھەسرەتلىرىدىن تارتىۋالماق-
چىمىدۇ... شۇم خەۋەر يەتكۈزگەن ئۇ دوس-
تۇمدىن رەنجىگۈم كېلىدۇ، سىز ئۆكتەبىردە
توي قىلماقچى بولۇپسىز.

مەن ئۈچۈن پاجىئەلىك، سىز ئۈچۈن
خاسىيەتلىك بولغان ئۆكتەبىر كۈنى ئىدى.
مەن بۇ يەردە قەدەھ كۆتۈرۈپ تويىڭىزنى
تەبرىكلىدىم، كۆتۈردۈم... خۇدۇمنى بىلمەي
كوچىدا كېتىپ بارىمەن. ئادەملەر مېنىڭ
ئەلەس ھالىتىمدىن نەپرەتلەنگەندۇ؟ بى-
راق ئاشۇ ئادەملەر قەلبىمنىڭ بۇ دۇنيا-
دىكى ھەمراھىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى
بىلىسە ـ ھە؟ قۇلىقىمغا ناغرا ـ سونايلارنىڭ
ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولاتتى. بىر چاغدا
يول بويىدىكى ئېرىقتا يىقىلىپ چۈشتۈم.
ئېرىقنىڭ نەم ھاۋاسى تېنىمنى مۇزلىتاتتى.
سىز مۇشۇ تاپتا يۇمشاق كۆرپە ئۈستىدە
بەخت كەيپىدە مەست بولغان ئەرنىڭ تې-
نىدىكى ھارارەت تەپتىدىن تەرلەپ ياتى-
دىغانسىز. مەن ئەمدى ئۆزۈمنىڭ شور پې-
شانە ئىكەنلىكىمگە ئىشەندىم. بۇ دەھشەت-
لىك قىسمەت جىسمىمنى ئەگدى، تىنى-
قىمنى بوغدى، روھىمنى تۇنجۇقتۇردى.
ئەمدى دۇنيادىكى ھەممە قىز مەن ئۈ-
چۈن ئوخشاش. قېنى قىزلار؟ سەت ياكى
چىرايلىق بولسىمۇ مەيلى. ئېگىز، پاكار
بولسىمۇ بەربىر. سېمىز ياكى ئورۇق بول-
سىمۇ پەرقى يوق. مەن بىلەن توي قى-
لىشنى خالىسىلا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە.

مەن سىزگە يېتەلمىگىنىم بىلەن ماڭا
ئېرىشىش كويىدا يۈرگەنلەرمۇ يوق ئە-
مەس ئىكەن. مەن قەلبىمگە خائىنلىق
قىلىپ، بىر قىزغا مۇھەببەت ئىزھار قىل-
دىم. ئۇ ئاق كۆڭۈل، پاك قىز مېنىڭ ئۆ-
زىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىمنى بىلسە-
ھە؟ بۇ رەھىمسىز تۇرمۇشنىڭ قۇرۇلمى-
سىغا ھەيرانمەن. تۈنۈگۈن سىزگە ئاشىق
بولۇپ، قان ياش تۆككەنىدىم. ئاشۇ ياش-
لار تاش يۈرىكىڭىزنى ئېرىتەلمىگەنىدى.
بۈگۈن بىر قىز مەن ئۈچۈن كۆيۈپ كۆل
بولۇۋاتاتتى. مېنىڭ سۆيگۈم سىزنى قىلچە
تەسىرلەندۈرەلمىگىنىدەك، ئۇ قىزنىڭ
سارغىيىپ، قاقشال بولۇشلىرى مەندە ئىچ
ئاغرىتىشتىن باشقا سېزىمنى ئويغىتالمىدى.

مەن هازىر ياخشى كۆرگۈچى ئادەمنىڭ قەلبىـ
دىكى ئازابنى، ياخشى كۆرمىگەن ئادەمنىڭ
قەلبىدىكى بىپەرۋالىقنى چۈشەندىم. ئۇ قىز
يىغلاپ باقسۇن. مەنمۇ يىغلىغانغۇ؟ بۇ دۇنيادا
ماڭا ئوخشاش يىگىتلەر قىزلارنىڭ پىراقىدا
ياش تۆكۈۋەرمەي، ئۇنىڭغا ئوخشـاش قىز-
لارمۇ يىگىتلەرنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ باقسۇن.
لېكىن ئۇ قىزدا نېمە گۇناھ؟ سىزگە كۆ-
چۈم يەتمەي، ئۇ قىزدىن ئۆچۈمنى ئالسام،
ئۇنىڭ يېشى بىلەن سىز پەيدا قىلغان قەلـ
بىمدىكى مۇھەببەت يارىلىرىـنى داۋالىسام
بولامـدۇ؟ مەن ئەمـدى ئۇ قىزغا ئادالەتـ
ـسىزلىك قىلماي، مۇھەببىتىمنى قەدىرلەي.
ئۇ قىز سىز ۋەيران قىلغان ماڭـا ئوخشاپ
قالمىسۇن.

مەن قولۇمـنى ئۇ قـىزغا سۇنۇشـقا،
تېنىمنى ئۇ قىزغا سۈركىـلىشكە، قەلبىمنى
ئۇ قىزغا ئىنتىلىشكە مەجبۇرلىدىم. جىسمىم
شۇنداق قىلدى. بىچارە قىز، ئۇنىڭ تېنى
ئورۇقلاپ سـۆڭـەككە ئايـلانغان، چىرايـى
سارغايـغان، تىنىقىدىن كېسـەلـلىك ھىدى
كېلەتتى. بىچارە قىز. ئۇ باغـرىمغا چىڭ
يېپىشىپ تىپىتىنچ ياتاتتى. قۇچىقىمدا ئۇ قىز،
خىيالىمدا سىز. ئۇقىز بۇنى بىلسە ـ ھە؟ ئۇ
قانداق قىلار؟ مېنى سۆيمىگەندىكىن يۈرىكىمنى
قايتۇرۇپ بەرسىڭىزچۇ؟ مەن سىزگە ئېرىـ
شەلمىسەم ياكى باشقا بىر قىزنى سۆيەلمىسەم.
مېنى ئـەجەب قىيىنىدىڭىزغۇ رۇقىيە؟

ئۇ قىزنىڭ جىسمى بىلەن ياشىغىنىمـ
دىن كۆرە سىزنىڭ خىيالىڭىز بىلەن ياشـ
ـغىنىم شېرىن ئىكـەن. ئۇ قىزنىڭ يـۈرـ
ـكىنى ئالداپ نېمە قىلاي. ۋاقىت ئۆتكەنچە
ئۇ بۇ بەختسىزلىك پاتقىقىغا چوڭقۇر پاتىـ
دۇ. كېيىنكى كـۈنلەردە ماڭـا ئوخشـاش
شـور پېشـانە، دەردمـەن بولۇپ قالـىدۇ.
ئادەمـنىڭ جىسمىنى ئالـداشـتىن روھىنى
ئالداش ئازابلىقكەن.

شۇنـداق قىلىپ، مەن يەنە بۇ دۇنـ
يـادا تەنها قالدىم. بۇ يالغۇزلۇق سىزنىڭ
ھىجرىڭىزدىنلا باشلانغانىدى. تەڭـتۇشلىـ
رىم مېنى كوچا ئايـلىنىشقا بىلـلـە ئېلىپ
چىقاتتى. قارىسام ئادەمـلەرنىڭ ھـەممىسى
ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن ئالـدىراش ئىدى.

بەزى كۈنلىرى كەچتە تانسغا باراتتىم.
نۇرغۇن قوللار تەكرار ـ تەكرار تۇتۇپ كەتـ
كەن قول، بەلنى مەنمـۇ تۇتۇپ مەيـدانغا
چۈشەتتىم. كۆزۈم كۆرگەنلا قىزنى تانسغا
تـەكـلىپ قىلاتـتىم. يەنە ئاشۇ قول، يەنە
ئاشۇ بەل. ئۇلار بىلەن بىر ئېغىزمۇ سۆز-
لەشمەي، مۇزىكا رىتىمىغا چۈشۈرۈپ دەسـ
ـسەيتتىم. مەن بىلەن تانسا ئويناـۋاتقانلار
مەندە ھېچ بىر سېزىم ئويغىتالمايتتى.

بۈگۈن كوچىدىن يەنە مەست ھالدا
دەلدەڭشىپ قايـتىـپ كـىردىم. يـولـدا
نەچچە يەردە يىقىلىپ، كىيىملىرىم تـوپىغا
مىلەنگەنىدى. خىزمەتداشلىرىم ماڭـا كۆپ
نەسىھەت قىلدى. مۇشۇنـداق يـۈرۈۋەرسەم
يۈز ـ ئابرويۇم تـۆكـۈلەرمىش. تـۆكۈلسـە
تۆكۈلمەمدۇ؟ تاماكا چەكمە، ھاراق ئىچمە،
سالامەتلىكىڭگـە زىيـانـلىق دەيـدۇ تېخى.
ئادەم بەرىبىر ئۆلمىدىغۇ؟ تاماكا چەكمىسەم،
ھاراق ئىچمىسەم ئۆلمەيدىغان ئىش بولسىدى.

ھېـچكىمنىڭ ۋەز ـ نەسىھـەتلىرىـگـە
قۇلاق سالـماي يـۈرسەم، بەزىـلەر مـېنى
كۆزگە ئىلمايدىغان بولدى. سېنىڭ كاللاڭـ
نىڭ بىرنەچچە ۋېنتىسى كەم، سەندە بىر-
ئىككى تاسـقام بار ئىكـەن، دېـيىشىدۇ.
ۋېنتىسى كەم بولـۇپ قالـىدىغانـغا كاللام
ماشىنىمىدى؟ بىر ـ ئىككى تاسقام بار ئىـ
كەن دېگىنىنى قارا! مەن غەلـۋىرمىدىـم؟
شۇنداق دېگەنلەرنىڭ ئۆزى ساراڭ.

يېقىندا بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالـ
دىـم. بۇ خەت نـېرۋىـلىرىمنى غىدىقلاپ،

مېنى سەۋدايىلىق ھالىدىن قۇتۇلدۇردى. ئۆتكەندە سىزنى تويى قىلىدىغان بولدى، دەپ شۇم خەۋەر يەتكۈزگەن دوستۇم بۇ نۆۋەت سىزنى بىر بالىسى بىلەن ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتتى، دەپ خۇش خەۋەر يەتكۈزدى. بۇ خەۋەر قەلبىمدە يېڭى بىر ئارزۇنى ئويغاتتى. مەن قاچانغىچە مۇشۇنداق تەنھالىقتا بويتاق ياشاۋېرىمەن؟ مەن نەچچە يىللاردىن بۇيان سىزنى ياخشى كۆرۈش ئوتىدا تارتقان ئازابلىرىمنى، سىزنى داۋاملىق سۆيۈۋاتقانلىقىمنى سىزگە ئىزھار قىلماقچى بولدۇم. سىز مېنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان ئاشكارىلىيالمايۋاتقان پىنھان سۆيگۈمنى بىلىپ قېلىڭ. سىزنى ماڭا ئوخشاش سۆيىدىغان بىر ئادەم بۇ دۇنيادا يوق. بۇ ئىشقنى خۇدا دىلىمغا سالغان ئوخشايدۇ. مېنىڭ سۆيگۈم ھەرگىز ئۆلمىگۈدەك. ماڭا بۇ سۆيگۈ تېنىمگە، روھىمغا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەندەك، بۇ سۆيگۈدىن ئايرىلسام تېنىم مەزمۇنسىز شەكىلگە ئايلىنىپ قالىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ. بۇ دۇنيادا بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە شۇنچە باغلىنىپ كېتىدىكەن - ھە؟

رۇقىيە، ئەمدى مېنى بىلگەنسىز؟ مەن سىزگە ئاشىق ئىدىم. سىز مېنىڭ بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق تەنھا ئۆتۈپ كېتىشىمگە يەنە بىپەرۋا ھالەتتە قاراپ تۇرارسىزمۇ؟ مېنىڭ سۆيگۈم يەنە ئېتىبارسىز، قوبۇلسىز قالارمۇ؟ مەن سىزنى سۆيگەندەك، سىزمۇ مېنى سۆيمىسىڭىز مەن ئۈچۈن قانچە ئازاب - ھە؟

ئاھ، خۇدا! رۇقىيەنىڭ يۈرىكىگە مېنىڭ ئىشقىمنى سالغان بولساڭ ئىدى، بۇ دۇنيا مەن ئۈچۈن جەننەتكە ئايلىناتتى.

مېنىڭ قەلبىمگە جاۋاب بېرىڭ.

سىز ماقۇل كۆرسىڭىز، رازىلىق بەرسىڭىز پات ئارىدا قېشىڭىزغا يېتىپ بارىمەن.

مۇبادا مېنىڭ بۇ تەكلىپىمنى رەت قىلىنسا، سىزنى يەنە كۈتىدىغانلىقىمنى، سىزنى ئۆلگۈچە سۆيىدىغانلىقىمنى بىلىپ قېلىڭ.

سىزنى سۆيۈپ:

مۇرات.»

ئەتىسى كەچتە قوشنام رۇقىيەنى ئۆيگە چاقىردىم. ئۇ يەنە شۇ تارتىنچاقلىقى بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇ قورۇنۇپقىنە ئولتۇرۇۋالدى. ئارىنى جىمجىتلىق باستى. مەن ئاستا قىمىرلاپ، كېكىرتەكىمنى قىرىپ قويۇپ:

— مۇراتنىڭ خېتىنى كېچىچە ئوقۇپ چىقتىم. سىز ھازىر قانداق ئويلاۋاتىسىز؟— دېدىم.

رۇقىيە مەن سۇنغان خېتنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى. مەن جىمجىتلىقتا ئۇنىڭ ھاياجاندىن قاتتىق ئاھ ئۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. مۇراتنىڭ خېتى بۇ ئايالنى چوڭقۇر ئويغا سالغاندەك قىلاتتى.

— سىز ئىنستىتۇتتىكى چېغىڭىزدا مۇراتنىڭ سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتىڭىزمۇ؟

— بىلەتتىم.

— سىزچۇ؟ ئۇنى ياخشى كۆرمەمتىڭىز؟

— مەندە ئۇنىڭغا قارىتا ئىچ ئاغرىتىش ھېسسىياتىلا بار ئىدى.

— كېيىنچۇ؟ ئۇنىڭ شۇنچە بوشاشماس، ئەسەبىي سۆيۈشلىرى سىزنى تەسىرلەندۈرەلمىدىمۇ؟ سىزدە ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتى ئويغىتالمىدىمۇ؟

رۇقىيە يەرگە باقتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى نەملەنگەنىدى. ئۇ بىردەمدىلا قىزىرىپ، ئىششىغان كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ قېچىپ:

— ئۇنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتى مېنى ئېرىتمەي قالاتتىمۇ؟ بىراق، مەن ئۇنىڭ

ئاغزىدىن بىرەر ئېغىزمۇ گەپ ئالالمىدىم، — دېدى.

مەن ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك بولدۇم. بۇ ئاشىق - مەشۇقلار مۇرادىغا يېتىدىغان، بولدى، دەپ ئويلاپ، بەكمۇ سۆيۈندۈم.

— سىز ئەمدى قانداق قىلماقچى؟

— ئۇ بەك كېچىكتى. مەن توي قىلىپ، بىر ئەردىن ئاجراشتىم. بىر بالاممۇ بار. ھازىر مەن ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئەمەس.

— سىز ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر ئازابلىنىپ ئۆتۈشىنى خالامسىز؟

— يىللار ئۇنى بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدۇ، مېنىمۇ ئۇنتۇلدۇرىدۇ.

— مۇرات سىزنى ئۇنتۇيالمايدۇ. مەن ئۇنىڭ بۇ ياخشى كۆرۈشىدە بىر ئىلاھىي سۆيگۈنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. مېنىڭچە ئۇنى يەنە نائۈمىد قالدۇرمىغىنىڭىز ياخشى. مۇبادا سىز ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى رەت قىلسىڭىز، ئۇنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلىسىز.

رۇقىيە بىر ھازارغىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. كېيىن ئاستا قىمىرلاپ بېشىنى كۆتۈردى.

— ئۇ بالامنى خارلاپ قويامسىمۇ؟

— بالا ئۇنى كۈندەشلىك ئوتىدا كۆيدۈرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سىزنى ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتى ئىزنىڭ بۇ ئازابىنى بېسىپ كېتىدۇ. ئۇ ھەتتا بالىڭىزنى ئۆز بالىسىدەك ئاسرىشى مۇمكىن.

— سىزنىڭچە، مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسام بولامدۇ؟

— بولىدۇ. بەك ياخشى بولىدۇ. شۇنداق قىلسىڭىز مۇراتنى بۇ ئازابلاردىن قۇتقۇلدۇرغان، ئۇنى بەختلىك قىلغان بولاتتىڭىز.

رۇقىيە ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە چاقناپ تۇرغان بەخت نۇرلىرى يۈرىكىمنى ئىللىتىپ ئۆتتى. ئۇ خىجىل بولۇپ يەرگە قاراپ:

— مەن ئۇنىڭغا جاۋاب خەت يېزىۋېتەي، — دېدى.

رۇقىيە چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىردىم. مېنىڭ بۇ خوشنام يالغۇز ئەمەس ئىكەن. ئۇنى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتقان يىگىتى بار ئىكەن. بىر يىگىتنىڭ ئاشۇنداق مەجنۇنانە سۆيۈشىگە نائىل بولغان بۇ ئايالنى كىممۇ بەختسىز دېيەلىسۇن!



ياسىن نىياز 1962 - يىلى تۇرپاندا تۇغۇلغان. 1985 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر تۇرپان ئازسانلىق مىللەت باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزىدە ئىشلەۋاتىدۇ.

ئۇ 1985 - يىلدىن ئېتىبارەن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. ھازىرغىچە ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا 20 پارچىغا يېقىن شېئىر ۋە ھېكايىلىرى ئېلان قىلىندى.

ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ ساندا ئۇنىڭ «سىزنى سۆيەتتىم...» ناملىق ھېكايىسىنى ئېلان قىلدۇق. بۇ ھېكايىنىڭ كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

ئەركىن روزى

# دۆڭ كۆۋرۈكتىكى كىشىلەر

(ئەدەبىي ئاخبارات)

ئاشۇ كىشىلەر مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى ۋە مۇڭ-زارى، ياشاش ئۇسۇلى، ھايات پەلسەپىسى مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. مەن ئۇلارغا چوڭقۇر مېھرى-مۇھەببەت باغلاشقا باشلىدىم. خۇددى رېئاللىق ئىچىدىن ئۆزۈمنى قايتا تېپىۋالغاندەك بولدۇم.

ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن بارلىق ئەقىل-پاراسىتىنى ئۇرغۇتۇۋاتقان، ۋاقىتنىڭ ھەممىگە قادىر سوتچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە يەنە ئۆزلۈكسىز دەم ئېلىۋاتقان، ئۆتكۈنچىلەرنىڭ تاپىنىدىن توزۇغان توزانلارغا مىلىنىپ غەمسىز يۈرۈۋاتقان، مەست بولۇپ تام تۈۋىلىرىدە، ئازگاللاردا يېتىپ قېلىۋاتقان، زامان سادالىرىغا پىسەنت قىلماي، كەلگۈسىدىن ئەنسىرىمەي لاغايلاپ يۈرۈۋاتقان ئاشۇ كىشىلەرگە كۆڭلۈمدە ھېسداشلىق تۇيغۇسى قوزغالدى. ئۇلارغا ئېچىندىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا يېقىنلىشىشقا، ئۇلار ئۈچۈن ئويلاشقا، ئۇلار ھەققىدە سۆزلەشكە بەل باغلىدىم.

دۇنيانىڭ جاي-جايلىرىدىن، مەملىكەتنىڭ ھەربىر بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىدىن شىنجاڭغا كەلگەنلەر مۇشۇ ئەزىز ماكاننى كۆرمىسە كۆڭلى ئارام تاپمايدۇ. بۇ ماكان ئەزىز دۆڭ كۆۋرۈك. بۇ ماكاندا مېنىڭ قېرىنداشلىرىم ياشايدۇ. مەن ئۇلارنى قەدىرلەيمەن. خالىسىڭىز سىزنى شۇ يەرگە باشلاپ باراي.

## «خوجايىنلار» ئارىسىدا

بۇرنۇمدىن ئوقتەك قان كەتتى، يىغلىدىم. ھارام تاياق يېگىنىم ئۈچۈن ئازابلاندىم.

— بىز سەندەك سولتەكلەرنى تولا كۆرگەن، — دېدى چىرايىنىڭ قارىلىقى ئادەمگە ئۆتلىگەن كاللىنى ئەسلىتىدىغان بىر يىگىت ماڭا ئالىيىپ، — تېخى بىزنى ھارام تاماق، لۈكچەك دەمسەن؟ ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنى تارازىغا سېلىپ باق، باشقىلارنىڭ چاپىنىدا تەرلەپ ياكى بولمىسا بىرەر يوغان قورساقنىڭ كۆپپاڭچىلىقىنى قىلىپ مەر-

تىۋىگە ئېرىشكەندۇرسەن، تايىنلىق. ئۆزۈڭنى قالتىس چاغلىما. ھە دېسىلا دۆڭكـۆۋـ
رۈككە كېلىۋېلىپ لاغايلاپ يۈرۈدىغان ھارامتاماقلارنىڭ بىرىغۇ سەن. دۆڭكۆۋرۈكنىڭ
خوجايىنلىرى ئالدىدا چوڭ سۆزلەشكە نىمە ھەققىڭ بار؟

ــ كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ قارا،ــ دېدى ئېگىز بوي، ئاق يۈزلۈك كەلگەن بىر يـ
گىت تۇمشۇقىمنى نوقۇپ، ــ مەن بـۇ يەرنىڭ غوجىسى، پۈتكۈل دۆڭكـۆۋرۈكنى ئۆزۈم
سورايمەن. مەنمۇ ساڭا ئوخشاش ئىشتان قىرلاپ يۈرۈدىغان كادىر ياكى تېخنىك بولـ
ماقچى ئىدىم. لېكىن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىدىم، كادىرلىققا، ئىشچىلىققا
قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىدىنمۇ ئۆتەلمىدىم. ئاخىرى كوچىغا چىقتىم. نـۇرغۇن دوستلارنى
تاپتىم. ئۇلارنىڭمۇ تەقدىرى ماڭا ئوخشايدىكەن، بىرلىشىۋالدۇق. يامان ئىشلارنىمـۇ، ياخشى
ئىشلارنىمۇ قىلدۇق. نەچچە قېتىم تۇتۇلۇپ، نەچچە قېتىم قۇتۇلدۇق. ھە بىزنىڭ نېمە ئوقەت
قىلىدىغانلىقىمىزغا قىزىقىدىغانسەن ھەقىچان. بۇنىمۇ بىلىۋال. قولۇڭدىن كەلسە ئاتتۇرۇـ
ۋېتەرسەن. مانا، مـۇنداق قىلىمىز... ــئۇ كۇرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى
جۈپلەپ، يېنىدىكى دوستىنىڭ يانچۇقىغا تىقتى، ــ بۇنىڭ مەنىسىگە چۈشەنگەنسەن؟ بۇ
ئىشقا ئۆزۈم بىۋاستە ئارىلاشمايمەن. دوستلىرىم تاپقىنىنىڭ ھەممىسىنى ماڭا تاپشۇرـ
دۇ، ئـۆزۈم تەقسىم قىلىمەن. بىز شۇنداق ياشاپ كەلدۇق. بىزدە پۇل بـار. بۈگۈنكى
كۈندە پۇلۇڭ بولسا بەخت دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟ ئۆزۈڭ بىرموچەن پۇلنىڭ ئالدى - ئار-
قىسىغا نەچچـە قېتىم قـاردۇېتىپ تىتـرەپ تۇرۇپ ئاران خەجلـەيدىـغان بىر نېمە
تۇرۇقلۇق بىزگە چوڭچىلىق قىلىسەنغۇ؟ سەن بىزگە ئوخشـاش خـالىغانچە كۆكۈل ئاچاـ
لىساڭ ئاندىن ئوغۇل بالا ھېسابلىنىسەن، ئۇقتۇڭمۇ؟

مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قـارىدىم. ئۇ ئۆزىنى غالىپ ھېس قىلغان بولسىمۇ كۆزلىـ
رىدىن، چىرايىدىن خۇنۇكلۇك، بىچارىلىق بىلىنىپ تۇراتتى. مەن كۆزۈمدىكى ياش يۇـ
قىلىرىنى، بۇرنۇمدىكى قان داغلىرىنى سۈرتتۈم. گەرچە ئۇلار مېنى قاتتىق ئۇرغان بولـ
سىمۇ، لېكىن مەندە ئۇلارغا ئىنتىلىش، ھېسداشلىق قىلىش ئىستىكى تـۇغۇلدى. مەن
ئۇلارنى تىللىغان بولسام، ئۇلار مېنى ۋە ماڭا ئوخشاش كىشىلەرنى ھارام تاماقلار قاتارىغا
چىقاردى. توغرا، بىز ئۆزىمىزدىن پەخىرلىنىپ يۈرىمىز، ئۇلارنى ياراتمايمىز، تۆۋەن كۆـ
رىمىز. ئۆزىمىزچۇ؟ جەمئىيەت ئۈچۈن، خەلقىمىز ئـۈچۈن نېمە قىلىپ بەردۇق؟ ئۆزىـ
مىزدىن پەخىرلەنگۈدەك بىرەر نەتىجە يارىتالىدۇقمۇ؟ مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قىسـ
قـا ۋاقىـت ئىچىدە ئويلاندىم، نۇرغۇن سوئاللار نېرۋىلىرىمنى چىرمىۋالدى.

ئۇلاردىن ئەپۇ سورىدىم. ئۇلار بىلەن دوست بولۇپ ئۆتۈشكە رازى ئىكەنلىكىمنى
بىلدۈردۈم. ئىتتىپاق تىياتىرخانىسىنىڭ يېنىغا جايلاشقان كىچىككىنە ئاشخانىدا بىرسائەتـ
تەك داۋاملاشقان بۇ ۋەھىمىلىك سوراقتىن ئاخىـر قۇتۇلدۇم. ئۇلار مېنى ئۇرۇپ، دۈشـ
كەلەپ ئاشۇ ئاشخانىغا سۆرەپ كىرىشكەنىدى، ئەمدى قويۇۋەتتى.

بۇ ئىش مېنى قورقىتالمىدى. ئەكسىچە دۆڭكـۆۋرۈككە ۋە بۇ جايدىكى ھاياتقا
بولغان قىزىقىشىم بارغانسېرى ئاشتى. بىر كۈنى مەنھېلىقى «خوجايىن» يىگىتنى ئىتتىپاق
تىياتىرخانىسىنىڭ ئالدىدىكى كەچلىك بازاردا چىرايلىققىنە بىر قىزنى مېھمان قىلىۋاتقان
يېرىدىن ئىزدەپ تاپتىم. ئۇ خۇش كەيپ ئىدى. ئۆزى بىلەن سۆزلەشمەكچى بولغىنىمـ

نى بىلىپ خۇشال بولدى ھەممە ھېلىقى قىزنى يولغا سېلىۋېتىپ، مېنى خالىرەك بىر رىســ
تورانغا باشلاپ كىردى.

ــ ئۆتكەندە ساڭا قوپاللىق قىلىپ قويۇپتىمىز ئاغىنە، كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەتكەنسەن؟

ــ ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ ـ دە، بولمىسا بۈگۈن سىزنى ئىزدەپ كېلەتتىممۇ؟ــدېدىم
مەن ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋابەن، ــ سىز بىلەن دوست بولۇشنى خالاپ قالدىم. مەن دۈگـ
كۆۋرۈككە، بۇ يەردىكى كىشىلەرگە قىزىقىمەن سىز دوستلىرىڭىزنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان
بىلىسىزغۇ دەيمەن؟

ــ بىلمەمدىغان، بەش قولدەك بىلىمەن. راستىمنى ئېيتسام، مەن دوستلىرىم بىلەن
خۇشال ـ خۇرام ياشاۋاتقاندەك كۆرۈنسەممۇ، لېكىن كۆڭلۈمنى ئاقتۇرۇپ كۆرسەم ئازابـ
لىرىم كۆپ. بىز ياخشى ئادەم بولۇشنى خالايتتۇق، ئەمما ئېزىپ كەتتۇق. تاتمىغان
ئازابلىرىمىز قالمىدى. شۇ تاپتا نۇرغۇن دوستلىرىم تۈرمىدە يېتىۋاتىدۇ. بۇـ
لارغا كىم ئېچىنمايدۇ؟ بەزىدە ئۆزۈمگەنەپرەتلىنىمەن، ئېچىنىمەن. بۈگۈنكى كۈندە بىز
بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق، خۇددى بىز شۇنداق يارالغاندەكلا. كىشىلەر بىزنى رەزىل،
نادان مەدەنىيەتسىز، چۈپرەندىلەر دەپ قارايدۇ، ــ دېدى ئۇ پىۋىنى بىر ئوتلىۋېتىپ،ــ
راستىنلا شۇنداق. مېنىڭ دوستلىرىم ھەر قايسى جايلاردىن قېچىپ كەلگەن ئىگىچاقىـ
سىز باللار. ئۇلار ئاشخانىلاردا ياكى باشقا جايلاردا يالىنىپ ئىشلەيدۇ ياكى بولمىسا
مەخسۇس يانچۇقچىلىق بىلەن جان باقىدۇ. لېكىن سەن بۇ شەھەرگە قاراپ باق. بۇ شەھەر
مەدەنىيەت مەركىزى دېيىلىدۇ. بۇ شەھەرگە مەدەنىيەتلىك، بىلىملىك، ئەخلاقلىق كىـ
شىلەر توپلانغان. ئۇلار مەدەنىيەتلىك بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە شۇنداق بولۇشى كېرەك.
چۈنكى ھۆكۈمەت ئۇلارغا مائاش بېرىپ، تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان. لېكىن بىر
ئىش زادىلا كاللامدىن ئۆتمەيدۇ. بەزى كادىرلار، زىيالىيلار بىر ـ بىرىگە ئورا كولاش،
يۇرتۋازلىق قىلىش بىلەن جان بېقىۋاتىدۇ. خۇدادىنمۇ قورقماي ئىنسابسىزلىق قىلىشىـ
ۋاتىدۇ. سەن بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسەن، ئۇنداق ئەمەس دېيەلەمسەن؟ ئۇلار مەدەنىـ
يەتلىك، بىلىملىك بولغىنى ئۈچۈن باشقىلارنى، بىزدەكلەرنى تەربىيىلىشى كېرەك ئىدىـ
غۇ؟ بۇلارنىمۇ ئويلاپ بېقىشىڭ كېرەك.

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ھەيران قالدىم. ئۇنىڭ جەمئىيەتنى خېلىلا ئوبدان كۆزەتـ
كىنىگە ھەۋەس قىلدىم. ئۇ ماڭا يەنە نۇرغۇن ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى. مەن ئۇنىڭغا
رەھمەت ئېيتىپ خوشلاشتىم.

## قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشلەر

بۇ جاي ئۈرۈمچى ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇش، تەربىيىلەش ئورنى. مەن
تالاي رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ، مىڭ بىر تەسلىكتە بۇ جايغا كېلىپ ئۆسمۈر جىنايەتـ
چىلەر بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرگەندىن كېيىن
ئۆزۈمنى خۇددى ناھەق ئەيىبلەنگەن جىنايەتچىنىڭ ئادۋوكاتىدەك ھېس قىلدىم.

— سەن قانچە ياشقا كىردىڭ؟

— 13 ياشقا.

— بۇ يەرگە نېمىشقا كىرىپ قالدىڭ؟

— بۇلاڭچىلىق قىلىپ.

— سەن قانچە ياش؟

— 12 ياش.

— نېمە جىنايەت ئۆتكۈزدۈڭ؟

— قاتىللىق قىلدىم.

— سەنچۇ؟

— مەن 15 ياشقا كىردىم.

— نېمە جىنايەت ئۆتكۈزدۈڭ؟

— باسقۇنچىلىق قىلدىم...

كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلدى، ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلىدىم. ئېچىنىشلىقى شۇكى، ئۇلار نېمىنىڭ جىنايەت، نېمىنىڭ قانۇن، نېمىنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن. تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىنلا قانۇندىن ساۋاتقا ئېرىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دۆڭكۆۋرۈكتە ياشىغانلار ئىكەن.

مەن تۈرمىدىن قايتتىم. كۆز ياشلىرىمنىڭ قانچىلىك تۆكۈلگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، مەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالدىم. ئەقىل تاپتىم. زېھنىم تېخىمۇ ئېچىلىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. ئەمدى دۆڭكۆۋرۈكنى سىرتتا تۇرۇپ ئەمەس، ئىچكىرىلەپ كىرىپ كۆزىتىش نىيىتىگە كەلدىم. چۈنكى دۆڭكۆۋرۈكتە مېنىڭ قېرىنداشلىرىم ياشايدۇ.

## ئۇلارغا نېمە بولغاندۇ

قۇياش ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈپ، كەڭ زېمىننى ئۆزىنىڭ ئالتۇن نۇرىغا پۈركەشكە باشلىغان چاغدا مەن دۆڭكۆۋرۈككە يېقىنلاشتىم. بۇ يەرگە كېلىپلا كۆڭلۈم بۇزۇلدى. ئەنە، ئاۋۇ تامنىڭ تۈۋىگە قاراڭ، ئىككى يىگىت سوزۇلۇپ ياتىدۇ. بۇرۇنلىرىنىڭ، ئېڭەكلىرىنىڭ ئاستىدا قۇسۇقلار قېتىپ قاپتۇ. كىشىلەر بۇ چىرايلىق يىگىتلەرنىڭ يېنىدىن ئەگىپ ئۆتۈشۈۋاتىدۇ.

ئاۋۇ ئېرىقنىڭ لېۋىدە تېخىمۇ قامەتلىك بىر يىگىت تېخىمۇ كۆلكىلىك قىياپەتتە ياتىدۇ. ھېچكىم ئۇلارنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، خىلۋەترەك جايلارغا ياكى بولمىسا ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ ياتقۇزۇپ قويۇشنى خالىمايدۇ. بۇنداق قىلىشقا ۋاقتى يوق. چۈنكى كىشىلەر ئالدىراۋاتىدۇ. ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئىشىنى تېز، پۇختا پۈتتۈرۈش ئۈچۈن ئالدىراۋاتىدۇ. يېتىپ قالغانلار كىملەرنىڭ پەرزەنتلىرىدۇ؟ كىملەرنىڭ ئەرلىرىدۇ؟ قايسى تەلەيسىز نارەسىدىلەرنىڭ دادىلىرىدۇ؟

مەن ئاستا مېڭىۋاتىمەن. مانا، كوچىنىڭ دوقمۇشىدا كىشىلەر ئىككى تەرەپ بولۇپ ئۇرۇشۇپ قالدى. تېپىشىشلەر، مۇشتلىشىشلار، تىللاشلار، گۇر ـ گۇر قېچىشلار، قوغلاشلار ئەۋجىگە چىقتى. ئۇلارغا نېمە بولغاندۇ؟ مەن ئاخىر بىلدىم. بۇلار ئىككى يۇرتنىڭ ئادەملىرى ئىكەن، ئىككى يۇرتنىڭ ئادەملىرى ئىككى گورۇھقا بۆلۈنۈپ بىر ـ بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپتۇ. ئەسلىدە بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنىڭ ئوقەت يولىغا كىرىۋېلىپ سودىسىنى بۇزغانىكەن. مانا، ئۇلار غەزەپلىك ۋارقىراشلار ئىچىدە قوغلىشىپ، بىر تار كوچىغا كىرىپ كېتىشتى. مەن يولۇمنى داۋاملاشتۇردۇم.

كوچا ئاپتوبۇسى ئىككى بېكەت ئارىلىقىدا تۇيۇقسىز توختاپ قالدى. ئاپتوبۇستىن كاشىلا چىقىرىلدى. شوپۇر قىز ئاپتوبۇسنىڭ كاشىلىسىنى ئىزدەيتتى. ئۇ چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلدى. دەل شۇ پەيتتە، ھاراقنىڭ كەيپى بىلەن كۆزلىرى خۇمارلاشقان ئىككى يىگىت پەيدا بولدى. ئۇلار شوپۇر قىزنى كۆرۈپ، ئەيمەنمەستىنلا ئاپتوبۇسنىڭ ئالدىغا يۆلەندى. بىردەمدىلا بىرمۇنچە بىكار تەلەپلەر توپلاندى. ئىككى يىگىت ئوڭايسىزلىنىۋاتقان قىزغا قاراپ ۋارقىرىغىلى تۇردى.

ـــ ئاپئاق قىز، مەن ماڭدۇرۇپ بېرەيمۇ؟

ـــ مەن ئوت ئالدۇرايمۇ؟

ـــ تەرەت ئالماي رولغا ئولتۇرغان ئوخشىمامسىز؟

ئۇلارنىڭ قىلىقلىرى يىرگىنچلىك، سۆزلىرى تېتىقسىز ئىدى.

خۇداغا شۈكرى، ئاپتوبۇس ئاخىر ئوت ئالدى. شوپۇرقىز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، قانچىلىگەن يولۇچىنى سۆرەپ يولغا راۋان بولدى. توپلىشىۋالغانلار جايىدا قېلىۋەردى. ئۇلار دۆڭ كۆۋرۈكلۈكلەر ئىدى.

## ئۇلار نېمە ئۈچۈن يارالغان

دۆڭكۆۋرۈكلۈكلەر ئالدىراۋاتاتتى. ئۇلار ياشاش ئۈچۈن، بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويماسلىق ئۈچۈن، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانىسى، پەرزەنتلىرى ئۈچۈن، بەخت ـ سائادەت ئۈچۈن، زور ئۇتۇقنىڭ ئىگىسىگە ئايلىنىش ئۈچۈن... ئالدىرايتتى. بۇنداق ئالدىراشچىلىقنى ئۇلارغا بۈگۈنكى دۇنيا، بۈگۈنكى جەمئىيەت ئۆگەتكەنىدى. ئۇلار كېلىچەكنىڭ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان، توختاۋسىز تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىلا مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەنىدى.

ئۇلار ئالدىراۋاتىدۇ. شۇڭا بىز ئۇلارغا دەخلى قىلماستىن ئۆزىنىڭ ھالاكىتىنى كۈتۈۋاتقانلارنىڭ يېنىغا بارايلى.

مەن ئۇلارنىڭ ئەتىگەندە ئاشۇ تام تۈۋىدە كاللەك بولۇۋېلىپ قەرت ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم. مانا، ھازىرغىچە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى رىشاتكىلارغا يۆلىنىپ تۇرۇپتۇ. بەزىلىرى تىرپا يەردە خۇددى بايۋەتچىلەر-

دەك كېرىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار نېمە ئۈچۈن بۇنداق جىم تۇرىدىغاندۇ؟ كىم ئۇلارنى تۇرغۇزۇپ قويغاندۇ؟ ئۇلارنىڭ بالىلىرى يوقمىدۇ؟ ئۆيلىرى يوقمىدۇ؟ ئىشى يوقمىدۇ؟ ۋۇجۇدىدا كۈچ-قۇۋۋەت يوقمىدۇ؟ ياق، ئۇلار دەم ئېلىۋاتىدۇ. هايات ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈۋاتىدۇ. ئاشۇ هالەتتە تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ هالاكىتىنى كۈتۈۋاتىدۇ.

مەن ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋېتىپ چۆچۈپ كەتتىم. چۈنكى ئاشۇ بىكار تەلەپلەپلەر ئارىسىدا يەنە مەنسەپدارلار، زىيالىيلار، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ كۆزۈمگە چېلىقتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مەست ئىدى. بۇلار ئۈچۈن دۆڭكۆۋرۈك ئارامگاهمۇ؟ مېنىڭچە ئۇلارنىڭ بىپەرۋالارچە لاغايلاپ يۈرۈشىنى نورماللىق، ئىلمىيلىك دېيىشكە بولمايدۇ.

مەن ئاشخانىغا كىردىم. دۆڭكۆۋرۈك ئۈرۈمچىدىكى مەززىلىك تائاملارنىڭ ماكانى. مېنىڭ كىرگىنىم دەل نامى چىققان خېرىدارلىق ئاشخانا ئىدى. ئالدىمغا كەلتۈرۈلگەن تاماقنى يەۋاتقىنىمدا ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ قىزىق پاراڭلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. ئۇلار ئاللىقانداق بىرسىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشىۋاتاتتى.

— ئاڭلىسام هېلىقى ئاداش چەت ئەلگە ساياهەتكە بارارمىش، ئېسىت.

— ئەسلىدىغۇ ئۇنى مەن ئۈستۈرۈپ قويغان. مەن يۈلىمىگەن بولسام كۆمۈلۈپ قالاتتى. ئەمدىلىكتە ماڭا قارىماي يۈرۈدۇ.

سالاپەتلىك كۆرۈنگەن بۇ كىشىلەر يەنە بىرقانچە ئادەم ئۈستىدە شىكايەت قىلىشىپ ئاندىن چىقىپ كېتىشتى.

تاماقنىڭ پۇلىنى تۆلەۋاتقان چېغىمدا بۇلۇڭ تەرەپتىن يەنە باشقىچە سادالار ئاڭلاندى.

— خوتەنلىك بىلەنغۇ خوشام يوق، بۇ نۆۋەتلىك سايلامدا ئۇ چوقۇم قالىدۇ.

— بىزنىڭ مەكتەپتە شۇنچە كۆپ غۇلجىلىقلار تۇرساق، هېلىقى قۇمۇللۇق بىرنېمىنى مۇدىر قىلىپ تىكلەپ قويۇشتى.

— بىزنىڭ مەكتەپنىغۇ تۇرپانلىقلار بېسىۋالدى.

— تووۋا خۇدايىم، بىزنىڭ بۆلۈمنى كورلىلىقلار ئىگىلەپ بولدى...

مەن ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتىم. كېتىۋېتىپ خىيالغا پاتتىم، دۆڭكۆۋرۈكلۈكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاكىلىرىنىڭ، ئاچىلىرىنىڭ، سىڭىللىرىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىۋاتىدۇ، چاۋىسىنى چىتقا يېيىۋاتىدۇ.

ئاه، دۆڭكۆۋرۈك، پۇقرالىرىڭنىڭ روهى بۇزۇلۇپتۇ. بۇنىڭغا شىپالىق دورا ئىزدە!

## ئۇنىڭغىمۇ ئازاب، ماڭىمۇ ئازاب

قۇياش پېتىشقا باشلىدى. ئەمما يولنىڭ رىشاتكىسىغا يۆلىنىپ هاڭۋېقىپ تۇرغان ئاشۇ قېرىنداشلىرىدم ئەتىگەندىكى ئورۇنلىرىدىن مىدىرلىغىنى يوق. مەن ئارقامغا ياندىم. ئاشۇ لايغەزەللەر، هورۇنلار، تەييار تاپلار دۆڭكۆۋرۈككە ئېغىرلىقىنى سېلىپ

قېلىۋەردى. مەن چوڭقۇر خىياللار ئىچىدە يولىنىڭ بىر چېتى بىلەن كېتىپ باراتتىم. تۇيۇقسىز قوپال بىر گەۋدە كېلىپ ماڭا ئۈرۈلدى. مەن سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ، رىشاتكىغا يۆلىنىپ قالدىم-دە، دەرھال كەينىمگە بۇرۇلدۇم. قوپال گەۋدىلىك يىگىت مەستلىكتە قىزارغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى.

— قارايسەنغۇ؟ — دېدى ئۇ ۋە يۈزۈمگە چاڭگىدە بىر شاپىلاق سالدى. كۆزلىرىمدىن ئوت چىقىپ كەتتى. غەزەپلەندىم. مەن نېمە گۇناھ قىلغىنىم ئۈچۈن تاياق يەيمەن؟ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشقۇم كەلدى. ئەمما ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. شۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ تۆت-بەش دوستى پەيدا بولدى-دە، ماڭا ئالىيىپ قاراشتى. ئۇلارنىڭ بىرسى ماڭا «يولۇڭغا ماڭ ئالتەشەلىك» دەپ دېۋەيلىدى ۋە ھېلىقى يىگىتنى يۆلەپ ئېلىپ كەتتى.

ئەللىك مېتىرچە مېڭىپلا يەنە دەشنەم يېدىم. ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن بېشىم قېيىپ ئاران كېتىۋاتقىنىمدا، بىر مۇرەم ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر يىگىتكە ئۈرۈلۈپ كەتتى. مەن دەرھال ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىدىم. ئەمما چاقماق تېزلىكىدە گەجگەمگە بىر مۇشت تەگدى. كىيىملىرى توپىغا مىلەنگەن، مايماق شەپكىلىك بۇ يىگىتنى مەن تونۇدۇم. ئۇ مېنىڭ قېرىنداشىم ئىدى. ئەمما ئۇ مېنى تونۇمىدى. ئۇ كۆرۈمىدىن نوقال، كۆزى يوق لالما، دەپ تىللاپ قويۇپ كېتىپ قالدى. ئەگەر ئۇنىڭ كۆزى بولغىنىدا مېنى، مەندەك بىر قېرىنداشىنى تونۇغان بولاتتى، ماڭا ئەلەم بولدى. قانداق قىلغۇلۇق؟ ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشلار ماڭىمۇ ئازاب، ئۇنىڭغىمۇ ئازاب ئىدى.

مەن بۇ مۇقەددەس ماكاندىن قايتتىم. سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىم ياشايدىغان بۇ ماكاندىن مېھرىمنى ئۈزەلمىگەن ھالدا تۈگىمەس ئەلەم، ئېچىنىش تۇيغۇسىنى يۇدۇپ قايتتىم. مەن قانچە قېتىملاپ مۇشۇنداق قايتقان ئىدىم. لېكىن يەنىلا بۇ ماكاننى، قېرىنداشلىرىمنى كۆرگۈم كېلەتتى، ئۇلارغا چەكسىز، سەمىمىي مۇھەببىتىم بار ئىدى.

دۆڭكۆۋرۈك، ئەگەر ساڭا بار كۈچۈم بىلەن ۋارقىراپ بۇيرۇق بەرسەم ياكى خۇدانىڭ ئالدىدا يېلىنىپ-يالۋۇرسام، بىرەر قېتىم قاتتىق سىلكىنىپ قويارسەنمۇ؟ شۇ چاغدا بەلكىم ئاشۇ غەمسىز، بىپەرۋا، ھۇرۇن كىشىلەر چۆچۈپ بېشىنى سىلكىۋېتەر.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

ئابدۇكېرىم ھاشىم

# پەندىيات

**(ھېكايە)**

ھەركۈنى كەچ ئىشتىن قايتقىنىمدا ئۇنى ئەنە شۇنداق غەرق مەست ھالەتتە ئۇچرىتىمەن. بەزىدە، يول بويىدىكى ماگىزىن پەلەمپىيىگە يۆلىنىپ قوسۇقلارغا مىنىپ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرىمەن، كېيىن، ئۇنىڭ بىزنىڭ قوشنا مەھەللىدىكى بىر بوۋاينىڭ يالغۇز ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئىچىم ئاغرىپ قالدى، ئەركە چوڭ قىلغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. نېمە دەيسەن، كۆتكەن ئوغۇلدىن ئۈمىد يوق، دېگەن يېرى شۇمىكىنە؟ ئۇنى دېسىمۇ بىزمۇ ياش ۋاقتلىرىمىزدا ئىچكەن، ئوينىغان، بەزىدە كوچىلاردا يېتىپمۇ قالغان. ھازىرغىچە بىر ئىش زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ، ئون يىل ئالدىدا، قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى، خۇددى مۇشۇ بۇرادەردەك غەرق مەست ھالدا ئېرىقتىكى قارغا تىقىلىپ قالغىنىمدا، بىر بوۋاي مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويۇپ، ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالغانىدى، مانا شۇ چاغدا ھاراق ئىچمەسلىككە پەندىيات قىلغانىدىم، بۈگۈن كەچ، ئالدىمدا ياتقان مۇنۇ يىگىتنى كۆرۈپ ئاشۇ ئىش ئېسىمگە چۈشۈپ، كۆڭلۈم ئەسكى بولدى.

كەچكۈز ئاخشىمى، قاتتىق سوغۇق بولغاچقا، ئۇنىڭ يېلىمىڭ ئۈستىبېشىغا قاراپ توڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ مەھەللە ئېغىزىغىچە ئاپىرىپ قويماقچى بولدۇم، ئۇنى ئاستا يۆلىدۇم، ئۇ ئۆزىنىڭ قىيسىق بويىنىنى بۇراپ پىستە كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى، ئۇنىڭ چىرايى كەيىپ ۋە سوغۇقتىن ئاپئاق تاتىرىپ كەتكەنىدى.

ئۇ ماڭا ھۆرپىيىپ قاراپ، قولۇمنى قاتتىق بىر ئىتتىردۈەتتى، قولۇمدىن بوشاپ چىقىپ ماڭدامدا بىر سەنتۈرۈلۈپ ماڭدى، ئۇ بىرنەچچە قەدەم باسمايلا يەنە يىقىلدى. يەنە يۆلىدىم. تېخى ئەتىگەنلا يەڭگۈشلىگەن ئۈستىبېشىم مەينەتلىشىپ قارىغۇسىز بولۇپ كەتتى، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنى ئاپىرىپ قويۇش نىيىتىمدىن يانمىدىم.

ئۆيگە كىرىشىمگىلا ئۈستىبېشىمنى كۆرگەن ئايالىمنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ كەتتى:

—ۋىييەي، نېمە رەسۋاچىلىق بۇ؟ ئۇچىڭىزنى تېخى ئەتىگەنلا يەڭگۈشلەپ قويۇۋىدىمغۇ، —ئايالىم ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ۋارقى-

رىغىلى تۇردى، ــ ھەي، بۇ ئۆيدە سىزنىڭ
بىكارغا ئالغان مالىيىڭىز بارمىدى، ياقىـ
ڭىزنى كىر قىلماي ئۆتمەن دەپ قوللىـ
رىم ئۇشتۇلۇپ كەتكۇدەك بولدىغۇ، كوچىـ
دا يەنە ھىلىقى هاراقكەش بايۋەتچىـنى
يۆلەپ يۈرگەن ئوخشىمامسىز؟ هوي! سىز،
ئۆز هالىغا قارىماي شىلتىڭ ئىتىپ كوـ
چىدا لەيلەپ يۈرگەن ئاشۇ قىيسىق بايـ
ۋەتچىنىڭ قۇسۇقىنى تازىلايدىغان ئىككى
تۇغۇپ بىر قالغان تۇغقىنىمۇ ـ يە؟ ماڭا
نىمانچە دەددىسە بۇ؟ مىنى پەندىيات دىـ
گۈزۈۋىتىدىغان بولدىڭىز جۇمۇ!
ــ قانداق قىل دەيسەن؟ ئۇنى كوچىدا
توڭلاپ قالمىسۇن دىدىم. قوشنا مەھەللىـ
دىكى بىر بوۋاينىڭ يالغۇز ئوغلى ئىكەن،
بىزمۇ ئوينىغان، يەنە تىخى بەزىدە، ياخـ
شى كۆڭۈللۈك ئادەملەر بىزنى ئۆيىگىمۇ
ئەكىلىپ قويۇپ سىنى خۇش قىلىـ
ۋەتكەن ئىشلارمۇ بولغانغۇ، ئۇنتۇپ قالدىڭـ
مۇ؟ ياخشىلىق تۆرگە باشلايدۇ، يامانلىق
گۆرگە. قولىمىزدىن كەلسە ئۇنىڭغا ياخشىـ
لىق قىلىپ قويساق، هوش كاللىسىنى
تىپىۋىلىپ ئۆز يولىغا ماڭسا ئەجەپ
ئەمەس.
ــ باهانىڭىز شۇلىغۇ، ــ يەنە ۋايسىـ
دى ئايالىم، ــ كوچىدىكى مەست لەۋالارغا
سۈركىلىشىپ يۈرۈپ بۇرنىڭىزغا بىر يىـ
مىسىڭىز بولاتتىغۇ.
ــ هالال ئىشىنىڭ پۇتمىقى بولمايدۇ
خوتۇن، ــ ئۇنىڭ ئاغزىنى بىسىش ئۈچۈن
مۈرىسىگە پەپىلەپ قويدۇم.
ــ هاراقكەش دىگەن هۆررەك كىـ
لىدۇ، ــ داۋام قىلدى ئايالىم يەنە جىم
بولماي، ــ سىزنى ئاياپ ئولتۇرمايدۇ، هەي
ماڭا قارىڭا، كوچىدىكى مەست بىلەن كىمـ
نىڭ كارى، سىزدەك ئەخمەق ئەرنى كۆرـ
مەپتىكەنمەن. بولسا ئۆيىڭىزگە باشلاپ
كىلىڭ، قوندۇرۇڭ، كىگىزگە قۇستۇرۇڭ،
ئىيى كەلسە سىزنى قۇستۇرۇپ قويۇپ
ئۆيىڭىزنى قۇرۇغداپ ماڭسۇن...
ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى،
ئارىدىن بىر هەپتە ئۆتمەي هىلىقى يىگىت
ماڭا يەنە شۇنداق هالەتتە ئۇچرىدى. ئىكـ
كى كۈن ئاۋۋال قار ياغقاچقا كۈن خىيـ
لى سوغۇق ئىدى. قاش قارىيىپ قالغانلىقـ
تىن كوچىدا ئادەملەر بەك شالاڭ ئىدى،
دەرهال ۋىلىسىپىتتىن چۈشۈپ ئۇنى يۆلىـ
دىم، ئۇ ئارانلا دەسسەپ تۇراتتى. ئۇ ئۆـ
زىنىڭ قىيسىق بوينىنى بۇراپ، پىستە
كۆزلىرىنى ئارانلا ئىچىپ ماڭا قارىدى.
ــ هۆ ... هۆ ...
يىگىت تۇيۇقسىز قەي قىلىپ يانـ
دۇردى. ئۆزۈمنى ئارانلا چەتكە ئالدىم،
شۇنداقتىمۇ ئۇستىبىشىم يەنىلا بۇلـ
غاندى.
ــ قانداقراق ... شا ... شاياخۇن، ــ
دىدى ئۇ كالۋالاشقان تىلىنى ئارانلا گەپـ
كە كەلتۈرۈپ، ــ چانىمىغاندۇ ـ هە؟!
ــ بۇنىچىلىك كۆپ ئىچىشنىڭ نىمە
هاجىتى ئۇكا، ــ دىدىم مەن ئاخىرى ئۇنى
ۋىلىسىپىتىمنىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزۇۋىتىپ، ــ
نىمانچە ئىچكۈلۈك، بۇ سوغۇق كىچىدە
توڭلاپ قالسىڭىز ئۆيدىكى ئۇششاق باللىـ
رىڭىزغا ئۇۋال ئەمەسمۇ، ئۇنداق قىلماڭ،
جىنىڭىزغا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن.
ــ ئەزىمجان ئىچىدۇ، ئوينايدۇ،
تىخى! ئى... چىدۇ.
ئاھ خىنىم داگەنزىدە،
داسىلاڭ جۇلار قىنى؟
ئەزىمجان ماڭا تىخىمۇ يىپىشىپ

ناخشا غىڭشىشلى تۇردى. يولدىن ئۆتكەنـ
لەر بىزگە لەپرەت كۆزى بىلەن قارىشىپ
قويۇپ، ئۆتۈپ كېتىشەتتى. شۇنداقتىمۇ
ئۇستۇمگە ئارتىلغان بۇ تاسادىپىي ۋەزىپىـ
نى ئاخىرغىچە ئادا قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى
يەنە ئىلگىرىكى ئادىتىم بويىچە مەھەللە
دۇقمۇشىغىچە ئاپىرىپ قويدۇم.

— ئۆيگە ئەكىرىپ قويمامسەن، — دېدى
ئەزىمجان ماڭا قوپاللىق بىلەن بۇيرۇق
قىلىپ، — ھېچ بولمىغاندا دەرۋازا تۈۋىگىچە...

ھەپىلىشىپ يۈرۈپ ئۇنى ئاخىر
ئۆيىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدىم، قورا تېمى
نەچچە يەردىن ئۆرۈلۈپ كەتكەنىدى، كو-
نىراپ ئۆرۈلۈپ چۈشەيلا دەپ قالغان پې-
شايۋانغا يەنە بىر نەچچە تىرەك ياغاچ
قويۇلغانىدى، ھويلىدىكى ئۈزۈم تاللىرى،
ئالما كۆچەتلىرىگە سۇ قۇيۇلمىغانلىقتىن ئال-
لىمۇ قاچان قۇرۇپ قاقشال ئوتۇنغا ئايلى-
نىپ بولغانىدى.

ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئۇردۇم. ئىشىك-
نىڭ يېرىلىپ قول پاتقۇدەك بولۇپ كەت-
كەن يوچۇقىدىن ئۆي ئىچىگە سىنچىلاپ
قارىدىم، لېكىن قاراڭغۇ بولغانلىقتىن ھېچ-
نەرسىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئۆي
ئىچىدىن پەقەت بوش پۇشۇلدىغان، باللى-
لارنىڭ تۇرۇپ - تۇرۇپ چۈشەكەپ ۋارقىراپ
قويۇشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، قاتتىق-قاتتىق
بىر نەچچە قېتىم ئۇردۇم، ئاخىر ئۆيىنىڭ
چىرىغى يورىدى، ئارقىدىن ئىشىك تاراقلاپ
ئېچىلىپ ئۆي ئىچىدىن زەھەردەك تىللار-
نى ياغدۇرۇپ ياش بىر چوكان چىقىپ
كەلدى.

— مۇنۇ جۇۋاينىمەك كەتكەن قىنغىر. ئې-
شەك سۈيدۈكىنى ئۆلگۈدەك ئىچىپ كەپتىغۇ
يەنە، — چوكان ئالدىدا ماڭا، كېيىن ئېرىغادى-
ۋەيلەپ تۇرۇپ پىلىموتنىڭ ئوقىدەك سايراشقا
باشلىدى، ئاي ۋە ئۆيدىكى چىراغ شولى-
سىدا ئۇنىڭ غەزەپلەنگەن چىرايى ماڭا
بەكمۇ قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈپ كەتتى، —
ئۇنىڭ يانچۇقىدىكىگە تەڭ شېرىك بولىدى-
غانلارنىڭ بىرى سەنمىدىڭ، ۋاي قوۋۇر-
غامەي، سۇتى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان سېغىن
كالىدىن بىرنى تېپىۋالغىنىڭغا چېچىكىڭ
ئېچىلىپ خۇش بولۇپ كەتكەن ئوخشىما-
سەن، بالىلىرى بىلەن كارى يوق مۇنۇ دىۋا-
نىنىڭ چۆنتىكىدىكىگە ئاغىنە بولغان سې-
نىڭدەك لاتا غىلاپلاردىن بەزگەنمەن، بو-
سۇغامغا يۆلەنغۇچى بولما!

— نېمىلەرنى دەپ كېتىۋاتىسىز
سىڭلىم، — دېدىم مەن ئاخىر ئۇنىڭ
سۆزلىرىگە چىدالماي، — مەن بۇ
يولدىشىڭىزنى كوچىدا يىقىلىپ
قالغان يېرىدىن ئەكىلىۋاتىمەن، تولا
قالسا ياكى سوغۇق ئۆتۈپ ئاغرىپ - تارتىپ
قالسا ئۆزىڭىزنىڭ چىشىغا تاش ئۇرۇلۇپ
قالارمىكىن؟!

ئەزىمجاننى يۆلەشتۇرۇپ ئۆيگە
كىردىم، تاپسىدىلا بىر كونا ئورۇندۇقنى
تارتىپ تامغا يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدۇم،
ئەمدى ئىشىم پۈتكەنىدى، بۇ ھازازۇلنىڭ
گېپىدىن تېزرەك قۇتۇلۇش ئۈچۈن كې-
تىشكە ئالدىرىدىم، لېكىن، تۇساتتىنلا خو-
تۇن ئىشىكنى «جالاققىدا» ياپتى، ئۆگسۈلى
قالمىغان ھالدا قىزىللىقتا توشقان كۆزلىرى-
نى ماڭا تىكتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆيدىـ
كى چىراغ شولىسىنىڭ كۆز قارىچۇقىغا چۈ-
شۈپ قوشۇلۇشىدىن ئۆتكۈر نۇر چاقنىغان-
دەك بولدى، بۇ قانداق سىرلىق نۇردۇر؟
زادى بۇ ئايال نېمىشقا ماڭا مۇنداق سىر-
لىق قارايدۇ؟

ئارقامغا ئىتتىك بۇرۇلۇپ، ئىشىك تۇتقۇچىنى تۇتتۇم، ئۇ ئايالنىڭ بايىقى سۆزلىرى ماڭا ناھايىتى تىك كەلگەندى، بېشىمغا تۇيۇقسىزدىن بىر كالتەك ئۇرۇلغاندەك ماڭا ناھايىتى ھار كەلدى. ئاغرىمىغان بېشىمغا ئالتە تاياق يېگىنىم مۇشۇمۇ يا؟ كارنېيىمنى بىر سوغۇق قول بوغقاندەك يۈرىكىم قىسىلىپ، قاتتىق دۈپۈلدەپ سالغىلى تۇردى، ئايالىمنىڭ ئۆتكەندە دېگەنلىرى ھۇسۇغا ئايلانمايلا مانا ئالدىمغا كەلدى.

— مەن كېتەي ... — ئارانلا شۇ گەپنى قىلالىدىم.

ئايال ئىتتىك ئالدىمغا كەلدى. بىردەم ماڭا، بىردەم بېشىنى سالپايتىپ ئولتۇرغان ئەزىمجانغا ئىتتىك بىر قاردىۋېلىپ جاۋۇلداشقا باشلىدى:

— توختىڭا، ئەتىگەن ئاۋۇ بايۋەتچە يېنىغا يۈز تەڭگە سېلىپ ئۆيدىن چىققۇدى، — ئايال مېنىڭ ئالدىمغا قانداق ئىتتىك كەلگەن بولسا ئەزىمجاننىڭ ئالدىغىمۇ شۇنداق ئىتتىك يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ ئەسكىرىپ ئەستىرى قالمىغان، يىرتىقلىرىدىن ئەسكى مازلار پولتىيىپ چىقىپ تۇرغان كونا چاپىنىنىڭ قويۇن يانچۇقىنى ئاقتۇرۇشقا باشلىدى، ئۇ، بىردىنلا چۆچۈپ ۋارقىرىدى:

— مانا دېمىدىمۇ، يوق تۇرىدۇ، — ئۇ، ئۆزىنى كاچاتلاشقا باشلىدى، — دېمىدىمۇ، دېمىدىمۇ؟! ئۆلەيمۇ، تىرىلەيمۇ، نېمە قىپ بېرەي بۇ گېزەندىگە؟!

— نېمە دەۋاتىسىز؟ — ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا تىكىلدىم، — ئۇنچىلىك نەرسىلەرگە كۆز قىرىنى سالىدىغان ئوغۇلبالا ئەمەسمىز، مەن ئەزىمجاننى كوچىدا توڭلاپ، ئۆلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈنلا ئەكىلىپ قويـ

دۇم، باشقىسىنى ئۇقمايمەن!

ئارقامغا ئىتتىك بۇرۇلۇپ قولۇمنى ئىشىك ئىلغۇچىغا سوزدۇم، بېشىمدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇ تۆكۈلۈپ كەتكەندەك پۈتۈن تېنىم قاتتىق بىر شۈركۈندى، ئارقىدىنلا قارا تەرگە چۆمدۇم، بۇ خوتۇن نېمدېگەن بەدگۇمان، ئېرىنى گۆردىن سۆرەپ چىققاندەك ئېلىپ كەلسەم بىر ئېغىز ياخشى گېپى ماياقتا تۇرسۇن كىشىگە تۆھمەت چاپلاۋاتىدۇ، بايىقى كۆزدىن چاقنىغان سىرلىق نۇرنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئەمدى ئېنىق بىلدىم، ئاچ ئىماننى تونۇمايدۇ، دېگىنى راست ئىكەن.

— تىتاڭ تومۇرىڭىزدىن تۇتۇۋالغىنىمدىن «غىڭ» دەپ زۇۋان چىقمىدىغۇ، — ئايال مېنىڭ ئۈنچۇقماي تۇرۇپ كەتكىنىمگە قاراپ يەنە ئەزۋەيلىدى، — كۆڭلىڭىز شادلىقنى، ئېغىزىڭىز تاتلىقنى تىلەپ تۇرغاچقا، كىشىنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلغا كۆز ساپتىكەنسىزدە.

— ھەي، سىز بۇ گەپنى ... — ئۈنۈم بوغۇلدى. ئەمدى ئايالمۇ مېنى چىڭ تۇتقىلى تۇردى، يېنىمدا بىرەر گۇۋاچىم بولمىغانلىقتىن ئامالسىز قاراپ تۇرۇشقا، ئۇنىڭغا ياخشى گەپلەرنى قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم، ھەرگىزمۇ قاننى قان بىلەن يۇيغىلى بولمايدۇ-دە، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېچە، ۋاراڭ-چۇرۇڭدىن مەھەللىدىكىلەر ئويغىنىپ كىرىپ قالسا ئىشنىڭ تەكتىگە يەتكۈچە نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىدىغىنىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، ئەگەر ئۇ ئۆكتەم ئايال شۇنداق دەپلا تۇرۇۋالسا نېمە دېگۈلۈك، ئەتە مەھەللىگە، ئاندىن ئىدارىگە ئاڭلانسا ئۇلار نېمە دەپ قالار، ئاھ، كوچىدا ئۇنى يۆلەپ ئاۋارە بولغانلىرىم نەدە قالدى. ياخشىلىققا يامانلىقمۇ دېسە بىرگە ئون دې-

گەن يەرلىرى شۇمىدۇ-يە؟ ياق، ھۆكۈمەت
كادىرىنىڭ پاك، دىيانەتلىك بولىدىغانلىقىغا
ھەممە ئىشىنەر ...

— بۇ، تۈن كېچىدە نېمە غەرەز
بىلەن ئۆلى يۆلەپ يۈرگىنىڭىزنى بىلمەيـ
دۇ دەمسىز؟ — ئايالنىڭ چوڭقۇلداشلىرى خىـ
يالىمنى بۆلدى، كۆڭلۈم بەكمۇ ئەسكى
بولدى، لېكىن مۇنۇ سەت ئاۋازنى ئاڭلىماسـ
لىققا، مۇنۇ تۆھمەتنى ئۆزۈمدىن يىراقلاشـ
تۇرۇشقا ئالدىراپ ئىشىكنى بىر تېپىپ
ئاچتىم، يېڭىمنى تۇتۇۋالغان ئايالنىڭ قولىـ
دىن بىر سىلكىنىپ بوشىنىپ، ئۆزۈمنى تالاـ
غا ئاتتىم.

ئەتىسى، بۆلۈمدە ئولتۇرسام، مېنى
مەھەللە پەيچۇسوسىدىن چاقىرتقانلىقىنى ئېيتـ
تى. يۈرىكىم بىرەر كۆڭۈلسىزلىكنى تۇيغاندەك
ئېغىپ كەتتى، نېمە ئامال، ئىشىمنى قوـ
يۇپ پەيچۇسوغا كەلدىم.

سوجاڭ سالام-سائەتتىن كېيىن مېـ
نى ھويلىغا باشلاپ چىقتى، بۆلۈمدە ئادەم
كۆپ بولغاچقا ئۇلار ئاڭلاپ قالمىسۇن دېـ
گەنمۇ بىلمىدىم.

— ئاڭلىساق، ئاخشام سىز ئەزىمجانـ
نى يېتىپ قالغان يېرىدىن ئۆيىگە ئاپىرىپ
قويۇپسىز؟ — سوجاڭ پەيچۇسو قورۇسىنىڭ
بىر بولۇڭىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېتىپ گەپ
باشلىدى، — بۇ ناھايىتى ياخشى ئىش، كۆـ
يۈنۈش،بۇنى ماختاشقائەرزىيدۇ، ئەمما... ئاخـ
شام ئەزىمجانىنىڭ يېنىدىن پۇلىنىڭ يۈتكەنـ
لىكى مەلۇم ...

شۇئان غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلدى،
پوسوققىدە بىر نېمە دەۋېتىشتىن ئۆزۈمنى
تەستە تۇتۇۋالدىم، ھەر ھالدا مەھەللىمىزـ
نىڭ سوجاڭى، ئايىغىنىم تۈزۈك، باشقىلار
شۇنداق دەپ يەتكۈزمىسە ئۇ نەدىن بىلەتـ
تى بۇ ئىشنى. ياخشى گەپ يىلاننى قېنىدىن
چىقىرىدۇ ئەمەسمۇ، سوجاڭغا ھەقىقىي ئەھـ
ۋالنى دېسەم، غەرەز ئۇقىدىغان ئادەمغۇ،
مېنى چۈشىنىپ قالار.

— جەمئىيەت ئالدىدا بىر ياخشى
ئىش قىلدىم دەپ ئويلاپتىمەن، سوجاڭ، —
دېدىم مەن قىسقىغىنا ئويلىنىۋالغىنىمدىن كېـ
يىن، — ئەزىمجاننى گۆردىن سۆرەپ چىققانـ
تىم، بۇ دېيىشكىمۇ ئەرزىمەيدىغان گەپ
ئىدى. مېنى شۇنداق پەسكەشلىكنى قىلىدۇ
دەپ ئويلامسىز؟

— مۇشۇنىڭ بىلەن ئەزىمجان سىزگە
قانچە قېتىم يولۇقتى؟ - سوجاڭ گېپىمنى
ئاڭلىمىغاندەك ئۆز سۆزىنى داۋام قىلدى، —
بۇ يەردە «يولۇقۇش» مەسىلىسى مەۋجۇت.

— ئۇ ماڭا دائىم يولۇقىدۇ، — جاۋاب
بەردىم مەن، — بەزىدە مەھەللە دوقمۇشىغىـ
چە ئاپىرىپ قويىدۇم، ئاخشام ...

— بولدى، مەن ھازىر دېگەن گەپنى
ئويلىشىپ كۆرۈڭ، — سوجاڭ تەمكىن ئاۋازـ
دا داۋام قىلدى، — ئادەم خام سۈت ئەمـ
گەن بەندە، بەزىدە شەيتاننىڭ ئارقىسىغا
كىرىپ قېلىپ ...

— سىز زادى مېنى ئۇنىڭ پۇلىنى
ئېلىۋالدىڭ دېمەكچىمۇ؟ — غەزىپىمنى باسالـ
ماي ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم، —
بۇ پۈتۈنلەي تۆھمەت!

— قانداق ئىش ئىكەنلىكى كېيىن
مەلۇم بولىدۇ، ئەمما ئەرزنى سوراش مېنىڭ
مەجبۇرىيىتىم، سىز قايتىپ بېرىپ ياخشى
ئويلىشىپ كۆرۈڭ.

قىرىق گەز ھاڭ تەكتىگە چۈشۈپ
كەتكەندەك روھسىزلىنىپ مەھەللە پەيچۇسوـ
سىدىن قايتىپ چىقىپ ئۇدۇللا ئىشقا كەتـ
تىم، بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كېكىرتىكىم غىقـ

قىدە بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلغاچقا ھېچنەرسە يېگۈم يوق ئىدى.

بۆلۈمگە كىرىپ ئەمدىلا ئورۇندۇقىنى ئالدىمغا تارتىپ ئولتۇرۇشۇمغا خىزمەتداشلىرىمنىڭ بىرى بۆلۈم باشلىقىنىڭ مېنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

بۆلۈم باشلىقىنىڭ ئىشخانىسى ئالدىغا كېلىشىمگە ئىشىك «تاراققىدە» ئېچىلىپ ئۆڭسۈلى يوق ھالدا ئەزىمجاننىڭ ئايالى چىقىپ كەلدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ يەۋەتكۇدەك قىلىپ بىر ئالايدى ۋە يەرگە قاتتىق بىر تۈكۈردى، پول ئۈستىگە چۈشكەن تۈكۈرۈك خۇددى يۈزۈمگە چۈشكەندەك تۇيۇلدى، كىشىگە بۇنىڭدىن ئارتۇق خورلۇق يوقتۇ، دەيمەن، تۆھمەت قىلىشنىڭ ئۈستىگە يەنە بۇنداق پەسكەش قىلىقلار كىشىنىڭ يۈرىكىگە يىڭنە سانچىۋاتقاندەك تۇيۇلىدىكەن.

ئەنە شۇ خىياللار بىلەن گەپمۇ قىلماي باشلىقنىڭ ئالدىدا ئولتۇردۇم، ئۇ ماڭا قاپىقىنى ئاچماي بىر پەس پۇشۇلداپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— كېچە، مەھەللىدە نېمە ئىش بولدى؟ — ئۇ، يېزىۋاتقان نەرسىدىن بېشىنى كۆتۈرمەي ماڭا شۇ سۆزنى قىلدى، «قېنى سۆزلەۋېرىڭ» دېگەندەك قىلىپ جىممىدە ئولتۇرۇپ يەنە يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى، مەن تۈنۈگۈن كەچ بولغان ئىشلارنى ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە قويماي بىر قۇر بايان قىلدىم.

— سىز ئەزىمجاننىڭ يانچۇقىدا ئىككى يۈز سومنىڭ بارلىقىنى بىلەتتىڭىزمۇ؟

— ئىككى يۈز سوم؟ - ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمەي ئورنۇمدىن تۇرۇپ ۋارقىراپ كەتكىنىمنى بىلمەي قاپتىمەن. يۈرىكىم يۈرەك قەپىسىمگە گۇپۇلداپ تېگىپ ئاستا-
ئاستا يۇقىرىغا ئۆرلەپ كېكىرتىكىمگە قاپلىشىۋاتقاندەك نەپەسىم قىيىنلاشتى.

بۆلۈم باشلىقى قولىدىكى قەلىمىنى سىياھ قۇتىسىغا زەردە بىلەن سېلىپ قويۇپ ماڭا تىكىلدى ۋە تاماكا ئوراشقا باشلىدى.

— يولدا چۈشۈپ قالمىسۇن دەپ ئېلىپ قويۇپ، كېيىن بەرگەنسىز كەلمەي قالغان يېرى بولسا، بىزگە تاپشۇرۇۋېتىڭ، بىز ئىگىسىگە باشقىچە يول بىلەن تاپشۇرۇۋېتەيلى، بولمىسا بايىقى ئايالنىڭ پەيلى ناھايىتىمۇ يامان تۇرىدۇ، ئۇ، سىزنى پۇلنى ئېلىۋالغىنى راست، ئۇنىڭ مائاشىدىن تۇتۇپ بېرىڭلار دەپ دەۋا قىلىپ كەپتۇ.

— بۇ قانداق گەپ؟ — بوغۇلغىنىمدىن ئۈنۈم بەكمۇ غەلىتە چىقتى، — ئادەم بالىسىغا ياخشىلىق قىلغاننىڭ جازاسى شۇمۇ؟!

— ئىشنىڭ قانداق بولغىنى ئۆزىڭىزگە ئايدىڭدۇ؟ — بۆلۈم مەسئۇلى سوئال نەزەرىدە قىزارغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى، — ئەمدى بۇ پۇلنى بەرمەي مەسىلە بېسىقمايدۇ.

— يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەيمەنمۇ؟.

شۇ كۈنى كەچكىچە ئىدارىدە خىزمەت ئىشلىگىنىمنىڭ تايىنى بولمىدى، كەچقۇرۇن، مەھەللىگە قايتىپ تېخىمۇ ھاڭ-تاڭ قالدىم.

— ئەزىم پالاقنىڭ ئۈچ يۈز سوم پۇلىنى ساختا قىپسەن ھە، — مەھەللە دوقمۇشىدا يىغىلىپ تۇرغان تونۇش-بىلىشلەر تۇشمۇ-تۇشتىن مېنى چوقۇلغىلى تۇردى، تۆھمەت گەپنىڭ سۆڭىكى بولاتتىمۇ؟ ھەر قانداق ئېغىز ئۇنىڭغا كۆنۈك، چىشىنىڭ يېرىقىدىنمۇ مىڭ ئېغىز گەپ تۆكۈلىدۇ.

بۇ گەپ بىردەمدىلا مەھەللىگە تارالدى، ئادەمنىڭ دوستى، دۈشمىنى بولىدۇ، ياتىلار

لىمە دەيدۇ؟! ئۇلارغا تېپىلغۇسىز گەپ بولدى. ئېل - ئاغىنىلىرىم بولسا تازا تاپا - تەنە قىلىشتى.

— ئەزىم پالاقىنىڭ خۇيىنى بىلمەيتەتىڭمۇ، — دېدى ئاغىنىلىرىمدىن بىرى، — ئۇنىڭ تۆھمىتىدىن نۇرغۇنلار داد - پەرياد قىلغان، شۇڭا، مەھەللىدە ئۇنىڭ قېشىغا ھېچكىم يولىمايدۇ ئەمەسمۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنلا بارمىقىمنى چىشلەپ قالدىم. بارمىقىمنى ئۆزۈۋەتسەممۇ ئۆتكەن ئىش ئورنىغا كېلەتتىمۇ؟ ئارىدىن ئون بەش كۈن ئۆتتى. ئۆيۈمگە يېرىم مائاشىمنى كۆتۈرۈپ كەلگەنلىكىمنى كۆرگەن ئايالىمنىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇردى.

— خوپ بولدىمۇ؟! بېشىڭنىزنىڭ يېرىلغىنىنى، چىشىڭنىزنىڭ تۆكۈلگىنىنى شۇنداق بىلمەي قالسىز. يەنە ئوبدانراق يۆلەڭ ئۇنى، پۇلغۇ مەيلى، چوققىڭىزغا تېگدىغان ئاھانەتنىڭ تۈگىگىنىنى مەن بىر كۆرەي، سوجاڭ دېگەن ئىككى يۈز سوم پۇلنىڭ يوتكەنلىكى ئاخىرى راست بولۇپ چىقتىمۇ، ھېلىقى ئىت تالىماس قانجۇقنىڭ بېشەملىكى، كېپىنى تىزىدىن ئاشمايدىغان ھېلىقى ئەبگانىڭ بىزگە قىلغان ئەسكىلىكى بىزنى ۋەيران قىلدىغۇ، ئىككى يۈز سوم پۇلنى تۆت ئايغا بۆلۈپ تۇتسا قىشقۇرامىدا قانداق قىلارمىز. باللارنىڭ ئەگلى تۆكۈلۈپ كەتتى، ئەسكىنى تۈزۈگىچە ئېسىم كەتتى، ئەمدى قانداقمۇ كۈن ئۆتكۈزەرمىز. تۆت تامنى غاجىغىلى بولمىسا يە؟ ۋاي شور پېشانەم، خۇدانىڭ بىزنى جازالىغىنىمىدۇ ياكى ئۆلسۇن دېگىنىمىدۇ؟

ئايالىم ھۆڭگۈرۈگىنىپ يىغلىغان پېتى شۇ گەپلەرنى توختىماي سۆزلەيتتى، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى بېسىۋال دەپمۇ باقتىم، بۇ كېلىشىمەسلىكتىن گاڭگىرىغان كاللامغا ئەمدى ئۇنىڭدىن ئارتۇق يۇمشاق سۆز، كۆڭۈلگە تەسەللى بېرىپ ئېرىتىدىغان يېڭى بىر پىكىرلەر كەلمەيدىغاندەك قىلاتتى. شۇ كۈنى كەچكىچە ئۆيدە جېدەل قوزغالدى. ئايالىمغا بىر ئېغىز جاۋاب قايتۇرماي پۇقرىتىپ تاماكا چېكىشتىن باشقا چارە قالمىدى، ئاخىر تاماكامۇ تۈگىدى. تاماكىنىڭ خۇمارى يوق بولسا تېخىمۇ تۇتىدىكەن، ئاخىر ھوشۇر گۇر - گۇرنىڭ دارۋازا ھالقىسىنى قاقتىم.

— تاماكاڭدىن بىر ئورام چەكتۈرگىنە، — دېدىم مەن ھوشۇر گۇر - گۇرنىڭ دەرۋازا قانتى ئېچىلىپ ئات كاللىسىدەك يوغان بېشىنى كۆرگەندىن كېيىن، — خۇمار تۇتۇپ ئۆلەيلا دېدىم.

— ئىككى يۈز سومغا قانچىلىك ئېسىل تاماكا چەكسەڭمۇ تېخى ھېلى تۈگەيدىغان چاغ بولمىدىغۇ؟ — ھوشۇر گۇر - گۇرنىڭ بۇقىنى چىمداپ ئۆلتۈرگەندەك قىلغان بۇ سۆزى بېشىمدىن بىر قاپاق سۇ تۆككەندەك بولدى. يۈزۈمگە ئاچچىق لازا سۇيى چېچىلغاندەك بىردىنلا لاپىسىدە ئوت ئېلىپ ئارقىدىن چىملداپ ئېچىشقىلى تۇردى. ئارقامغا قانداق يانغىنىمنى بىلمەيتتىمەن، بېشىم گاراڭ ئىدى. پىتىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالغىلى بولاتتىمۇ، ئۇمۇ خاتا چۈشىنىپ قالغاندۇ، مەھەللىگە مەن توغرىلىق تارالغان گەپ ئازمىتى؟ ئاچچىقىمغا پايلىماي ئۇنىڭغا بىرنېمە دېگەن بىلەن قوشنىدارچىلىقتا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قالىدۇ، بوپتۇ، قوشنىلارمۇ كېيىن چۈشىنىپ قالار. كەچ، مەھەللە ئىچىدىكى ئۇستىلارنىڭ ھاۋشۇغىنىدىن باشقا ئادەم كۆرۈنمەيتتى، ماڭا ئەمدى تۈندىكى جىمجىتلىقتەك ئۇن-

سىز چىرايلاردىن باشقا نەرسىلەر ھەمراھ بولمايدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى...

زىمىستان قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى، ئىدارىدە نۆۋەتچىلىك قىلغانلىقىم ئۈچۈن تۈن نىسپى بولغاندا ئۆيگە قايتتىم، شەھەر ئۈيقۇغا چۆككەن، كوچىدا ھېچقانداق بىر يولۇچىمۇ كۆرۈنمەيتتى، مەھەللىگە يېقىنلاپ كەلگەندە، غول ئېرىق ئىچىدە قارغا تىقىلىپ ياتقان بىر گەۋدىنى كۆرۈپ قالدىم. كۆڭلۈمدىن ھەر قىسما خىياللار كەچتى، تۈن قاراڭغۇ بولغانلىقتىن سۆڭەك غاجىلاۋاتقان مەھەللىنىڭ لالما ئىتلىرىمىكىن دەپتىمەن، لېكىن، ھېچقانداق بىر شەپە ئاڭلانمايتتى، بۇنى كۆرۈپ گۇمانىم ئاشتى، ۋېلسىپىتتىن چۈشۈپ يېنىغا باردىم، غەرق مەست بولغان ھالدا خۇدىنى بىلمەي بىرسى ياتاتتى، يۈرىكىم «قارتلا» قىلدى، قانداقتۇ بىر سوغۇق خىياللار كاللامدىن كەچتى، ئۇنىڭ مىدىرلىماي ياتقىنىغا قارىغاندا ئاللىمۇ قاچان قېتىپ قالغان بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم، ئەندى بولغۇلۇق بولغاندىن كېيىن، ئۇنى يەنە نەدە سۆرەپ يۈرەي، يەنە بىر قارا تۆھمەتكە ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ۋېلسىپىتىمنى مىنىپ دەرھال يولۇمغا ماڭدىم. لېكىن، قانداقتۇر بىر كۈچ مېنى ئارقامغا تارتىپ تۇراتتى، ئۆتكەنكى تۆھمەت كۆڭلۈمگە قاتتىق تەگكەچكە بۇنداق ئىشقا كۆز قۇيرۇقۇمنىمۇ سالماسمەن دەپ قەسەم قىلىۋىدىم. ئەسلىدە ئېتىقادچىلىقتا قەسەم قىلغان ئىشقا قايتا قول سالسا بولمايدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم، لېكىن، مۇنۇ زىمىستان قىشتا ئاپئاق قار، كۆپكۆك مۇزدا يېتىپ قالغان ئىنسانىنى كۆرۈپ ھەممىنى ئۇنتۇدۇم. ئاخىر بولماي يەنە ۋېلسىپىتتىن چۈشتۈم، تۇڭلاپ ئۆلەيلا دېگەن بۇ ئادەمنى ئورىدىن تارتىپ چىقىپ يول چېتىدىكى چىراغنىڭ ئاستىغا ئېلىپ كەلدىم، يۈزىنى ئۆرۈپ قاراپ چۆچۈپ كەتتىم، بۇ يەنە شۇ ئەزىمجان ئىدى. كۆڭلۈمگە دەرھال مۇشۇ يەرگە تاشلاپ كېتەيمۇ، كىم كۆرۈپتۇ ئۇنى دېگەن ئويلارمۇ كەلدى، بىراق، ئۇنىڭ ئۆيىدە چۇۋۇلدىشىپ يۈرگەن چۆچۈرىدەك بالىلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم، دۇنيادا ئازمايدىغان كىم بار؟ ئۇ، يېنىدىكى ماڭاشىنى ئەل-ئاغىنىلىرى بىلەن ھاراق ئىچىپ بولۇپ، ھازازۇل ئايالىغا نېمە دېيىشىنى بىلمەي بەلكىم شۇ تۆھمەتنى ماڭا ئارتىپ ئاغرىق بېشىنى ساقايتقاندۇ، ئىنسانىنى چۈشىنىپ بولاتتىمۇ؟ ئۇنىڭغا قارىغاندا تىلسىز بولسىمۇ ھايۋانلارنى ئاسان چۈشەنگىلى بولىدۇ، ھايۋان بولسا سېنى ئۇسسۇيدۇ ياكى بولمىسا چىشلەيدۇ، سەن ئۇنىڭ بۇ خۇيىدىن دەرھاللا ئۇنى چۈشىنىۋالىسەن، ئادەمچۇ؟ ھايۋاندىكى بۇ خۇيلاردىن خالى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىچىدىكىنى بىلىپ ئالالمايسەن.

شۇ ئويلاردا ئەزىمجاننى بىردەم نوقۇشتۇرۇپ سەگىتتىم، ئۇ لاغىلداپ، تىترەپ تۇراتتى، ئۇنىڭ باش كىيىمىنى نېپىپ كېلىپ كىيگۈزدۈم، چاپىنىنىڭ ئالدى پېشىنى ئەتتىم. ئۇ، ئۆزىمۇ ئازراق ھەرىكەتكە كېلىپ قالدى. بىراق، ناھايىتى ئېغىر ئىچكەچكە ئارانلا يەر دەسسەپ تۇراتتى.

— ئەمدى ئۆزۈڭ كېتەۋالارسەن، ئۇكا، — دېدىم مەن ئاخىر ئۇنى يولغا سېلىپ، — مۇشۇنداق ئۇدۇللاپ بارساڭ مەھەللەڭگە بارىسەن، ئەمما يولنىڭ چېتىگە چىقىپ يۈرمە جۇمۇ، ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ قوياي دېسەم ھېلىقى ھازازۇل خوتۇنۇڭنى كۆرەر

كۆزۈم يوق. خەير ئەمسە...

مەن كەتتىم، تۇرۇپ-تۇرۇپ ئارقامغا قاراپ قويدۇم، ئەزىمجان بىر دەلدۈگۈنۈپ، بىر سەنتۈرۈلۈپ ئاران-ئاران يەر دەسسەپ كېتىۋاتاتتى، ئاخىر مەھەللە تەرەپكە بۇرۇلدۇم، ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنمەي قالدى.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتمەي، مەھەللە پەيچۇسىدىن مېنى يەنە چاقىرتتى، نېمە ئىشلىقىنى بىلىشكە ئالدىراپ، قىلىۋاتقان ئىشىمنى يېرىم ياتىلا تاشلاپ پەيچۇسىغا كەتتىم.

پەيچۇسىدا سوجاڭ ۋە يەنە بىر نەچچە مەھەللە ھەيئەتلىرى ماڭا قاراپ ئولتۇرغانىكەن، ئۇلار مەن بىلەن سوغۇقلا كۆرۈشۈپ قويۇشتى.

— شاياخۇن، بىز سىزگە مۇناسىۋەتلىك بىر ئىش توغرىسىدا پاراڭلىشايلى دەپ سىزنى چاقىردۇق، — سوجاڭ گېپىنى ئىشنىڭ نەق ئۆزىدىن باشلىدى، — تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىمىزچە بىر ھەپتە ئىلگىرى كەچتە سىز ئەزىمجان بىلەن بىللە بولغان ئىكەنسىز، شۇنداقمۇ؟ ئۇ ھازىر دوختۇرخانىدا، دوختۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە ئۇنىڭ ئۆپكىسىگە سوغۇق تەگكەن دەيدۇ، ئەگەر...

— بۇ قانداق گەپ؟ — قەھرىم ئۆرلەپ تۇرسىمۇ يەنە ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ، بوغۇق ئاۋازدا داۋام قىلدىم، — مەن ئۇنى ئازگالدا ياتقان يېرىدىن يولغا چىقىرىپ قويۇپ كېتىۋىدىم، ئۇ، مېڭىپ كەتكەندەك قىلىۋىدى.

— ھە، مۇنداق دەڭا تېخى؟ — سوجاڭ ئورنىدىن قوزغىلىپ قويۇپ ئارقىسىدىن مەھەللە ھەيئەتلىرىگە چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ قاراپ قويدى، ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا ئىلگىرى مەن ئويلاپ يېتەلمىگەن بىر خىل سىرلىق شەپە بار ئىدى. كۆڭلۈمگە دەرھال بىر گۇمان چۈشتى، بارا-بارا بۇ گۇمان يورۇپ كاللامدا ئاللىمۇقانداق بىر مۇدھىش خىياللار گادىرماش بولۇپ كەتتى. مانا دەل شۇ چاغدا «قىلتاق» قا دەسسىگەنلىكىمنى بىلىپ ئاغزىمنى تۇتۇپ قالدىم، لېكىن ئاغزىمدىن چىقىپ كەتكەن بۇ گەپنى ياندۇرۇۋېلىشنىڭ ئورنى بولمىدى، ئۆمرۈمدە يالغان گەپ قىلىپ باقمىغانلىقىم ئۈچۈن كۆڭلۈمدە نېمە ئىش بولسا شۇنى دېدىم، ھېيلىگەرلىك قىلىپ تۆگە كۆردۈڭمۇياق دەپلا قۇتۇلىدىغان ئىشتىنمۇ مانا ئەمدى بىر تاغا پىتنى باشقا قويۇۋېلىپ ئولتۇردۇم، يەنە كېلىپ مۇنۇلارنىڭ ئالدىدا دەڭە...

— خوش، مانا ئۆزىڭىزمۇ ئېيتىپ تۇرۇپسىز، — بىر ھازار جىمجىتلىقتىن كېيىن سوجاڭنىڭ قىلغان سۆزى خىيالىمنى بۆلدى، — دېمەك ئەزىمجاننىڭ بۇ خىل ھادىسىگە ئۇچرىشىدا، ئەلۋەتتە سىزنىڭ جاۋابكارلىقىڭىز بار.

— قانداقچىسىگە مېنىڭ جاۋابكارلىقىم بولىدىكەن؟ — چىدىغۇسىز ئازابتىن تولغانغان ئادەمدەك ۋارقىرىۋەتتىم.

— بار، — سوجاڭ ماڭا قوپاللىق بىلەن ۋارقىرىدى، — سىز ئۆتكەن قېتىم ئۇنىڭ پۇلىنى ئېلىۋالدىڭىز، خەق بۇنى ئەرز قىلسا سىز ئۆچمەنلىك ساقلاپ ئۇنىڭ پېيىگە چۈشۈپ ئۇنى كېچىدە ئازگالغا تىقىۋېتىپ كەتكەنسىز، بۇ ناھايىتى ئېنىقلا پاكىتقۇ، ئەجەبا، بۇ ئەزىمجان پەقەت سىزگىلا ئۇچرايدىكىنا؟

نېمە دېگۈلۈك؟! كاللام خۇددى قۇرۇق قاپاقنىڭ ئىچىگە مىڭلىغان ھەرە كىرىۋالغاندەك غوڭۇلداپ كەتتى، ئىككى

چېكەم قىسىلىپ يىڭنە تىققاندەك ئاغرىدى. يۈرىكىمدە تېخى ئۆتكەنكى ئىشنىڭ جاراھىتى كەتمەي تۇرۇپ ئەمدى بۇ!

— باشقا گەپنى قويۇپ تۇرۇپ، — مەھەللە جۇرېنى كاۋاك چىشلىرى ئارىسىدىن ئۇشقىتقاندەك سۆزلىدى، — دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۇنى يوقلاپ كېلىڭ، ساقىيىپ كەتسە تەلىيىڭىز، بولمىسا...

بۆلۈمدىن قوزغىلىپ تالاغا چىقىشىمغىلا ماڭا سۇڭدۇشۇپ جۇرېنىمۇ چىقتى، ئۇ قۇلىقىمغا پىچىرلاپ تۇرۇپ:

— ئىككى قولىڭىزنى بۇرنىڭىزغا تىقىپلا بارماڭ ئۇ يەرگە، قولتىقىڭىزغا ئىككى توقاچ قىسقاچ بېرىڭ جۇمۇ، ئايالى شۇ يەردە، سىزنى كۆرۈپ زەردىسى قايناپ يۈرمىسۇن. ئېغىز يېسە يۈز ئۇيۇلىدۇ ئەمەسمۇ، ئادەمگەرچىلىكنى كۆرۈپ ئاچچىقىدىن يانار دەيمىنا، — دېدى.

كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال دېگەن يېرى مۇشۇمىكىنە ئەمدى، مۇنۇ جۇرېنىڭ «ئىككى توغاچ» دېگىنى ئاز نەرسە ئەمەستە، ھېچ بولمىغاندا ئون بەش سومنىڭ بېشىغا سۇ قۇيۇدىغان گەپ، ئاھ، خۇدا ئۆز ئۆيۈمنىڭ دەردى ئۆزۈمگە يەتمىگەندەك مۇنۇ دېشىۋارچىلىق «ئاللاكونىڭ ياردىنىمۇ بەتتەر ئەندىش، پاراكەندىچىلىك بولدىغۇ».

ئىدارىدىكى كۆڭلۈم يېقىنلاردىن مۇتەلنى ئاستا چەتكە تارتىپ ئۇنىڭدىن ئون تەڭگە ئالدىم، بازاردىن بىرەر نەرسەلەرنى ئېلىپ مەھەللە جۇرېنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە ئەزىمجان ياتقان دوختۇرخانىغا باردىم، بۆلۈم ئىچى تىپتىنچ ئىدى، ئەزىمجانىڭ قېشىدا ئۇنىڭ ئايالى، ئاياغ تەرىپىدە بىر بوۋاي قايغۇدا ئولتۇراتتى. ئەزىمجانىڭ ئايالى مېنى كۆرۈپ تەتۈر قارىۋالدى، يەرگە قاتتىق بىرلى تۈكۈرۈۋەتتى، بوۋاي بولسا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ سالاملاشتى.

— كەل ئوغلۇم، كەل، — بوۋاينىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى، — ئەزىمجان بالامنى يوقلاپ كەپسەندە ۋاھ - ھا، مانا ھازىر ئىچىمدە ئەزىمجان سەنمۇ چاغلىق ئىكەنسەن، ياتقان كۈنىڭدىن بېرى سېنى بىرمۇ ئىنسان يوقلاپ كەلمىدى، سەن دۇنيادا ئادەملەر قاتارى ياشاۋاتامسەن ياكى ھايۋانلار قاتارىدىمۇ، ھوي، ھايۋان جېنىدا يېنىدىكى بىرەر تۇياقنى نېرىگە ھەيدىۋەتسەڭ شۇ ياققا ئۆرىدەپ، تەلپۈنىدۇ، ئۆز ھەمرىيىنى ئىزدەيدۇ، سەن دېگەن ئۇنىڭغا قارىغاندا ئادەم، ئاۋۇ يانچۇقىڭدىكىگە ئاغىنە بولغانلىرىڭنىڭ قارا سايىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ، دەپ ئولتۇراتتىم، كۆڭلۈمنى تاغدەك ئۆستۈرۈۋەتتىڭ بالام، بالام، تونۇمىدىمىغۇ؟ ئىسمىڭ؟...

— شاياخۇن.

— شاياخۇن دېدىڭمۇ، — بوۋاي ئۇشتۇمتۇت قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئويلاندى، — ھە، ھە، قۇلىقىمنىڭ بىر يېرىدە قالغاندەك قىلىسەن، ئەمما، تازا...

— دادا، بۇ ئەزىمجانىڭ پۇلىنى ئېلىۋالغان ھېلىقى ئادەم شۇ، — دېدى ئەزىمجانىڭ ئايالى گېپىنى چورتلا بۆلۈپ، ئۇ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ غەزەپ بىلەن ماڭا تىكىلدى، — جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا، دەپ يەنە كەلدىڭىزمۇ، تاسما يېگەن ئىت خۇيىنى ئۆزگەرتەتتىمۇ، كېچىلەپ يۈرۈپ ئۇنىڭ يانچۇقى قۇرۇغدالغاندا تاشلاپ كېتىپ ئەمدى ئۆلتۈرەي دەۋاتامسەن؟

— بۇ... — مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمىدىم. ئۆتكەنكى قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەتتىن شۇنچە كۆپ پەندىيات يەپ تۇرۇقلۇق،

يەنە بۇ ئىشتىنمۇ ھازىرغىچە تىل-ئاھانەت ئاڭلاۋاتقىنىمغا قاتتىق ئازابلاندىم، ئۇ ئېمىشقا مېنى ئاشۇنداق يامانلىق قىلىدۇ، دەپ ئويلايدىغاندۇ، ئاچلىق ئىماننى قاچۇردۇ دېگىنى شۇمىكىن؟

— دىلەرەمخان قىزىم، ئېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟ — بوۋاينىڭ سۆزى خىيالىمنى بۆلدى، — ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، شاياخۇن دېگەن بۇ يىگىت ئۆتكەندە نەچچە دۆرەم ئەزىمەجاننى جەھەننەمدىن قايتۇرۇپ كەلگەن ئەمەسمىدى، ۋاھ، بۇ يىگىتكە رەھمەت ئېيتماي تۇرۇقلۇق... توختاڭ كېيىمىنىمۇ ئاڭلاڭ قىزىم، ياخشى گەپ يىلاننى قىنىدىن چىقىرار دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، ھەرقانچە يامان-بالا ئىش بولسىمۇ ليۇڭگىزنى بېسىپ تۇرسىڭىز، ئېغىز چىشىڭىز يېرىلىپ كېتەتتىمۇ؟

بوۋاينىڭ بۇ گەپلىرى كۆڭلۈمنى ئېرىتتى، بوۋايغا سىنچىلاپ قارىدىم، ئۇ، مېنى مۇندىن ئون يىل ئىلگىرى قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە قارغا تىقىلىپ قالغان يېرىمدىن ئۆيۈمگە ئېلىپ بېرىپ قويغان بوۋاي ئىدى.

— ياق، دادا! — دىلەرەمخان خىيالىمنى بۆلدى، — مۇنۇ بەك ئىنسابسىز ئادەم، ھىيلە-مېكرى كۆپ...

كۆڭلۈم يەنە غەشلىككە تولدى. بوۋاي ماڭا خېلى كۆپ ئۆزرەخاھلىق ئېيتتى، ئەمما، قۇلىقىمغا گەپ كىرمەيتتى، ئاخىرى كەينى-كەينىدىن ئۇستۇمگە يېغىۋاتقان تىل-ئاھانەت، ھاقارەتكە چىداپ تۇرالماي بۆلۈمدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم، ئىشىك ئالدىدا قولۇمدىكى سومكىغا سېلىپ بارغان «ئىككى توقاچ» نى بوۋايغا تۇتقۇزۇشقا ئاران ئۈلگۈردۇم.

**مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل**

ئابدۇللا ساۋۇت

# غەزەللەر

1

ئاھ... سېنى كۆردۈم قاچان، كۆيدى بۇجان شۇندىن بېرى،
ئۆرلىگەچ دىلدىن پىغان رەڭگىم سامان شۇندىن بېرى.

يىغلىدىم، كۆزلەردە ياش، ھېجرانىغا مەن بەرمەي چىداش،
كۆز يېشىم بولدى ئەجەب باغرىمدا قان شۇندىن بېرى.

گاھ كۆزۈڭ چولپان كەبى، ئىشقىڭ گويا سۇلتان كەبى،
قىلدى بەند، بولدۇم ئەسىر تاپماي ئامان شۇندىن بېرى.

بەك ئۇز، لېۋەن، زىبا دېدىم، گۈلدىن گۈزەل بەرنادېدىم،
پۈتمەيدىغۇ تەۋسىپلىرىڭ يازسام ھامان شۇندىن بېرى.

لەۋلىرىڭ جامىدا مەي ئىچمەي تۇرۇپ نىچۇن ئۆلەي،
سېنى كۆردۈم، گۈل كۆرۈندى بۇ جاھان شۇندىن بېرى.

غەم مېنى غەمكىن قىلىپ، ئىشقىڭ غېرىب-مىسكىن قىلىپ،
كۆككە ئاتقاچ، ئۇچۇرۇپ يۈردى بوران شۇندىن بېرى.

ئاھ، دېدىم ئاھلار ئۇرۇپ، ۋەسلىڭنى ھەردەم ئاختۇرۇپ،
بۇ پىدايى دەيدۇ: تاپتىم بىر جانان شۇندىن بېرى.

2

بۇ كۆڭلۈم بىپايان ئالەم، ئاڭا سەن يارنى شاھ قىلدىم،
نە شاھكى، كەلتۈرۈپ ئىمان، سېنى مەبۇد-ئىلاھ قىلدىم.

سەھەر-شام ئۇخلىماي قەددىڭ سىماسىغا ئۇرۇپ باشنى،
ئىزىڭغا يۈز يېقىپ دائىم ئۆمۈرلۈك سەجدىگاھ قىلدىم.

گۆزەل ئىسمى-شەرىپىڭنى ھەمشە زىكرى ئەيلەپ مەن،
ۋىسال قەسرىڭگە يۈزلەندىم، ئۇنى بىر قىبلىگاھ قىلدىم.

گۆزەللىك تەۋسىپىڭ قۇرئان، ئۇنى ياد بىلمىكىم بۇرچۇم،
قىرائەت بابىدا ياڭراق ئاۋازىمنى گۇۋاھ قىلدىم.

سىنىڭ ھىجرىڭ تۈپەيلى ھەر بالا-دەرد كەلسە باشىمغا،
تىۋۇندىم، ياش تۆكۈپ يىغلاپ، سىنى پۇشتۇ-پاناھ قىلدىم.

ساڭا ھەرگىز ئەمەستۇر سىر، غىمىم ۋە شادلىقىم، ھالىم،
ئادالەتلىك بىلىپ، داد، دەپ ئۆزۈمگە دادىخاھ قىلدىم.

نىگاھىڭ چۈشسە قاي باغقا تۇتۇپ شۇندا ماكان، روزغار،
(ئەگەر ئۆلسەممۇ مۇردامغا شۇ يەرنى قەبرىگاھ قىلدىم).

بىراق، ۋەسلىڭگە يەتكۈزمەي يۈرۈيسەن شۇنچە پەرۋاسىز،
پىدايى دەيدۇ: ئالدىڭدا يەنە قانداق گۇناھ قىلدىم؟

3

ئاھ سىنى كۆردۈم قاچان، بولدۇم كىسەل شۇندىن بىرى،
تىپتىنچ قەلبىمنى چاك ئەتكەچكە ئىشقىڭ خەنجىرى.

يانمىقىم مۇشكۈل ئەمەس، جىسمىم سەمەندەر ئەسلىدىن،
چۈنكى يالقۇن ئەكسىدىن بولغاي ئايان قەلبىم سىرى.

گۈل ئىكەنسەن سۆيگۈنىڭ گۈلزارىدا يىگانە ھەم،
مەيلى مەن دەيمەن سىنى ئەرشتىن چۈشۈپ كەلگەن پەرى.

ئۆلگۈيۈپ يالقۇنلىرىم بولدى لاۋا-ماگما كەبى،
بۇنچە كۆيدۈرمە، ئارام بەرسۇن ۋىسالىڭ كەۋسىرى.

لەيلى دەپ ئىزدەپ-سوراپ بارسام قىشىڭغا ئاھ ئۇرۇپ،
ئاھۇدەك شوخشۇپ قىچىپ تىللاپ دىمەسسەن كەت نىرى!

غەيرىي بىر ئىنسان دىمە، ئىزگۈ بىر ھىس بار مەندىمۇ،
سەن بىلەن، سۆيگۈڭ بىلەن ياشنار شۇ ھىسلار كۈنسىرى.

ئارمىنىم ئالماس ۋىسالىڭ بەھرىگە چۆمسەم مىنۇت،
دەر پىدائىي: بۇ تىلەك مەقبۇلمۇ سۆيگۈ دىلبىرى؟!

4

قاچان كۆردۈم سېنى شۇ دەم بېشىمغا بىر بالا قىلدىم،
بالاكى، دەردۇ-ئىشقىڭغا ئۆزۈمنى مۇپتىلا قىلدىم.

ئاشۇ كۈندىن بۇيان دائىم سېنىڭ ھېجرىڭدا تۇتقۇنمەن،
ئازاد قىلغىن، دېدىم يىغلاپ، يېلىندىم، كۆپ سالا قىلدىم.

بىراق سەن سالمىدىڭ ھەرگىز قۇلاق پەريادۇ-زارىمغا،
ياقامنى چاك، بۇ جىسمىمنى تىلىپ تاسما-تالا قىلدىم.

قاچانكىم سەيىر ئېتىپ كەلسەڭ چىقىپ ئالدىڭدا قول باغلاپ،
قۇچاغىمنى تەبىئەتتەك گۈزەل، كەڭرى دالا قىلدىم.

لېكىن بىر-بىر بېسىپ ئاستا كېتىپ قالدىڭ قىيا باقماي،
ئىزىڭغا لەۋ يېقىپ، ماڭغان يولۇڭنى ئىستىلا قىلدىم.

قاراڭ يۈتكۈنچە كەينىڭدىن قاراپ تۆكتۈم كۆزۈمدىن ياش،
چېكىپ ئەپسۇس، ئىچىمدە مىڭ قېتىملاپ غۇلغۇلا قىلدىم.

مەگەركىم بىر ئۆمۈر ۋەسلىڭ مېيىدىن ئىچمىسەم تامچە،
پىدائىي دەيدۇ: ئۆمرۈمنىڭ بېغىنى كەربالا قىلدىم.

5

كۆزۈڭ نۇرلۇق قۇياش-ئاپتاپ، نۇرىنى نۇرخۇدا قىلدىم،
يۈزۈڭ قىبلە، لېۋىڭ مېھراپ، قىلىپ سەجدە نىدا قىلدىم.

سەھەر-شام زىكرى، تائەتتە تۇرۇپ مەن پاك ئىبادەتتە،
زىبا قەددىڭگە تىنماستىن ئۇرۇپ باش ئىقتىدا قىلدىم.

ئوقۇپ مىڭ كۈيىنى ئاھىمدىن چىقاردىم پەنجىگاھىمدىن،
قۇلاق سالغايمۇ، دەپ ھەر تاڭ ئەجەب ياڭراق سادا قىلدىم.

لېكىن ھەسرەتتە قالدۇردۇڭ، كۆڭۈل رايىمنى ياندۇردۇڭ،
مۇھەببەت قەسرىنى شادلىق-پاراغەتتىن ئادا قىلدىم.

تۇرۇپ مېھرىڭگە زار، تەشنا بولۇپ مەن دەردكە يار - ئاشنا،
ئەزىز روھىمنى جىسمىمدىن يىراق قوغلاپ جۇدا قىلدىم.

دىلىم زەرداپۇ قان بولدى، جېنىممۇ نىمجان بولدى،
ئۆزۈمنى ھەر نېمە قىلسام ۋىسالىڭ ئىشقىدا قىلدىم.

شۇ ئىشقىڭ يانسا، نۇر چاچسا، بەخت دەرۋازىسىن ئاچسا،
پىدا ئىدىڭ، قەسەم شۇكى، ساڭا جاننى پىدا قىلدىم.

6

گۈزەللەر كۆپ، يۈرەر توپ - توپ گۈزەل قەشقەر دىيارىدا،
تۇتۇپ قوللار، ماڭار جۈپ - جۈپ، قىلار سەيلى بازارىدا.

كىيىك كۆزلەر چاچار يالقۇن، قۇلاقلاردا يانار ئالتۇن،
گويا ھەر بىرسى بىر غۇنچە بۇ گۈلشەنىنىڭ باھارىدا.

لېۋى لالە، قەلەمقاشلىق، دىلىدا بەرق ئۇرار ياشلىق،
بىرى شىرىن، بىرى لەيلى مۇھەببەت لالىزارىدا.

بىرى رەنا، بىرى رەيھان، بىرى ئايدۇر، بىرى چولپان،
ھاياتقا زوق بېرەر ھەر كۈن سەھەر - سالقىن ناھارىدا.

چېچى بوستان، چېچى بۈدرە، پۇرايدۇ ھەممىسى ئەترە،
قۇياش پارلايدۇ بۇغداي ئۆڭ ۋە يائاق گۈلئۇزارىدا.

چىرايلىق بويىنىدا مارجان، بۇلاپكا تەۋرىنەر لەرزان،
جەلپكار — سېھرى قۇدرەت بار سۆيۈملۈك جۈپ ئانارىدا.

قىزىل يوپكا، سېرىق توپلەي (كىيىنگەن رەڭمۇ رەڭ، ھەي، ھەي...)
بويى سەرۋى، بويى شەمشات، شۇسىما تاغ چىنارىدا.

نىگاھى ئوت ياقار جانغا، چۆمەر دىللار ھاياجانغا،
ۋىسالغا ئىنتىلەر قانچە يىگىت ۋەدە - قارارىدا.

پىدائى تىزدى بىر پەستە چىرايلىق شېئىردي گۈلدەستە،
گۈزەل زوھراسى بار چۈنكى گۈزەللەرنىڭ قاتارىدا.

7

چىقمەن دەپ قىلدى ۋەدە، ۋەدە ئالغان چىقمىدى،
قالدى ئۆتنۈپ، يۈردى نەدە، ئېيتتى يالغان، چىقمىدى.

شامىمۇ ئۆتتى، بولدى خۇپتەن، چىقسا چاپسان، بولسا جۇپ تەن،
شۇ ئۈمىدتە كۆزلىرىم تۆت، قىلدى ھەيران، چىقمىدى.

تۈن يېرىم - كۆڭلۈم يېرىم، غەرق ئۇيقۇغا ئاھ دىلبىرىم،
ئۆگزىسىگە چالما ئاتتىم، چۆچۈپ شۇئان چىقمىدى.

ئۆي ھۇجرىسى كۈندەك يورۇق، ئۇندىن تىۋىش - ئاۋازمۇ يوق،
بۇلبۇل ئىدى ئۇ ئەسلىدە سايراپ غەزەلخان چىقمىدى.

يار ياگۇمان، ناز قىلدىمۇ، (دەردنى ماڭا ئاز قىلدىمۇ،)
يۈلتۈزمۇ ئۆچتى، ئۆچمىدى قەلبىمدە ئارمان، چىقمىدى.

ئالەم قاراڭغۇ، پاتتى ئاي، ئاچتى گۈزەل سۇبھى چىراي،
چىققاندا كۈنمۇ نۇر چېچىپ، ئەپسۇسكى جانان چىقمىدى.

كۈتتى پىدائى چۈشكىچە، پېشىن، ئەسىر، شام ئۆتكىچە،
باشلاندى تۈن، يار چىقمىدى، ياكى ئەزىز جان چىقمىدى.

8

كىشىلەر ئېتىبار قىلماس، شەھەرنىڭ چەت - ياقاسى بۇ،
كۈنى جىمجىت، تۈنى تىنماس، مۇھەببەتنىڭ كوچاسى بۇ.

سۇۋادان زىچ، ئېگىز ئۆسكەن، سۆگەت - تال چىرمىشىپ كەتكەن،
يېشىل كىمخاپ گىلەم يايغان چىمەنلىكنىڭ ئاراسى بۇ.

گۇگۇم پەيتى كېلەر ئاستا ئوقۇپ بىر كۈيىنى ئىخلاستا،
يىگىتنىڭ قەلبىدە يانغان ئۈمىدىنىڭ ئوت - لاۋاسى بۇ.

كۈتۈش لەزىز، كۈتۈش لەززەت، بىلىنمەستىن ئۆتەر مۇددەت،
كېلەر بىر - بىر بېسىپ قىز شاد، يۈرەك ئەھدى - ۋاپاسى بۇ.

كېلەر لەيلى، سەنەم قىزلار چۈشەر چىملىققا جۇپ ئىزلار،
يىگىت چىللايدۇ خىلۋەتكە، تەقەززا دىل نىداسى بۇ.

كېلەر نازۇك پىچىرلاشلار، (قەيەردىندۇر شىتىرلاشلار)
يېقىملىق كۈلكە - بىر ناخشا، شىرىن سۆيگۈ ساداسى بۇ.

بېلىقتەك قىيغىتىپ ھەريان، قىلار ناز ئەركىلەپ جانان،
يۈرەكلەر شاد دۈپۈلدەيدۇ، گويا ھېيتىنىڭ ساماسى بۇ.

قۇچاقتا ئولتۇرار قىز جىم، ئاچار سىرنى يۈرەك بەلكىم،
ۋىسالغا ئىنتىزار دىلنىڭ خىتاب، ئۈنسىز جاكاسى بۇ.

بۇ تۈندىن باشلىنار تۇرمۇش، ساالار يوللارغا ئىز قوش - قوش،
بېشى يا ئاخىرى تۈگىمەس گۈزەل ياشلىق ناۋاسى بۇ.

٩

كەتتى ئاياز، كەلدى باھار، كەلمەيدۇ دىلدار، ئۇنتۇدى،
يا بولدى مەندىن كۆپ بىزار، گۈل قەددى رۇخسار ئۇنتۇدى.

سەھرا بېغىدا بىركۆرۈپ، قالغان ئىدىم شۇئان كۆيۈپ،
تۇتقان ئىدى بىر گۈل ماڭا، شۇ گۈلنى گۈلزار ئۇنتۇدى.

سۆيگۈ ئىلاھى بىر مەھەل سۆيمەككە ئىمكان قىلدى تەل،
ئاز كۈندە ھىجران سالدى تىغ، بولدۇم بىمار، يار ئۇنتۇدى.

قالسا ناگاندا كۆرۈنۈپ، كەتكەن ئىدى جان سۆيۈنۈپ،
كۆرسەتمىدى ئەمدى جامال، ئەسلى رىياكار ئۇنتۇدى.

كۈتتۈم كېلەر دەپ بىر كۈنى ئەسكە ئېلىپ شۇ ۋەدىنى،
كەتتى ئۆتۈپ بىر قانچە يىل، ئالدامچى ئەييار ئۇنتۇدى.

بارسام تېخى ئىزدەپ - سوراپ، قاچتى يىراقتىن بىر قاراپ،
تارتىپ ئىزا، ياندىم شۇئان، زۇلمۇستەمكار ئۇنتۇدى.

بەرسە خۇدا ئىنساب، دېدىم، كەلگەي ئۆزى خالاپ، دېدىم،
ئارزۇ گويا بىر چۈش ئىكەن، بىلدىم ئۇ زىنھار كەلمىدى.

تەنھا پىدائى ئاقىبەت، چۈنكى نىگارى تائەبەت
ياشلىق مۇھەببەتنى قىلىپ دەپسەندە ۋە خار، ئۇنتۇدى.

10

ئىلاھىم جۈپ كۆزۈڭنى ئوت - قۇياشتەك موھتەرەم قىلدى،
مۇھەببەت تەختىدە تەنھا، گۈزەل مەبۇد - سەنەم قىلدى.

يۈزۈڭنى ئاي دېسەم، ئاينى بۇلۇتتەك چاچلىرىڭ توسقاچ،
كۆرۈش مۈشكۈل سېنى جانان ئەجەب دىدارى كەم قىلدى.

يىراقتىن تەلمۈرۈپ باقتىم يۈرەككە بىر داۋا ئىزدەپ،
كۈتۈش سائەتلىرى قىيناپ كۆزۈمنى ياشۇ - نەم قىلدى.

ئاقارغان سۈبھىدە كۆردۈم، كۆرۈندى قامىتىڭ گۈلدەك،
پىراقىڭ پاك ۋۇجۇدۇمغا ۋاپادارلىقنى جەم قىلدى.

ھاۋاسى ئەتىردەك خۇش بۇي بېغىڭغا شوخ كۈلۈپ چىقتىڭ،
پەرىشتەلەر ساڭا تەبرىك ئۈچۈن تەشرىپ قەدەم قىلدى.

مۇبارەك پۇتلىرىڭ نازۇك چىمەنگە ھەر بېسىلغاندا،
جاھان رەنالىرى يولنى پاياندازۇ گىلەم قىلدى.

قاچانكى سەيلىمۇ چەككە يېتىپ بولغاندا سەن غايىب،
بولۇپ دوزاخ گويا ھېجرىڭ مېنى يالقۇنغا يەم قىلدى.

گۇناھىم نى ئىدى مۇنچە، ماڭا شۇنداق جازا ھەقمۇ،
بىھۇدە ئۆرتۈنۈپ - كۆيمەك كېلىپ ھار، كۆپ ئەلەم قىلدى.

پىدائى بىلدى: ئەي دىلبەر، ساڭا يەتمەككە يوق ئىمكان،
ۋىسال قەسرىڭنى قىسمەتلەر يىراق مەككە - ھەرەم قىلدى.

11

بۇ كۆڭۈلنى بىر گۈزەل، شوخ ھۆرى - رىزۋان تارتىدۇ،
تەرىپى سۆيگۈ ئىلاھى، ئەسلى ئىنسان تارتىدۇ.

چاچلىرىنىڭ ئالدىدا تەسلىم قارا تۈن زۇلمىتى،
ئاينى قىلغاندۇر خىرە رۇخسارى جانان تارتىدۇ.

كۆز نۇرىدىن تاۋلىنىپ يالقۇنغا ئايلانغان قۇياش،
ئىشقى ئوت پەرۋاننى شۇ قەلبى گۈلخان تارتىدۇ.

كۆزلىرىنىڭ بەرقىدىن ئېرىگەي بارلىق ۋۇجۇت،
نازىدىن مۇردا تىرىلدىم، دەيدۇ، پەرمان تارتىدۇ.

مەست قىلار مەجنۇننى ئاتەش كۆكسىدىن چىققان تىنىق،
قەددىنىڭ ئەندازىنى گۈل ۋە گۈلىستان تارتىدۇ.

لەۋلىرىدىن بال تۆكۈپ دەيدۇ ئۆمۈرلۈك ۋەسلىنى،
ۋە لېكىن ئۆزگە ناۋا-كۈي ناخشا-خەندان تارتىدۇ.

ئاھ ئۇرۇپ كۆيگەنسېرى ئاشىققا مۇشكۇلمۇ ۋىسال،
ھېجرى كۆزدىن سۈپسۈزۈك ياش، باغرىدىن قان تارتىدۇ.

كەينىدىن قوغلاپ ئۆمىدتە تەلمۈرۈپ قىلسا نىدا،
كىرپىكىدىن ئوق ئېتىپ پىدائىدىن جان تارتىدۇ.

12

يارنىڭ ئۆيى بار شۇ كوچا گۈلزار-خىيابان كېلىدۇ،
گۈلگە بېزەلگەن رەستىسى ئاۋات — پاراۋان كېلىدۇ.

ئاتلاپ بوسۇقتىن تاڭ بىلەن چىقسا كىيىپ گۈلدار لىباس،
ئىككى تەرەپكە قول سېلىپ ئويناپ خىرامان كېلىدۇ.

مەغرۇر قەدەم، ھەر بىر تىۋىش ياشلىق باھارىدىن نىشان،
سىلكىنسە سۇمبۇل چاچلىرى ھەر ياندا لەرزان كېلىدۇ.

تىترەيدۇ كۆكسى ئەتىرىنىڭ خۇش بۇيى ھىدى بەرگەچ نەپەس،
زىلۋالىقىدىن قەددى گۈل، قەددى سۇۋادان كېلىدۇ.

ئۇرغاندا بەرق مەگزى ئارا قوش-قوش زىناقتا شادلىقى،
مىڭ بىر گۈزەللىكتىن بايان خالى سىيادان كېلىدۇ.

ھەر بىر تەبەسسۇم، جىلۋىسى نازى بىلەن تۆككەندە كۆي،
ياڭراپ مۇقام مەرغۇللىرى بوم، زىل باياۋان كېلىدۇ.

ئوتلۇق كۆزىنىڭ تەپتىدە سۆيگۈ، ۋاپا ئىزھارى بار،
گۈل ھۆسنىگە دىل مەھلىيا، بىر ئېزگۈ ئارمان كېلىدۇ.

كىرپىكلىرىدىن ئاقسا ئوتى ھۇش بولار دىلخەستىلەر،
دىل مۇلكىنى ئىشغال قىلىپ تەختى سۇلايمان كېلىدۇ.

تاشلاپ نىگاھىنى ماڭا كۈلگەندە كۈندەك ئېچىلىپ،
تەشنا يۈرەككە مېھرىدىن مەي ئابى ھەيۋان كېلىدۇ.

شۇئان سالام ــ تەزىم بىلەن تۇرغاي پىدائى باش ئېگىپ،
قەلبى جانانغا مەڭگۈلۈك شاھ قەسرى ــ ئايۋان كېلىدۇ.

**مامۇت زايىت**

# غەزەللەر

1

ئانا يۇرت پىردەۋسى بوستاندىن ئەزىز،
قىز ـ جۇۋانى ھۆرۈ ـ غىلماندىن ئەزىز.
يوق ۋەتەن ـ ئەل ھىجرىدەك پۇرقەت، ئازاب،
ئۆيىدە سائىلمۇ خاقاندىن ئەزىز.
ھەككىدىن ئەلا ماڭا يۇرت تۇپرىقى،
پاك ساداقەت كەئبە، ئىماندىن ئەزىز.
ئەلنى دەپ كۆيسەم دوزاخنىڭ ئوتىدا،
ئۇ گويا ئىشرەتى رىزۋاندىن ئەزىز.
بىر ئۆمۈر قىلغۇم مۇقەددەس قىبلىگاھ،
يۇرت ـ ۋەتەن مامۇت ئۈچۈن جاندىن ئەزىز...

2

گۈزەل شېرىن ئىرۇرسەن، مەنچۇ پەرھاد،
يۈزۈڭ ئاي، قامىتىڭ گوياكى شەمشاد.
يېنىمدا سەن گويا يۈرسەممۇ چۆلدە،
كېچە ـ كۈندۈز قىلۇرمەن سېغىنىپ ياد.
يېرىم دىدار خېتىڭ كەلدى ئۈزۈلمەي،
خەۋەر بەردىڭ ئىشىڭدىن، ئەيلىدىڭ شاد.
قىلىپسەن باغۇ ـ بوستان ئانا يۇرتنى،
بەخت قەسرىنى ئەتتىم مەنمۇ بۇنياد.
كۈتەر ئەمدى ۋىساللىق تويىنى مامۇت،
ئۆمۈر گۈلشەنىنى سەن قىلغىن ئاباد...

3

ئېلچىنىڭ بازارىدا كۆردۈم سېنى،
ھۆر ـ پەرى ئۇزارىدا كۆردۈم سېنى.
بىر نىگاھىڭدىن ئەسىر بولغاي كۆڭۈل،
ئاي، قۇياش رۇخسارىدا كۆردۈم سېنى.
ساڭا تەلپۈنگەن پەقەت مەنلا ئەمەس،
ئەل كۈيى ـ دۇتارىدا كۆردۈم سېنى.
سەن كەبى گۈل چېھرىلەر يۇرتى خوتەن،
ئاشۇلار قاتارىدا كۆردۈم سېنى.
بەختىيار مامۇت گۈزەللەر ئىچىدە،
قۇت ـ ۋىسال تۇلپارىدا كۆردۈم سېنى...

4

قىرالىلىق چاغدىكى پۇرسەت غەنىيمەت،
ئۇنىڭ ھەربىر كۈنى قىممەت، غەنىيمەت.
يۈرەكتە ئوت، ئەقىل ئۆتكۈر پىچاقتەك،
تېنىڭدە كۈچ-مادار، جۇرئەت غەنىيمەت.
ئالالايسەن يۇلۇپ كۆكتىن قۇياشنى،
ئىجاد-كەشىپ يولىدا ھىممەت غەنىيمەت.
قېشىڭدا ئاشىقىڭ پەرۋانە، ھەمدەم،
گۈزەللىك بەزمىسى، ئۇلپەت غەنىيمەت.
قەدىرلە، بىباھا ئۆمرۈڭنى مامۇت،
ھالال ئەجرىڭدە شان-ھۆرمەت غەنىيمەت.

5

سەنەم، گۈل ياشلىقىڭدا قۇت-پاراغەت،
چىرايىڭدا گۈزەللىك، نۇر، پاساھەت.
ئەمەسسەن بىتەلەي لەيلى، شېرىندەك،
مۇھەببەت ھۆر، زامان، ئەلدە ئادالەت.
كۆڭۈللۈك، مەنىلىك ئۆتكۈز ئۆمۈرنى،
ھەمىشە ھەمدىمىڭ بولسۇن ساداقەت.
چىرايلىققا خېرىدار-مەھلىيا كۆپ،
ئۆزۈڭنى تۇتمىساڭ يەتكەي مالامەت.
تىلەكداش ساڭا مامۇت قايدا بولساڭ،
بەختلىك ياشىغىن، بولغىن سالامەت.

6

جاھاندا بار ھەر ئىشقا ئامال-ئىلاج،
جۇرئەتتىندۇر ھاياتتا گۈللەش-راۋاج.
بولسا كىشى تەكەببۇر، ھۇرۇن، بىخۇد،
پەلەك قىلار بەختىنى تالان-تاراج.
چىرايلىقمۇ كۆرۈنەر ئالۋاستىدەك،
بولسا بەدخۇي، ھاياسىز، بېشەم ۋە كاج.
ئەمگەك، بىلىم، پەزىلەت ياش-قېرىغا
كىيگۈزىدۇ شان-شەۋكەت، تۆھپىسىدىن تاج.
بولساڭ مامۇت ئەخلاقلىق، ئىشچان ئەگەر،
ھاياتىڭدا بولمايسەن خار ۋە موھتاج.

7

يۇرتىمىزنى ئويلىما قۇملۇق ۋە تاغ،
يار بىلەن قىلدۇق بىنا پىردەۋسى باغ.
چىم-چىمەن بولغاي پايانداز زىلچىمىز
ئىككىمىز قويساق ئەگەر باغقا ئاياغ.
سايرىغاي گۈلزاردا بۇلبۇل شادىمان،
تام-قاشاسىدىن كىرەلمەس ئوغرى-زاغ.
چىن ۋىسال تاپتى مۇھەببەت-بەختىمىز،
يوق يۈرەكنىڭ پۇشتىدا ھىجران ۋە داغ.
دەيدۇ مامۇت: تۇغۇلۇپ نەدە ياشا،
چۆلدىمۇ قىلغاي ئەجىر ۋاقتىڭنى چاغ.

8

رەشك، غەيۋەت، ھەسەت ۋەيرانە قىلغاي،
سائادەت ئۆيىنى غەمخانە قىلغاي.
ئېتىپ مەھرۇم ئىشەنچ، دوستتىن كىشىنى،
دىلى مىسكىن، سۇنۇق، يېگانە قىلغاي.
خاتا باسقان قەدەم غەيۋەت تۆپەيلى
سېنى ئەلدىن يىراق-بىگانە قىلغاي.
ھەسەت چاپلاشسا گەر كىمنىڭ دىلىغا،
مالاللىق دەشتىدە سەرسانە قىلغاي.
بۇ ئىشتىن خالى بول مامۇت ھەمىشە،
ئىناقلىق سېنى شاد-خەندانە قىلغاي...

9

بىلمىدىم ياشلىقتا بەختىمنى، دەرىخ،
قىلمىدىم شاد يۇرت ۋە خەلقىمنى، دەرىخ.
ئۆتتى ئاي-يىللار بىھۇدە، مەنىسىز،
سەرپ قىلىپ ئىشرەتكە ۋاقتىمنى، دەرىخ.
ئەتمىدىم دەۋەت ئىجاد ئىرپانىغىمۇ،
قالدۇرۇپ غەپلەتتە نەسلىمنى، دەرىخ.
مەن كىرىپ مۇزدەك لەھەتكە ئەتىسى
ئۇنتۇدى ئەل نامۇ-ئەسلىمنى، دەرىخ...
شۇ مېيىتتەك دېمە مامۇت بىر كۈنى:
تاپمىدىم قانداقچە ئەقلىمنى، دەرىخ!

**10**

ئىنسان بولۇپ تۇغۇلدۇڭ، ئالەم ياخشى،
ئەتراپىڭدا مۇتلەق كۆپ ئادەم ياخشى.
ئەمگەك بىلەن گۈزەلدۇر زېمىن، ھايات،
ئۆتسە ھەممە ئۆز ئارا ھەمدەم، ياخشى.
نەچچە يىللىق ئەتىكاپ، ئىبادەتتىن،
ئەل نەپىگە ماڭغان بىر قەدەم ياخشى.
ئارزۇ قىلماي جەننەتنى ئۆزۈڭ قۇرغىن،
ھۇر-پەرىدىن ئۆيدىكى سەنەم ياخشى.
يالغۇز كۆرگەن بەختتىن، ماموت ساڭا،
خەلقىڭنىڭ ئورتاق مۇسىبەت-ماتەم ياخشى.

**11**

بولدى ئىنسان ئەھلىگە خاقان ئىشق،
سالدى نى كويىغا ئۇنى ھەر ئان ئىشق.
كىم بىلەر ئاشىق ۋە مەشۇق سانىنى،
ھەممىنى قىلدى ئەسىر-قۇربان، ئىشق.
ئۇ ھەمىشە پاك، سەبىي ھەم نەۋقىران،
سۈرسىمۇ شۇنچە ئۇزاق دەۋران، ئىشق.
بولمىسا ئۇ، گۈللىمەيتتى يەر جاھان،
تۆھپىسى ئەل ئىچىدە داستان، ئىشق.
بولدى ماموت ئۇ ساڭا يار ھەم لېرا،
ئەرزىگەي بەرسەڭ ئاڭا مىڭ جان، ئىشق...

ئادىلجان تۇنىياز

## مېنىڭ ئادرېسىم

(لىرىك داستان)

**1**

ئىككىنچى بىر قەلبتە جەزمەن
ئادرېسىڭ بار سېنىڭ ئەي ئادەم.
ئادرېسىم بار مېنىڭمۇ چوقۇم
باشقىلارنىڭ يۈرىكىدە ھەم.

**2**

ئانا،
بېرەلمەمسەن ھىجىر قاچاڭنى،
كۆپۈكلىنىپ تۇرغان ياش بىلەن
ئىچىۋېتەي بىر يۇتۇمىنى.
دادا،
تىنىقىڭدىن چىقسام ئايرىلىشىپ،
بوغۇزۇڭغا قاپلاشقان يىغا
كېتەرمىكىن دەم تارتىپ مېنى؟
مۇھەببەتكە بوغۇلۇپ غايەت،
سالمىقىنى يوقاتقان ئادەم
دەسسەپ سالسا تىترەرمۇ ئالەم؟
ئىخ، تىترەيدۇ قۇياش ۋە زېمىن
بىر تامچە ياش، بىر قەترە سۈتتە.
كىندىك قېنىم كىرىپ زۇۋانىغا،
ئاشۇ گەپنى ساتار جاھانغا،
چىرىلدىغان چېكەتكە كەبى
بىر ناتونۇش خىلۋەت كەنتتە.

ئادەم دېگەن ئېغىر قالپاقنى،
كىچىك تۇرۇپ كىيدىم بېشىمغا،
شۇ سەۋەبتىن قەددىم ئىگىلىپ،
تاشتەك-بەستىم ئۇپراپ مىجىلىپ.
ئايلىنارمەن دۇمچەك بوۋايغا،
يا سەرىمەس بىكار تەلەپكە.
ئىشىنىمەن شۇنىڭغا لېكىن،
تەقدىرىگە دۇنيانىڭ ئاخىر
بولۇش كېرەك ئادەملەر ئىگە.

ئادرېسىم بارئادەمدە مېنىڭ،
تۆلەيدىغان ھەققىم ـ نېسۋەم،
قايتۇرۇشۇم كېرەكتۇر جەزمەن،
قايتۇرۇشقا كېرەك تەن ـ بەدەن،
پەرۋانىدەك ئالتۇن يۈرەك ھەم.
ئالقىنىمدا بىر ئۇچۇم تۇپراق،
ئالقىنىمدا بىر پارچە زېمىن.
ئادرېسىم بار زېمىندە مېنىڭ
تۆلەيدىغان ھەققىم ـ نېسۋەم.
قايتۇرۇشۇم كېرەكتۇر جەزمەن،
قايتۇرۇشقا كېرەك ساپ ۋىجدان،
كەڭ زېمىننى سۇغارغۇدەك قان
قەلبىتىكى قەلبتۇرۇۋەتەن!

دادا،
جان ـ جېنىڭدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ،
ئادرېسىمنى بەردىڭ كىمگە سەن؟
سالۋا تەلپەك كىيگەن قۇياشقا؟
تاغ ـ دەرياغا، تۇپراققا، تاشقا؟
ساقىلىڭدىن سېرىلىپ ياكى
غايىب بولغان بىر تامچە ياشقا؟
تورغايلاردىن سورىشىم كېرەك،
لاچىن بەرگەن ئىسمىم قېنى دەپ،
يۈرىكىڭنى كۆرۈشۈم كېرەك،
دەسسەپ ماڭغان ئىزىم قېنى دەپ.
چۈشلىرىڭنى بىلىشىم كېرەك،
كۆردۈڭ بەلكىم قارا تۈنلەرنى،
ئىس چىقارماي كۆيگەن كۆمۈردەك،
كۆردۈڭ بەلكىم ئاپئاق كۈنلەرنى.
كۈلدۈرەلمەي غەمكىن دۇنيانى
قېرىپ كەتكەن ئاقباش سۈبھىدەك.

3

مەن ئەمەسمۇ
سەلكىن شامال كەلگەندە
يەلكىڭگە كىرىپ ئۇخلىغان،
مەن ئەمەسمۇ
راۋاب چالغۇم كەلگەندە
يۈرىكىڭنى چېكىپ ئوينىغان.
مەن ئەمەسمۇ
زىمىستان سوغدا،
مۈزلاپ كەتكەن پۇت ۋە قولۇمنى
يۈرىكىڭگە قاقلاپ ئىسسىتقان.
مەن ئەمەسمۇ
ئەزەلدىنلا يېرىم نېنىڭنى،
يېرىم قاچا — يېرىم ئېشىڭنى
يېرىم قىلىپ قويغان تېخىمۇ.
مەن ئەمەسمۇ
ئەڭ ئاخىرقى ئۇگۇتنى ئېلىپ،
ماڭغىنىڭدا ئاستا تۈگمەنگە،
كۆزلىرىڭدە ياشلار ئەگىتكەن
قەغىش قىلىپ نانغا، لەگمەنگە.

ئانا،
قارىقىڭدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ،
ئادرېسىمنى بەردىڭ كىمگە سەن؟
قىزىل ياغلىق چەككەن قۇياشقا؟
يەر ـ ئاسمانغا، گۈلگە ـ ئوتياشقا؟
قولۇڭدىكى بىلەيزۈكۈڭدەك،
بەكمۇ ئەرزان بىر تامچە ياشقا؟
ئېيتقىن زادى بەردىڭ قايسىغا؟
ئەپ قېچىپتۇ چىت كۆڭلىكىڭنى
تويلۇق قىلىپ كىيىشكە يىللار.
يۈزۈڭدىكى گۈللەرنى ئۈزۈپ،
قىسىۋاپتۇ مەڭزىڭگە دالا.
سەن ئۇيقۇلۇق ياتقان بىر كۈنى
ئوغۇرلاپتۇ «تاقىر باش» كېچە
تەكىيىدىكى قارا چېچىڭنى.
مەيلى ئانا،
چاقىرمىغىن تاغىقىڭنىمۇ،
ئۇچۇپ كەتسۇن ھېلال ئاي بولۇپ،
ئوغلۇم مېنىڭ جىسمىمدا بار دەپ،
سەن كۆڭلۈڭنى تۇتۇۋەرگىن توق.
خىيال قىلغىن مېنى بىمالال
ئاق مىكىيانىڭ قورسىقىدىكى
مۆكۈپ ياتقان توخۇمغا ئوخشاش.
تىنىق بۇلاق ئاستىدا

ياتقىنىدەك چاقناپ گۆھەر تاش.
سېغىنغۇدەك بولساڭ مۇبادا،
قولمىرىڭنى ئاچقىن جان ئانا.
ئۈچۈپ كېلىپ ئوغلۇڭ يۈرىكى،
ئايلىنىدۇ چوغدەك ئالمىغا.

4

ئاشۇ يىراق كەنتىمگە بېرىپ،
بولغانمۇ دەپ مۇشۇنداق بىر گۈل
سوراپ باققىن كېپىنەكلەردىن.
بولغانمۇ دەپ شۇنداق بىر باشاق
سوراپ باققىن ئېگىزلىقلاردىن.
چۈشكەنمۇ دەپ شۇنداق بىر سويما
ھەر بىر چۆنەك، ھەر بىر ساتمىدىن.
تۇغۇپ بۇدرۇق ئاق بۇلۇتلارنى
قوزىلىرىم يىراق كەتمە دەپ،
ئېتىزلىقتا يۈرگەن پاختىدىن،
بۈككىدە ئاق تېرەكلىك ئارا
نۇر تۆكۈلگەن قۇشلار ئاغزىدىن.
ئەگەشتۈرۈپ چۆجىلىرىنى،
توخۇلارنىڭ كونا خاماندا
ئېيتىۋاتقان قوشاقلىرىدىن.
تۈگۈۋالغان چېچىنى ئۆرۈپ،
زىلۋا بويلۇق قومۇشلاردىن ھەم.
ياستۇق قىلىپ زۇمرەت سۇلارنى،
ئۇخلاۋاتقان تاشلاردىن بىغەم.
قىسپىيالىڭاچ ئۆردەكلەر بىلەن
ئۆستەڭگە كىم يۈرگەن چۆمۈلۈپ؟
دۈڭغاق جىگدە ئۆسكەن يوللاردا
يۈتكەندە نۇر چەمبىرەكلىرى
يۇلتۇزلارغا، گۈلگە كۆمۈلۈپ،
ئاي نۇرىدەك تۆكۈلسە يېنىڭ
كۆز ئالبۇمى — ئالتۇن غازاڭلار،
سالام بېرىپ ئىنگىلگەن شاخقا،
كىرىپ باققىن ئالمىلىق باغقا،
بارچە يۈرەك پىشىپ مەي باغلاپ،
ئالما بولۇپ دەپ بېرەر مېنى.
ياڭاق تۈۋى سالقىن سايىدا
ئۇنلىشىدۇ كەپتەرلەر بۇق - بۇق

قونۇۋېلىپ شاخلارغا گاھى،
ھارغىن شامال چىقىرار ھاردۇق،
شوخ بالىلار ئوينىشار خۇشال،
ئاچىلارغا سېلىپ گۈلەڭگۈچ.
بىلىشمەيدۇ ئارغامچىسىنىڭ
ئانا، دادا ئىككى ئادەمنىڭ
يۈرىكىگە باغلاقلىقىنى،
سورا مېنى ئۇ يەرگە بېرىپ،
سەھەر ئىشقا ماڭغان بوۋاينىڭ
ۋالىلدىغان ساقاللىرىدىن.
ئاپتاپ سۇنغاچ ئولتۇرۇپ،
يېپ ئىگىرگەن موماينىڭ
ئايلىنىۋاتقان ئۇچقۇرچاقىدىن.
سورا مېنى ھەر بىر مۇرىدا
ناخشا ئېيتقان كۆكۈش ئىسلاردىن.
تېزەك بىلەن ئۇلغايتىپ ئوتنى،
ئۇلغايغاندا ئۆز كۆڭلى ئەمما
خىجىل بولۇپ يۈرگەن قىزلاردىن.

خوخلۇق ئۇ يىراق يەرلەردە
ئاق دوپپىلىق قەدىناس دېھقان
بەلبېغىغا تۈگۈپ سۆيگىنى،
ئېلىپ كېتەر ئېتىزلار تامان،
قونغان چاغدا كەچكى زەر شەبنەم
پىيالىدەك گۈل ياپرىقىغا
بەللىرىنى رۇسلاپ تۈزلىنىپ،
يىغىشتۇرار ساپاننى ئاستا.

5

چىغ ۋە كەندىر قاپلىغان يولدا
ئۆتۈۋېلىپ ئىككى يېنىغا،
گۈلنىڭ ھىدى شامىللار بىلەن
ئوينىشىدۇ مۆكۈ - مۆكۈلەڭ.
ئېتىزلىقتا گۈگۈمنى ئېلىپ،
قايتىپ كەلسە يېتىلگەنچە
ئۇلۇغ — كىچىك تىنىپ ياش ئانا،
بوۋىقىنى كۆتۈرگەن پېتى
ساقلاپ تۇرار ئىشىك تۈۋىدە،
سەن سورىغىن شۇلاردىن قويماي.

مەن
ئادرىسىنى يوقاتقان ئادەم،
ھەمراھىنى ئىزدەپ يۈرگەن قۇش.
ئۆزۈمدە بار ئۆزۈمدەك بىرسى
يېرىم ياتا ھەمدە ناتونۇش.
قۇمنى قەلئە قىپ ئوينىغان بالا
مارجىنىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك،
بىر نەرسەم بار يىتتۇرۇپ قويغان،
بىر نەرسەم بار ئىزدىشەلمىگەن،
بولمىغاندا بەلكى تونۇگۈن،
ئويلىماستىم ئەتىنى بۈگۈن.
ئىككى چېگرا كېسىشكەن شۇ يەر
بەلگىلىگەن مەۋجۇتلۇقىمنى
تۇرغاندىمۇ بىر تال تاش كەبى
ئەزرائىلىنىڭ چاڭگىلىدا گەر
يىتتۇرۇۋەتكەن يەنە بىر نەرسەم،
مېنىڭدە يوق يېڭى بىر مەن ھەم
تۇرۇۋالار ئۆلمەي مۇقەررەر.
ئادرىسىمنى يوقاتقان شۇ كەنت
تۇتۇشىدۇ قومۇشلۇق سايغا
چۆشلىرىمدە ئۇچىدۇ پات - پات
ئۆردەكلىرى ئايلىنىپ ئايغا.
بىلسەم - بىلمىسەم
ئوپ - ئوخشاشتۇر ئۆيۈم ھېلىمۇ،
ئۆتكۈزەلمەي يىڭنىگە يىپنى،
پەرلىگەندە پىلىكنى ئانام
غېرىبانە كۆيگەن چىراغقا،
پىل - پىل قىلىپ چۆشكەندۇر شولام.
يىڭنە ئىشىنى قىلالماي شۇئان
قوللىرىغا ئالغاندۇر سانچىپ،
پەرۋانىلەر بېرىپ تەسەللى،
ئەتراپىدا ئۇچقاندۇر لەپ - لەپ.
چۆچۈرىدەك ئۇكىلىرىمنى
ئاياغلىرى بولغاندا بىكار.
دەيدىغاندۇ قازانغا قاراپ:
كۆرۈشكە خوي بولدۇم ئىنتىزار،
ئىچەلمىدى ئېشت بىر قوشۇق،
يۈرىكىمنىڭ بىر پارچىسى يوق،

ئۇنتۇپ قالغان مېنىڭ بىر نەرسەم،
بىر نەرسەمنى يىتتۇرۇۋەتكەن ھەم.

شۇ تۇپىلىق خىلۋەت سەھرادا
نۇر كۆتۈرۈپ يۈرگەن خىزىردەك،
قۇياش بولۇپ ياشايدۇ دادام.
توپا پۇراپ تۇرغان سىنىپتا،
كونىرىغان دوسكا تۈۋىدە،
بور تozىڭى ئەمەس ھېچقاچان،
ئىرغىتەلمەپ ئۆمۈر دەرىخى،
چۆشەر توزۇپ ئاپئاق چېچەكلەر،
شاپاق دوپپا كىيگەن باللار
تىترەپ تۇرغان شەبنەمدەك گويا،
سۈمۈرىدۇ تۇنجى سۆبھىنى،
تۇنجى چېچەك، تۇنجى باھارنى
ئېرىتىدۇ مەيىن تەبەسسۇم،
خۇش خۇي كۈلۈپ تۇرغان ئەتىلەر
كۆڭلىدىكى مۇزنى - ئاق قارنى.
دادام شۇنداق ئاددىي مۇئەللىم،
يىراقتىكى خىلۋەت كەنتتە
نۇر كۆتۈرۈپ يۈرگەن خىزىردەك
قېقىپ يۈرەر پاك قەلبلەرنىڭ
توپا باسقان ئىشىكلىرىنى.
ئېسىمدە دادا،
كۆكۈش تۇمان كۆمگەن سەھەردە،
ئېپ ماڭغىنىڭ يىراق شەھەرگە.
ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىدە جىمجىت
ئولتۇرغانتىم ئىسسىق جۇۋاڭغا،
كۆز سالاتتىم يول بويىدىكى
توڭلاپ قالغان جىگدىلىكلەرنىڭ
ئارقىسىدىن مارىغان تاڭغا،
قىراۋدىغان قاش - كىرپىكلىرىڭ
ئاق گۈللەرگە قالاتتى ئوخشاپ.
گاھى بىردىن مېڭىشتىن توختاپ،
مۇزلىدىڭمۇ ئوغلۇم دەپ سوراپ،
ئىسسىتاتتىڭ قولۇمنى ھورداپ.
ئولتۇرغاندا دەرسخانىدا
خىياللىرىم ئېرىپ تامچىلاپ،

ئەگەشتۈرۈپ تاڭ نۇرلىرىنى،
قايتمۇاتقان نۇرلۇق كۆلەڭگەڭ
كۆز ئالدىمدىن ئۆتەتتى لاپ - لاپ.
يۈرىكىمدە ياڭرايتتى قايتا
يولدا كۆرگەن تۈنجى تورغاينىڭ
چۇچۇلغان تاتلىق ناخشىسى.
ساي چېتىدىن ئۇچقان شامالنىڭ
پەرلىرىنىڭ شوخ يەلپۈنۈشى،
ئاخشاملىرى،
ئىشلەپ بولۇپ تاپشۇرۇقۇمنى،
ياتىقىمدا قالغاندا يالغۇز،
كۆلۈمسىرەپ تۇرغان خىياللار
دېرىزىدىن كىرەتتى ئۇچۇپ.
سېغىناتتىم سېنى شۇ هامان
ئىچ - ئىچىمدىن يىغا ئولۇشۇپ.
ئۆكىلىرىم جۈپ - جۈپ يەتتە كۆز،
يېنىدىلا تۇرغاندەك بولۇپ.
قاتتىق نانىنى چىشلەيتتىم مەيۈس،
كۆزلىرىمگە لىپ - لىق ياش تولۇپ.
كېلەر ئىدىڭ بەزى كەچقۇرۇن
شۇنچە يىراق يەردىن كېسەلچان.
ۋېلىسىپىتىڭ ئارقىسىدا
قىستۇرۇقلۇق گۆش ۋە يۇمشاق نان.
بىر قاچا پولو،
بىر قاچا لەگمەن،
كەپلىشەتتى بوغۇزۇمغا يىغا،
يۈرىكىمگە ئىسسىق هاياجان.
ئېسىمدە دادا،
شەنبە كۈنلىرى
بىلىندۈرمەي نامراتلىقىمنى،
چاڭقىيتتى لەرزان
ئاتامىلارنىڭ مەززىلىك هىدى.
تال - باراڭلىق دالاندا
ئاي نۇرىغا كۆمۈلۈپ يۇمشاق
قۇچاقلىشىپ ياتاتتۇق تويماي
ئېڭىكىڭنى سۈركەيتتىڭ ماڭا،
يىرىك ئىدى ساقاللىرىڭ بەك،
لېكىن راهەت بېرەتتى ماڭا.
يۈرىكىڭگە قاقلىنىپ ئۇزاق،
شامدەك ئېرىپ، ئۇخلاپ كېتەتتىم
گىرە سالغان پېتەچە ساڭا.

ئاچچىق - چۈچۈك ئۆچمەس ئون بىر يىل
پاك باللىق، گۈزەل تارتىنىش،
بوسۇغامدا قىزىرىپ ۋىل - ۋىل،
لەۋلىرىنى چىشلەپ خىيالچان،
ئېتىزلىقتىن شىلدىرلاپ ئېقىپ،
ئۆتۈپ كەتتى مەيىن شامالدەك.
بەكمۇ يۇمران يالپۇز گۈللىرى
قىرغاقلادا قالدى چېچەكلەپ.
ئۈزەلمىگەن سويما قېشىدا،
ئۈزەلمىگەن شاپتۇل شېخىدا،
ئۇزىتىشنى بىلمەي نېمە دەپ،
باللىقىم قالدى كېكەچلەپ.
ئېسىمدە دادا،
ئانام بىلەن چىقىپ چوڭ يولغا،
بۇق - بۇق يىغلاپ ئۇزاتقان چاغدا،
يۈزلىرىمنى كۆيدۈرگەن ياشلار.
سۇنۇپ كەتكەن گۈل لوڭقىسىدەك،
كۆكۈم - تالقان بولغان يۈرىكىڭ
ۋە سەندىكى مەيۈس قاراشلار.
مەن
ئادرېسىمنى يوقاتقان ئادەم،
ئۆۋىسىنى سېغىنغان كەپتەر.
قانىتىدىن ئايرىلغان باچكا،
بىر نەرسەم بار يىتتۈرۈپ قويغان،
بىر نەرسەم بار ئېرىشەلمىگەن،
لېكىن ئۇلار مەندىن يىراقتا.
كۆزىگە ياش كەلسە ئانامنىڭ
بېرىپ سۈرتۈپ قويمىغاندىمەن.
چاقىرغاندۇ يىراقتىن قانچە،
كىترىسە يەر تۈيمىغاندىمەن.
ئەدە قالدى ئادرېسىم مېنىڭ،
ئادرېسىمنى قويدۇم يىتتۈرۈپ.

چىقىپ ئۇلار ئىشىك ئالدىغا،
يولغا قاراپ ئاي بىلەن كۈندەك،
سېنى شۇ تاپ تۇرۇپتۇ كۈتۈپ.

6

ئىككىنچى بىر قەلبتە جەزمەن،
ئادرېسىڭ بار سېنىڭ ئەي ئادەم.
ئادرېسىم بار مېنىڭمۇ چوقۇم،
باشقىلارنىڭ يۈرىكىدە ھەم.
روھىمدا بىر بوش ئورۇن
خىلۋەتتىكى بۇلاق كۆزىدەك.
قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈردەك،
ئۈستى ئوچۇق سۈرلۈك گۆر كەبى
ۋە يوغان ھاڭدەك.
سوغۇق خىيال تۇرار ھۇۋۇلداپ،
بىر كۆلەڭگە كېلەر يېقىنلاپ،
بىر كۆلەڭگە كېتىدۇ ئۇزاپ.
خىيالىمدەك،
ئوڭۇمدەك
سېغىنىشلىق دەردمەن تەلپۈنۈش،
نام، نىشانسىز ئۈن - تۈنسىز كۈتۈش.
قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە ھەردەم
گۈپۈلدەيدۇ مەلۇم بىر يۈرەك.
كىم بىرسىنىڭ مەستخۇش تىنىقى،
كىم بىرسىنىڭ پىچىرلاشلىرى.
چېچەكلەرگە قونغان باھاردەك،
بىخ لېۋىگە سۆيگەن شامالدەك
ئاستاغىنە ياقار قەلبىنى
جۆپلەپ قەلبىمگە.
كىملەر تۇرار
تەبەسسۇم خىياللىرىمدا،
كىم تولدۇرار ئاشۇ كاۋاكنى،
بىلمەيمەن ھەركەچ،
ئۇيقۇسنى ئۇخلايمەن كىمنىڭ،
كىمنىڭ چۈشى كىرەر چۈشۈمگە
قارا بېسىپ قالسا ناۋادا،
كىممۇ مېنىڭ ئۈستۈمگە
يېپىپ قويار گۈللۈك ئاسماننى،
كىمنىڭ ئوتلۇق كۆزىدە،
كۆزىتەرمەن بۇ كەڭ جاھاننى.
كىمنىڭ گۈلدەك ئاغزىدىن شۇدەم
تۆكەرمەنكىن غەمكىن ناخشامنى.
تونۇمايمەن سېنى ئەي قىزچاق،
كۆزۈڭ قانداق، چىرايىڭ قانداق؟
دېڭىزمۇ سەن داۋالغۇپ تۇرغان؟
ياكى تىپتىنچ بىر تال شەبنەمدەك،
يوپۇرماقتا ياتقان يۆگۈنۈپ.
بىلمەيمەن ھەتتا،
بارمۇ شايى - ئىپەك ياغلىقىڭ؟
گۈل بەرگىدەك خۇش بۇي كۆڭلۈكۈڭ،
شېرىن كۈلكەڭ، شوخ بېقىشلىرىڭ.
تونارسەنمۇ كۆرگەندە مېنى؟
چېقىلارمۇ كۆزۈم ئەينەكتەك،
ئاسادىيمۇ ئۇچراتسام سېنى؟
سېغىنىمەن سېنى خىيالەن،
قۇچاقلايمەن خۇش قامىتىڭنى،
ئېغىز سۆيەمەن يېتىرقاپ تۇرۇپ،
سىرلىرىڭغا بېقىپ ئۈمىدسىز،
ئۆز - ئۆزۈمگە ئىشىنەلمەي ھەم.
رەڭدار گىلەم توقۇپ چۈشۈمدىن
ئۇچرارمەن ئاخشامدا سېنى،
يارىتىمەن جۇشقۇن قۇياشتەك
ھەر سەھەردە ناخشامدا سېنى،
سەن يەنىلا ناتونۇش ماڭا.

قەلبىمدىكى بوش ئورۇن
كىمنىڭ ئۆيى،
بىلمەيمەن.
مۇھەببىتىم كىمگە تەئەللۇق،
كىم بىرسىنى ئىزدەيمەن،
ئىشەنچىم بار تېپىشقا تولۇق،
ئادرېسىڭ بار سېنىڭ ئەي ئادەم
ئىككىنچى بىر قەلبتە جەزمەن،
ئادرېسىم بار مېنىڭمۇ چوقۇم،
باشقىلارنىڭ يۈرىكىدە ھەم.

ئابدۇقادىر مۇھەممەت

# مېنىڭ ساۋاقدىشىم

(ھېكايە)

مەھەللىمىزنىڭ يۇقىرىسىدىكى دوقمۇشتا چاققانغىنە بىر ئاشخانا بار. ئۇ ئۆزىنىڭ مەززىلىك تائاملىرى، دەملەنگەن پۇراقلىق چايلىرى ۋە خۇش خۇي تەبەسسۇملۇك خوجايىنى بىلەن ئەتراپتىكىلەرنى ھەتتا خېلى يىراق يەردىكىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغانىدى. بۇ يەرگە، ئىشچىلار، كادىرلار، سېتىقچىلار، ئىچەرمەنلەر — يىللاپ يۈزىگە سوپۇن ياكى ئۇستۇرا سېلىپ باقمىغان «پەيانچۇك»، «زابوي» دەپ نام چىقارغان نوچىلار كېلىشىپ ئاشخانىنى كېچە-كۈندۈز ئاۋات قىلىشىپ تۇراتتى.

مەن ھەر كۈنى دېگۇدەك بۇ ئاۋات ئاشخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكىنىمدە، كەيپى چاغ ئادەملەرنىڭ قىزىق تالاش-تارتىشلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالاتتى-دە، قانداقتۇر بىر سىرلىق كۈچ مېنى ئىختىيارسىز ئاشخانا تەرەپكە سۆرەيتتى، مانا بۈگۈن يەكشەنبە كۈنى، بازار ئايلىنىپ يۈرۈپ، قانداقلارچە بۇ ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىمنىمۇ سەزمەپتىمەن، گەپتان خوجايىن ئۆزىنىڭ قىزىق گەپلىرى بىلەن ھەدەپ خېرىدار چاقىرماقتا ئىدى، ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان پولۇ، مانتا، چۆچۈرىلەرنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى دىماغقا ئۇرۇلۇپ، كىشىنى ئىختىيارسىز بۇياققا بۇرۇلۇشقا مەجبۇر قىلاتتى.

ئاخىرى مەنمۇ ئايىغى ئۈزۈلمەي كىرىپ چىقىۋاتقان خېرىدارلار قاتارىدا دۇكانغا كىردىم. ئاشخانا ئىچى ۋاراڭ-چۇرۇڭغا تولغانىدى، مەنمۇ ئۇستامنىڭ مەززىلىك چۆچۈرىسىدىن بىر چىنە ئىچمەش ئۈچۈن ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇشۇم بىلەن كىملەرنىڭدۇر پارىڭىنى ئاڭلاپ قالدىم.

— ئەنە، نۇجۇپ زابوي كەلدى.

— ئۇنىڭ چۆچۈرە ئىچكۈسى كەپتۇدە.

— ھە قاچان پۇلى يوق، دەپتەرگە خەتلەپ قوي دەيدۇ.

دۇكان ئىشىكىدە قىستىلىشىپ تۇرغان ئىككى گەۋدە بىر-بىرى بىلەن ئەنە شۇنداق گۇدۇڭلاشقاندىن كېيىن كېلىۋاتقان ئۆلپېتىنى تېرىكتۇرمەكچى بولۇشتى بولغاي، دۇگدىيىشىپ ئىشىكنى توسۇۋېلىشتى، ھېلىقى «زابوي» ئاياغلىرىنى سۆرەپ ئىشىك ئالدىغا يېتىپ كەلدى-دە، ئۆزىگە قىزىقىپ قاراپ تۇرغان ئىككى گەۋدىنى يەلكىسى بىلەن ئىتتىرىۋېتىپ دۇكانغا كى-

رىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭغا سەپسېلىشقا باشلىدىم. ئۇنىڭ چېقىر كۆزلىرى، چاڭگال ساقال بېسىپ كەتكەن ئۇزۇن ئېڭەكلىرى، قۇشنىڭ تۇمشۇقىدەك ئىلمەك بۇرنى ماڭا تونۇشتەكلا تۇيۇلدى ۋە بۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىلگىرىكى خاتىرىلەرنى ئېسىمگە سالدى، ئەينى يىللاردىكى شوخ، تېتىك، گەپدان ساۋاقدىشىم تۇرسۇن نۇجۇپ ئۆزىنىڭ پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۆزگىرىپ كەتكەن تەقى-تۇرقى بىلەن ئالدىمدا تۇرىدۇ، گويا مەن ھەممە نېمىسنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ پەرياد چېكىۋاتقان ئادەمگە يولۇقۇپ قالغاندەك كۆزۈمنى پارقىرىتىپ قاراپلا قالدىم. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ساغلام تۇرقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىنچىكە، ۋىجىك گەۋدە، پولتىيىپ چىققان قاپاقلار، ئاتىنىڭ يايلىسىدەك غۇژمەكلىشىپ كەتكەن چىگىش چاچلار ئىگىلىگەن ئىدى. توپا-چاڭدىن قېلىنلىشىپ كەتكەن ياغاق يۈزى خۇددى ئاپتاپتا قالغان تېرىدەك تارتىشىپ قورۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ قاچانلاردىن بېرى بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن خەۋىرىم يوق ئىكەن، بىر ۋاقىتلاردا قىزلارنى ئۆزىگە خېلىلا مەپتۇن قىلىدىغان جاراڭلىق، سۈزۈك ئاۋازلىرىمۇ ئۆزگىرىپ خىرقىراپ قالغانىدى، ئۇنىڭ يانچۇقىدا قىڭغىيىپ ئۇچى چىقىپ تۇرغان ھاراق بوتۇلكىسى خۇددى قاسساپنىڭ بوي تاسمىسىدەك پۇلاڭلاپ تۇراتتى.

— ئۇستام ماڭا مانتا بەرسىلە، — دېدى ئۇ ئۈستەلگە ئولتۇرۇپ.

قىزىقچى خوجايىن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلغاچ بىر چىنە چۆچۈرىنى ئەكىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى.

— بەللى، ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدىمۇ جان بار، — دېدى تۇرسۇن نۇجۇپ چۆچۈرىنى خوجايىننىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ ۋە بىر تۇتام پۇلنى پوكەيگە تاشلىدى.

خوجايىن گەپ قىلماستىن بىر تەخسىدە مانتا ئەكەلدى. تۇرسۇن نۇجۇپ تەخسىدىكى مانتىنى كىرلىشىپ كەتكەن قول ياغلىقىغا تۈگدى. ئاندىن ئاشقان پۇللارنى چاڭگاللاپ چاپىنىنىڭ بىر يېرىگە جايلاشتۇردى-دە، دەلدەڭشىگەنچە ئالدىمغا كېلىپ:

— سەنمۇ ماڭا نېمە پاقا تەشكەن سۇيىمدەك قاراپ قالدىڭ! سېنىڭمۇ گېپىڭ بارمۇ يا؟ — دېدى ئۇ كۆزۈمنىڭ ئالدىدا مۇشتلىرىنى پۇلاڭلىتىپ.

— سىز، تۇرسۇن نۇجۇپ ئەمەسمۇ، — دېدىم مەن ئورنۇمدىن تۇرۇۋېتىپ.

— نېمە؟ — دېدى ئۇ ھېقىقەتەن سىلكىنىپ تۇرغان بېشىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ، — سەن كىم؟

— مەن، ئىسلام ئەمەسمۇ.

— ئىسلام؟...

— ھە، مەن ئىسلام، بىز مەكتەپتە بىللە ئوقۇمىدۇقمۇ، سىز مېنى تونىيالمىدىڭىزمۇ؟!

— قوي! قۇرۇق گەپلىرىڭنى، مېنى ھازىر نۇجۇپ «زابوي» دېيىشىدۇ، — دېدى ئۇ «زابوي» سۆزىنى ئۈنلۈكرەك توۋلاپ.

بۇنىڭدىن ئۇنىڭ مۇشۇ نامىدىن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندىم. مەن يەنە ئۇنىڭدىن نېمىلەرنىدۇ سورىماقچى بولساممۇ، بىراق، ئۇنىڭ بۇ ئەپتىدىن ھېچقانداق جاۋاب ئالالمايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتتى-دە، ئاغزىمنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گېپىمنى يۇتۇۋەتتىم.

ئۇ كېتىپ باراتتى، سىمىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇردىن ئۇ يەر بۇ يەردە كۆلچەك

ھاسىل بولغان بولۇپ ئۇنىڭ مەستلىكتىن
پۈكۈلگەن تىزلىرى ئۇنى خالىغانچە ئاشۇ
يامغۇر كۆلچەكلىرىگە سۆرەيتتى، ئەنە، ئۇ
ئورنىدىن تۇردى، لېكىن شۇ ھامان يەنە
يىڭى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك پۇلاڭلاپ يې-
قىلدى، ئەمدى ئۇ ئورنىدىن تۇرالمىدى.
مەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشنى ئويلىغان بول-
ساممۇ، ئۇنىڭ پاتقاققا مىلەنگەن ئەپتى-
بەشىرىسى مېنى يىرگەندۈرەتتى، بىر ھازا-
دىن كېيىن ئۇ ئورنىدىن تۇردى، بىراق
ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك
ئۇنى بىر ۋېلىسىپىت كېلىپ سوقۇۋەتتى،
ئەمدى ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرالمايدىغانلىقىغا
كۆزۈم يەتتى-دە، بايىقى يىرگىنىشلەرنى
قايرىپ قويۇپ ئۇنى يۆلەپ قويماقچى بولۇپ
ئىرتقا ماڭدىم، لېكىن تالاغا چىقىپ قارىسام
ئۇ يىقىلغان يېردە يوق ئىدى، مەن ھاڭ-
تاڭ بولۇپ قالدىم.

ئۇ مەھەللىمىزدە يەنە پەيدا بولۇپ
قالدى، ئۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىمقى ئۇچرى-
شىش بىر ئاز غەلىتەرەك بولدى، ئۇ كوچىدا
ئۇياققا-بۇياققا ئۇرۇلۇپ ئارانلا كېتىۋاتات-
تى، ئۇنى بىرقانچە ئۇششاق باللار ئوراۋال-
غان بولۇپ چاپىنىنىڭ پېشىنى تارتىپ، قول-
لىرىدىكى ياغاچ بىلەن نوقۇشاتتى، پۈتۈن
ئەس-ھوشىنى يوقاتقان ساۋاقدىشىمنىڭ
بالارغا تەڭ كەلگۈدەك ھالى يوق ئىدى،
مەن دەرھاللا باللارنى ھەيدىۋەتتىم-دە،
ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەردىم ۋە
ھېلىقى ئاشخانىغا تەكلىپ قىلدىم.

— سەن كىم؟ — دېدى ئۇ قېقىلىپ
تۇرۇپ.

— مەن ئىسلام بولىمەن، سىزنىڭ
ساۋاقدىشىڭىز.

— ھە... ئىسلام، سەن نېمە ماڭا
سالجىدەك يېپىشىۋالىسەن، زادى نېمە
گېپىڭ بار؟

— مەن سىز بىلەن پاراڭلاشماقچى،
خېلىدىن بېرى سىزنىڭ خەۋىرىڭىزنى ئا-
لالماي يۈرگەنىدىم، مانا بۈگۈن ئۇچرى-
شىپ قالدۇق. يۈرۈڭ ئاشخانىغا كىرىپ
پاراڭلىشايلى.

— ئاشخانىغا؟ — دېدى ئۇ سوغۇق
كۈلۈپ ۋە بىلىكىنى تۇتقان قولۇمنى قېقى-
ۋەتتى، — ئۆزۈم ماڭىمەن.

بىز ھېلىقى ئاۋات ئاشخانىغا كىردۇق،
مەن ئۇستامغا ئىككى كىشىلىك تاماق بۇي-
رۇتۇپ، خالىراق ئورۇن تېپىپ بېرىشىنى
مۇراجىئەت قىلدىم.

— بار ئۇكام، ئاشخانىنىڭ ئىچىدە
ئايرىم ئۆي بار، نۇجۇپ ئەپەندىمنى مېھ-
مان قىلماقچىكەنسىز-دە، — دېدى ئۇستام
سېمىزلىكتىن پارقىراپ كەتكەن يۈزىنى
لىغىرلىتىپ.

— تۇرسۇن بىلەن ئىككىمىز كونا سا-
ۋاقداش، بۈگۈن بىردەم پاراڭلىشىپ ئول-
تۇرساق دەيمەن.

— ياخشى بوپتۇ ئۇكام، بۇ ئەپەندىمنى
قانچىلىك كۈتسىڭىز ئەرزىيدۇ، — دېدى ئۇس-
تام ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش بولۇپ.

مەن ئۇستامنىڭ يۇقىرقى گەپلىرىنىڭ
چاقچاق ياكى راستلىقىغا گۇمان قىلغىنىمچە
ئۇستام كۆرسەتكەن ئورۇنغا تۇرسۇننى ئول-
تۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزۈم يۈگۈرۈپ تالاغا
چىقىپ بىر بوتۇلكا ھاراق ئېلىپ كىرىپ
جوزىغا قويدۇم. ئۇ، ئورۇق، تىترەپ تۇرغان
قوللىرىنى بوتۇلكىغا سوزۇپ ئۇنى ئۈستەلدىن
يۇلۇپ ئالدى-دە، خۇددى ئىت سۆڭەك
پۇرىغانددەك بۇرنىغا يېقىن ئەكېلىپ پۇرى-
دى، ئاندىن:

ــ نېمە دەپتۇ ئوقۇغىنە! قانداقراق
نېمىنى ئەكەلدىڭ، گىرادۇسى نەچچىكەن؟ــ
دېدى ئۇ ماڭا هاراقنى تەڭلەپ.
ــ ئىلى داچۈي، ــ دېدىمەن هاراق-
نىڭ ماركىسىغا قاراپ.
ــ تازا نۇجۇپ ئەپەندىمنىڭ كۆڭلى-
دىكىسىنى ئەكەپسىز، ئەپەندىم، ــ دېدى
ئۇستام قىزىق دەملەنگەن چاينى پىيالىگە
قۇيۇۋېتىپ، ــ ئۇنداق تۇرغىنى بىلەن تاللاپ
ئىچىدۇ بۇ... ساۋاقدىشىم دېدىڭىزما، هە، بۇ
قالتىس ئادەم جۇمۇ، سىلى ئاشخانىنىڭ
تېمىدىكى رەسىمگە زەن سالغانىلا، سىلىچە
شۇ رەسىمنى كىم سىزغاندۇ؟
مەن ئۇدۇل تامدىكى تاغ ئۆشكىسى
چۆشۈرۈلگەن ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشكە سىن-
چىلاپ قاراشقا باشلىدىم، ئاندىن كۆڭلۈمدە
بۇ بىر تالانت ئىگىسىنىڭ ئىجادىيىتى ئە-
كەنلىكىنى جەزىملەشتۈردۈمدە:
ــ ئۇستام، بۇنى ئەلۋەتتە ئۇستا رەس-
سام سىزغان، ــ دېدىم كېسىپلا.
ــ بۇ رەسىمنى سىزغان ئىجادىيەتچى
مانا ئالدىڭىزدا ئولتۇرغان مۇشۇ ئەپەندىم
بولىدۇ، بۇنى ئۇ سەككىز يىلنىڭ ئالدىدا
سىزغان. مەن شۇڭا بۇ ئەپەندىمنى قەدىر-
لەيمەن، ئۇنىڭ ئۇستىبېشى جۇل - جۇل
بولغىنى بىلەن ئىچى ساپ بىلىمگە تولغان
ئادەم... نېمە ئۈچۈن نۇجۇپ ئەپەندىمدەك
كىشىلەر ئەرزىمەس تاشلاندۇق بولۇپ
قالىدىغاندۇ؟
مېنىڭ قۇلىقىمغا ئۇستامىنىڭ گېپى
كىرمەيتتى، كاللامدىكى خىياللار چىگىشلە-
شىپ خۇددى ئېزىپ قالغان يولۇچىدەك
گاڭگىراپ قالدىم، مەن بىر رەسىمگە بىر
تۇرسۇن نۇجۇپقا قارىغىنىمچە ئۇستامنىڭ
ساۋاقدىشىمغا قىلغان مۇئامىلىسىنىڭ ئورۇن-
سىز ئەمەس ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈردۈم-
دە، تۇرسۇن نۇجۇپنىڭ مۇشۇ رەسىمنى
سىزغانلىقىغا تولۇق ئىشەندىم. چۈنكى ئۇ-
نىڭ مەكتەپتىكى ئۆتكۈرلۈكى، زېرەكلىكىدىن
ئېيتقاندا، بۇ تامامەن مۇمكىن ئىدى،
ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ ئىككى قولى يوق
ئادەمنىڭ پۇتىغا قەلەمنى قىستۇرۇپ خەت
يېزىۋاتقان كۆرۈنۈشنى سىزىپ، مەكتەپ
بويىچە داڭ چىقارغانىدى.
ــ توغرا تۇرسۇن مەكتەپتىكى چېغى-
دىمۇ رەسىمنى ياخشى سىزاتتى، ــ دېدىم
مەن ساۋاقدىشىمدىن پەخىرلىنىپ.
ــ مانا ئوبدان گەپ، ــ دېدى ئۇستام
چىنىگە چاي قۇيۇۋېتىپ، ــ نۇجۇپ ئەپەن-
دى، ساۋاقدىشىڭىز خېلى تۈزۈك ئادەمكەن،
قېنى بېشىڭىزدىن ئۆتكەن ئاشۇ كەچۈرمىشـ
لىرىڭىزنى بىر تۆكۈپ ئىچىڭىزنى بوشىتىـ
ۋېلىڭ، بەلكىم يەڭگىللەپ قالارسىز...
ــ مېنى بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭلار، مەن
بۇ ئىشلارنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەن،
توغرا، مەن ئاشۇ رەسىمنى سىزغان، بىراق،
ئۇ چاغلاردا قولۇمدا قەلەم تۇختايتتى،
هازىر كاردىن چىققىم، خۇددى كۆتۈرەم
بولۇپ قالغان هۆكۈزدەك خارابلاشتىم، ــ
دېدى ئۇ يېرىم چىنە هاراقنى بىراقلا
كۆتۈرۈۋېتىپ، ئاندىن ئىڭەكلىرىدىن ساقىپ
چۈشۈۋاتقان هاراق يۇقۇندىلىرىنى قولىنىڭ
كەينى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ سۆزىنى داۋام-
لاشتۇردى، ــ مەن بىر ئىچەرمەن زابوي،
سىز مېنى بىچارە كۆرگەن بولسىڭىز ئەپەنب-
دىم خاتالاشتىڭىز، مەن سىزدەك ئادەمنىڭ
خەيرى خاھلىقىغا موهتاج ئەمەسمەن، مەن
هېچقانداق كىشىنىڭ ئالدىغا بېشىمنى ئې-
گىپ بارمىغانمەن هەم بارمايمەن...
ــ ئۇنىڭ گېپى ئۈزۈلدى، چۈنكى ئۇ-

نىڭ قوپال يەلكىلىرى بوغۇلۇپ
چىقىۋاتقان يىغىدىن تىترىمەكتە ئىدى،
ھاراق بارغانسېرى ئۆز كۈچىنى كۆرسە-
تىپ ئۇنى خالىغانچە ئىسكەنجىگە ئېلىۋال-
غانىدى، ئۇ تۇرۇپ-تۇرۇپ گېپىدىن ئا-
زاتتى، يەنە تۇرۇپلا ئۆز يولىغا چۈشەتتى.

— مەن ھەممە نېمىدىن ئايرىلدىم، —
دېدى ئۇ ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چاڭ-
گاللاپ تۇرۇپ، — سىز مېنى ساۋاقدىشىم
دېدىڭىز ئەپەندىم، بۇ مەن ئۈچۈن پۈتۈن-
لەي يات گەپ، مەن قانداق قىلىپ سىزنىڭ
ساۋاقدىشىڭىز بولاي، بەلكىم شۇنداقمۇ
بولغاندۇ؟ — ئەمدى ئۇ ئۆزى سوئال قويۇپ
ئۆزى جاۋاب بەرمەكتە ئىدى، مەن ئۇنىڭ
سۆزىنى بۆلمەسلىك ئۈچۈن تىنچ ئولتۇ-
رۇپ ئاڭلىماقتا ئىدىم. پات-پات تاماكا
تۇتاشتۇرۇپ بېرەتتىم.

— راست، مەن بىر چاغلاردا مەكتەپ-
لەردىمۇ ئوقۇغان، — دېدى ئۇ سۆزىنى
باشلاپ، — ئوقۇغاندىمۇ تازا ئەلا ئوقۇغان-
مەن، — ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندە كۈلۈمسى-
رەپ قويدى، — مەن مەكتەپنىڭ ئالدى ئى-
دىم، ھەممىلا پەندە نەتىجەم ئۈستۈن ئى-
دى، دەرسلەرنى ھاراقنى سۈمۈرگەندەك
سۈمۈرۈپلا ئالاتتىم، مەندىكى بۇ ئالاھىدى-
لىك نەدىن كەلگەنلىكىنىمۇ بىلمەيمەن.
ئوقۇتقۇچىلىرىم، ساۋاقداشلىرىم مېنى بەكمۇ
ھۆرمەت قىلاتتى، ئۆزۈم بىر قولۇمدا ئوتنى،
بىر قولۇمدا سۇنى كۆتۈرۈپ يۈرۈدىغان
بەك شوخ بالا ئىدىم. مەكتەپنىڭ، ئاتا-
ئانامنىڭ، ئەل-يۇرتنىڭ مەندىن كۈتكەن
ئۈمىدى زور ئىدى، ئۆزۈمنىڭمۇ ئاجايىپ
تاتلىق غايىلىرىممۇ بار ئىدى، ئەپسۇسكى
ھەممىسى بىر كېچىدىلا بەربات بولدى،
ھەممە قولدىن كەتتى، ھەممىسى تۈگىدى، —
ئۇ بىر پەس جىم بولۇۋالغاندىن كېيىن،
قولىدىكى تاماكىسىنى كۈچەپ بىر شورىۋې-
لىپ دېدى، — ئەپەندىم، ئۆتكەنكى ئاچچىق
ئەسلىمىلەرنى يادىمغا سېلىشقا مەجبۇر قىلى-
ۋاتىسىز، بۇ مېنى تىرىك تۇرغۇزۇپ سويغانغا
ئوخشاشلا بىر ئىش، ئاھ، تەغدىر، قىسمەت،
بۇلارنىڭ ھەممىسى مەندىن يۈز ئۆرىدى،
ھالىم دېڭىزدا قالغان يەلكەنسىز قولۋاقتەك
خارابلاشتى، مۇدھىش قىسمەتنىڭ نېمە
ئۈچۈن مېنى بۇنچىلىك ئىسكەنجىگە ئېلى-
ۋالغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئېھتىمال خۇدانىڭ
بەختلىكلەر رويخېتىدە مەن يوقتۇرمەن.
بەلكىم پېشانەمگە پۈتۈلگىنى شۇدۇر. قى-
قىسى ھاياتىم خاتا ماڭغان شاھمات ئورۇ-
قىدەك چېچىلىپ كەتتى، — تۇساتتىن ئۇ،
ئۈستەلگە شۇنداق قاتتىق مۇشتلىدىكى، ئۈس-
تەل ئۈستىدىكى چىنە ۋە ھاراق بوتۇلكى-
لىرى جاراڭلاپ يەرگە دومۇلىدى، ئۆزۈممۇ
نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي، ئورنۇمدىن
سەكرەپ تۇرۇپ كەتتىم.

— ئولتۇرۇڭ ئەپەندىم — دېدى ئۇ
يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك، — قورقماڭ،
مەن بەزىدە مۇشۇنداق بولۇپ قالىمەن.
ھاراقتىن ئەندىشە قىلماڭ، مانا بۇ يەردە
بىر بوتۇلكا بار، قېنى ئۆزىڭىزگىمۇ، ماڭىمۇ
قۇيغاچ ئولتۇرۇڭ، بايىقى ياۋايى قىلىقلى-
رىمنى ئەپۇ قىلىڭ! — ئۇ ئالدىمىدىن بو-
تۇلكىنى يۇلۇپ ئالدى-دە، چىنىگە لىق قۇ-
يۇپ بىرلا كۆتۈرۈۋەتتى، ئاندىن، — مەن
سىزنى ھاراققا زورلىمايمەن، بۇنى بەسلىشىپ
ئىچىدىغان نەرسە ئەمەس، توختاڭ! ئەپەن-
دىم، مەن سىزگە نېمىلەرنى بىلجىرلاپ
كەتتىم ھوي، گەپنىڭ پوسكاللىسىغا كەلسەك،
ئۇكام، شۇنداق قىلىپ، مەكتەپنى پۈتتۈرى-
دىغان يىلى ئاپام بىلەن دادام ئاجرىشىپ

كەتتى، ئاڭلىسام چىقىشالماپتىمىش، قۇرۇق گەپ! بۇنىڭ ھەممىسى دادامنىڭ بۇزۇقچىلىقىدىن بولغان. كېيىن دادام ئۆزىنىڭ ئاشنىسى ھۆرلىقا سەتەڭ بىلەن توي قىلىۋالدى، ھۆرلىقا سەتەڭ دېگەن بۇ پاسكىنا بۇرۇن كۈندە دېگۈدەك ئۆيگە كېلىۋالاتتى، قوغلىساقمۇ كەتمەيتتى، مەن ئۇ چاغدا ئاپامنىڭ بۇ ئايالدىن باشقا يېقىن دوستى يوق ئوخشايدۇ دەپ يۈرۈپتىمەن، ئۇنىڭ، ئاپامنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋالغان ئادەم سۈرەتلىك قانجۇق ئىكەنلىكىنى كىم بىلگەن دەيسىز، ئۇ ئاقىۋەت ئۆيىنى بۇزدى. دادامنىڭ كۆزىگە 30 يىللىق ئۆي تۇتقان، بار-يوقنى تەڭ كۆتۈرگەن، ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالىلارنى قانتىغاقان تەڭكۈزمەي بېقىپ چوڭ قىلغان ئايالى كۆرۈنمەدى، بىزدىن يۈز ئۆردى، ئاپاممۇ مۇنداق نائەھلى بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇۋېرىشنى مۇۋاپىق كۆرمەي ئاجراشماقچى بولدى، بۇلارنىڭ دە-تالاشلىرى ئاقىۋەت پەرزەنتلىرىنىڭ ئىستىقبالىنى نابۇت قىلىش ھېسابىغا ئاخىرلاشتى، مەن ئاپامنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم، ئىككى ئۇكام كىچىك بولغانلىقتىن ئۇنىڭ ئالدىدا قالدى...

ئۇنىڭ گېپى ئۈزۈلدى، ئۇ ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چاڭگاللىغانچە قاتتىق-قاتتىق ئۇھ تارتتى. شۇنداق بىر دەم ئولتۇرغاندىن كېيىن يەنە سۆزىنى باشلىدى:

— دادامنىڭ خۇددى خاسىيەتلىك تۇمار ئېسىۋالغان ئادەمدەك ئامەتلىك ئىكەنلىكىگە ھەيران بولاتتىم، چۈنكى ھەممىلا ئىش دادامنىڭ ئارزۇسى بويىچە توغرىلىنىدى، ئەكسىچە ئۇنىڭ 30 يىللىق تۇتقان ئائىلىسى خۇددى ئۇۋىسى بۇزۇلغان قۇشتەك توزىغاندى. بۇ ئائىلىنىڭ باغرى كەڭ، ياخشى كۈنلىرىمۇ كېلىدۇ، يامان كۈنلىرىمۇ كېلىدۇ دېگەندەك، ياخشى ئادەملەرنىڭ خەيرى-ساخاۋىتى بىلەن ئاز-تولا ياخشى كۈنلەرگىمۇ ئېرىشتۇق، بىز ئۆيدىن چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاپامنىڭ بىر يۇرتلۇقى ئابلا زاسۇيپەز دېگەن كىشىگە يولۇققاندۇق. ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىنى بىكارلاپ، بىزنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ئۇ كىشى تازا شاگىرتقا زار بولۇپ بېشى قېتىپ تۇرغاندا يولۇققۇپتىمىز، شۇنىڭ بىلەن ھەممىنى ئۇنتۇپ زاسۇيپەزلىككە كىرىشىپ كەتتىم. شۇنداق قىلىپ مەكتەپ، ئوقۇش، غايە دېگەنلەر ئاللىقانداق يەرلەرگە چۆرۈپ تاشلاندى. ھەدەپ جان بېقىش بىلەن بولۇپ كەتتۇق. مەن ئۇ ئادەمنىڭ يامان كۈنلەردە بېشىمىزنى سىلىغانلىقىنى بىر مىنۇتمۇ ئېستىن چىقارمىغانلىقىم ئۈچۈن، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپلا كەتتىم. ئۇ چاغدا كېيىنچەرەك لازىم بولار دەپ بەش-ئون كوي پۇل تاشلاپ قويماپتىمەن، پېشانەمگە پۈتۈلگىنى شۇ بولسا، مەڭگۈ مۇشۇ يەردە ئىشلەپ قالىمەن دەپ ئويلاپتىمەن، ئۆيدە تۈزگەن پىلان تالاغا توغرا كەلمەپتۇ دېگەندەك، ئاقىۋەت بۇ ئېشىمىزغىمۇ چىۋىن چۈشتى، بىر كۈنى ئۇ ئادەم ئۆيگە كىرىپ كەلدى ۋە تەرىنى تۈرۈپ:

— ئۆينى بوشىتىڭلار، دۇكان تارلىق قىلىپ قالدى، ئەمدى مۇشۇنچىلىك كۈتكىنىم يېتەر، خۇدانىڭ زېمىنى كەڭ، سىلەرگە يەنە ماڭا ئوخشاش خەيرى-ساخاۋەتچى يولۇقۇپ قالار، — دېدى. گەپ تۈگىدى. بۇ يەردىن كەتمەي بولمىدى، يۈك-تاقلىرىمىزنى كۆتۈردۇقتە يولىمىزغا ماڭدۇق، ئۇ-

ياقتىن ـ بۇياقتىن سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ، ئاپامنىڭ يېقىن تۇغقىنى ناسىر كۆنچىنى تاپتۇق، ھازىر بۇ كىشى تېرىچىلىق قىلىدىكەن، بىزنى كۆرۈپ ھەر ھالدا ئوچۇق-يورۇق قارشى ئالدى، تېرە بېسىپ قويغان بىر ئېغىز ئۆيىنى بىكارلاپ بەردى، بۇ، ئۆي كىچىك بىر قازناق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاچچىق تېرە پۇرۇقى گۈپۈلدەپ پۇراپ كۆڭۈلنى ئاينىتاتتى. ئۆينى سۈپۈرۈپ تازىلاشقا بىر كۈن كەتتى، ھەر ھالدا جايلىشىۋالدۇق، بىز ناسىر كۆنچىنىڭ ياخشى نىيىتىگە مىڭ قەتلى رەھمەت ئېيتتۇق، ناسىر كۆنچىنىڭ ئايالى ئوچۇق كۆڭۈل، خۇش چاقچاق ئايال بولغانلىقى ئۈچۈن، بىزنى ئۆز كۆرۈپ كەتتى، كۈندىلىك تامىقىدىن ئايرىمىدى، مەن ھەر كۈنى ئەتىگەن تۇرۇپ ئۇستام بىلەن يېرىم كېچىگىچە ئىشلەيتتىم. موزاينىڭ يوغۇرۇشى سامانلىقىچە، دېگەندەك بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزمۇ ئوزۇنغا بارمىدى، بىر كۈنى ئۇ كىشى ئەتىگەندىلا ئۆيگە كىرىپ كەلدى:

— تۇرسۇنجان ئۇكام، خاپا بولماي ئۆزۈڭ باشقا بىر يەردىن ئىش ئوقۇشۇپ باق، ئاپاڭ بىزنىڭكىدە تۇرۇپ تۇرسۇن، بىز ئۇرۇق-تۇغقان ئادەملەر بىر-بىرىمىزنىڭ دەردىگە يەتمىسەك بولماس، داداڭ ئەسكىلىك قىلىپتۇ، خۇدايىم ئۇنىڭ جاجىسىنى ئۆزى بېرەر، ئەمدى سىلەردىن ئۆينىڭ ئىجارىسىنى ئالمايمەن، ئۇكام، ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەن، تېرىچىلىقتىن ھېچقانچە پايدا يوق، — دەپ چىقىپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ بىرەر ئىشنىڭ ئېپىنى قىلىش ئۈچۈن ئىزدەپ چىقىپ كەتتىم، بىر چاغلاردا ساندۇقچىلىق قىلىپ يۈرگەن ياغاچچى ذوپۇر ئۇستامنىڭ ئۆيىنى سۈرۈشتۈرۈپ تاپتىم ۋە ئۇدۇللا ئىش ئورنىغا كىرىپ كەلدىم، قورۇدا ھارۋىنىڭ شوتىسى، يېڭىلا پۈتكەن ساندۇق ۋە ئۆرە ئىشكاپلار قاتار قويۇلغانىدى. مەن ئىچىمدە مانا ئىش دېگەن، دەپ خۇشال بولغۇنۇمچە ئۇستامنى تېپىپ ئەھۋالنى ئېيتتىم.

— ھەي، ئۇكام تۇرسۇن، ئىش ئىزدەپ كەلگىنىڭغۇ بەك ياخشى بوپتۇ، ماڭىمۇ ساڭا ئوخشاش تازا كۈچى بار ئەر كېرەك بولۇۋاتىدۇ، بىراق، مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئىش يوق، بازار كاسات، ھازىر كىشىلەرگە مال ياراتماق تەس، مىڭ بىر جاپا بىلەن ياسىغان نېمەڭنى خۇددى سويمىنى تاللىغاندەك ئۇياققا ـ بۇياققا ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ، قاملاشماپتۇ دەيدۇ، يەنە كېلىپ مودىدىن قاپتۇ، ئالالمايمەن دېگەن گەپلەر بىلەن زىتىڭغا تېگىدۇ، ھەي ئۆز ۋاقتىدا زاكازنى ئىشلەپ ئۆلگۈرەلمەيتتۇق، ھازىر زورلاپمۇ ساتالمايسەن، گەپنىڭ پوسكاللىسى، ھۆنەرنىڭ كارغا كەلمىسە تۇگەشكىنىڭ شۇكەن، ھەي، مەن ساڭا لىللا گەپ قىلسام، ھازىر ئەڭ ياخشى ئاقىدىغان ئوقەت كاۋاپچىلىق، كاۋاپچىلىقتىن باشقىسى بىكار.

مەن خوش ئاكا دەپلا چىقىپ كەتتىم، كاللامدىكى چىگىش خىياللار مېنى مەسخۇش كىشىدەك قىلىپ قويغانىدى. بىزنىڭ پېشانىمىزگە پەقەتلا كاۋاپچىلىق، زاسۇيپەزلىك، تېرىچىلىق قىلىشلا پۈتۈلگەنمىدۇ؟ ئەمدى ئەۋلادلىرىمىزمۇ بىزدىن مۇشۇ ئوقەتنى ئۆتكۈزۈۋالارمۇ؟ ئېيتىڭا ئەپەندىم! — دېدى ئۇ ماڭا تۇساتتىن سوئال قويۇپ، ئاندىن يەنە ئۆزى كېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئوقۇش، ئۆگىنىش دەيمىز، خوش نېمىسنى ئوقۇيدۇ؟ قانداق قىلىپ ئوقۇيدۇ؟ نەگىلا بارساڭ كۆزىنى يۇقىرىتىپ

پۇل تاپشۇردىگەن، قېنى پۇل؟ پۇل نەدە؟ ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ئەپەندىم، ئاقىۋەت مەن پۇل ئۈچۈن نىمىلەرنى قۇربان قىلدىم؟ مانا ئارىدا نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى، قېرىدۇق، چاچلىرىمىزغا ئاق كىردى، ئەمدىلىكتە...

ئۇنىڭ گېپى ئۈزۈلدى، ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندە بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىۋىلىپ تاماكىسىنى خېلى ئۇزۇنغىچە شورىدى، ئەھۋالغا قارىغاندا ئۇنىڭ گېپى تۈگەپ قالغاندەك قىلاتتى، ئۇستام ئاخىرقى خېرىدارلارنى ئۇزىتىپ دۇكاننى تاقاشقا تەرەددۇت قىلىۋاتاتتى.

— ياشلىق دەۋرىمىزگە قايتىمىز، دېسەك، — دەپ يەنە گېپىنى باشلىدى ئۇ بوتۇلكىدىكى ئاخىرقى بىر يۇتۇم هاراقنى ئىچىۋالغاندىن كېيىن، — قايتىدىن تۇغۇلۇشىمىز كېرەك، بۇ، مۇمكىنمۇ؟ باشتا كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ دېگەندەك ئەمدى نېمە ئامال؟ قىسقىسى ۋاقىت قولىدىن كەتتى، ئەمدى پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا يوق، بۇنىڭغا كىم ئەيىپلىك؟! بەلكىم ئۆزۈمنىڭ شۇر پېشانىلىقىم ئەيىپلىكتۇر، ئەپەندىم، سىز بولسىڭىز باشقا گەپ...— ئۇنىڭ گېپى تۈگىدى. ئارىلىقتا كىشىنى زەرداپ قىلىدىغان جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى، ئاشخانا ئىچىدە ئۇستامنىڭ تاراق-تۇرۇقنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھېچقانداق تىۋىش يوق ئىدى، مەنمۇ خۇددى چوڭقۇر قۇدۇقنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەنكەندەك جىمىپلا كەتتىم. گويا ھاۋا يېتىشمەيۋاتقاندەك دېمىم كېسىلىپ، بىئارامچىلىق ھېس قىلىشقا باشلىدىم، گەپنىڭ ئۇچۇقىنى ئېيتسام ئۇنىڭغا نېمە دەپ تەسەللى بېرىشنى بىلمەيتتىم. شۇ تاپتا ئۇنى قايىل قىلغۇدەك قابىلىيەتمۇ مەندە يوق ئىدى، تۇساتتىن كاللامغا لىپ قىلىپ بىر پىكىر كەلدى-دە، خۇشاللىقىمدىن گەپ ئاچتىم:

— تۇرسۇن! بۈگۈن سىز بىلەن كۆپ پاراڭلاشتۇق، ئەھۋالىڭىزنى ئاڭلىدىم، ھەقىقەتەن سىز كۆپ قۇربانلارنى بېرىپسىز. ئاتقان ئوق كەينىگە يانمىغاندەك، ئۆتكەن كۈننى كەينىگە ياندۇرۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس، شۇنداقتىمۇ سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ دېگەندەك، بىز بىر ئامالىنى قىلىپ كۆرەيلى، مەن سىزنى گۈزەل سەنئەت كارخانىسىغا تونۇشتۇرۇپ قوياي، كارخانا مۇدىرى ۋەلى ئەكبەر دېگەن كىشى ماڭا ھۆسن خەت يېزىش قابىلىيىتى بار بىرەرسىنى تونۇشتۇرۇپ قويۇشۇمنى ئېيتقانىدى، مەن سىزنى بۇ ئورۇنغا بەكمۇ مۇۋاپىق كۆردۇم، سىز تېخى ياش ئىكەنسىز، بۇ يېشىڭىزدا تېخى نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ، سىز ئەتىلا بېرىڭ، مەن مۇدىرغا تونۇشتۇرۇپ قوياي، — دېدىم مەن.

— مانا بۇ ئىنتايىن ئورۇنلۇق گەپ بولدى، شۇنداق قىلىڭ نۇجۇپ ئەپەندى، مانا بېشىڭىز ساقايدى دېگەن گەپ، بۇ، كىشى ھەقىقەتەن سىزنىڭ قىيامەتلىك دوستىڭىز ئىكەن، پېشىنى ئوبدان تۇتۇڭ، — دېدى ئۇستام خۇشاللىقىدىن ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي.

— رەخمەت ئاغىنە، مەنمىغۇ شۇنداق راق ئورۇن بولسا ئىشلەي دەپ يۈرەتتىم، ئەمدى بۇ ئىشقىمۇ چۈشىپ چۈشۈپ چەك باسماي قالمىسلا، بولدى، ئەتىلا باراي.

بىز ئۇستام بىلەن خوشلىشىپ ئاشخانىدىن چىقتۇق. قاش قارايغان چاغ بولۇپ، يول چىراغلىرى ئاسفالت يوللارنى يوپ-يورۇق قىلىۋەتكەندى، ماشىنىلارنىڭ سىگناللىرى، ۋېلىسىپىتلەرنىڭ قوڭغۇراقلىرى، ئادەملەرنىڭ ئۈزۈلمەي ئۇياقتا-بۇياقتا ئۆتۈپ تۇرۇشلىرى كۆڭلىمىزدىكى غەم ئەندىشىلەرنى خالاس قىلىپ بىزنى خۇددى

قۇشتەك يېنىك قىلىپ قويىغانىدى، بىز
پاراڭلاشقانچە شەھەرنىڭ ئاۋات رەستىلىرىنى
ئارىلاپ كېتىۋاتىمىز. قىزىپ كەتكەن كەچكى
بازار ھەدەپ خېرىدار چاقىرماقتا. دېمەك
بىر كۈنلۈك ھايات ئۆزىنىڭ ئەڭ گۈزەل
رېتىمى بويىچە جۇش ئۇرماقتا ئىدى، شۇن-
داق قىلىپ ئىككىمىز ئەنە كۆرۈشمەكچى
بولۇپ خوشلاشتۇق، ئۇ بۈگۈن شۇنچىلىك
كۆپ ئىچكەن بولسىمۇ مەستت بولمىغانىدى،
ئۇ، يەرنى گۈس - گۈس دەسسەپ ئىككى
قولىنى يانچۇقىغا سالغىنىچە ئىچىدە قانداقتۇر
بىر ناخشىلارغا غىڭشىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ
بۈگۈن بەكمۇ خۇشال ئىدى.

تاسادىپىيلىككە تولغان بۇ ئالەمدە،
بەزى ئىشلار يۈز بېرىشنىڭ ئالدىدا بىرەر
شەپىسى كېلىدۇ، ھالبۇكى بەزى ئىشلار
مەلۇم شارائىتتا مەلۇم دائىرىدە شۇنداق
تاسادىپىي يۈز بېرىدۇكى، ئۆزۈڭنى ئوڭشى-
ۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەيسەن. داڭ قېتىپ
ھەيران بولىسەن. ئۆز - ئۆزۈڭگە سوئال قو-
يۇپ، چۈشىنىكسىز جاۋابلاردىن گاڭگىراي-
سەن، بەزىدە شۇنداق غەزەپكە كېلىسەنكى،
خۇددى توغانىنىڭ بىر يېرىنى توسسا، بىر-
يېرىدىن تېشىپ چىققاندەك، ئۆزۈڭنى تىز-
گىنلىيەلمەيسەن.

تۇرسۇن نۇجۇپمۇ دەل شۇنداق قىل-
ماقتا ئىدى. ئۇنىڭ دېرەكسىز يوقاپ كەت-
كىنىگە مانا بىر يىل بولۇپ قالدى، مەن
ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپ ھەممىلا يەرگە باردىم،
ھەتتا ھۈنەر - سەنئەت كارخانىسىغا ۋە
ھېلىقى ئاۋات ئاشخانىغا نەچچە رەت باردىم.
دېرەك يوق، ئۇنىڭ ئەھۋالى ماڭا بەش
قولدەك ئايانىدى، ئۇ ئەلۋەتتە يىراق
يەرلەرگە كېتەلمەيتتى، ئۇنداقتا، ئۇ نېمە
ئۈچۈن يوقاپ كەتتى؟ تۇۋا؟ ئەگەر ئۇ
سەھنىدە رول ئېلىۋاتقان ئەرتىس بولغاندا
ئىدى، مەن ئۇنىڭ تالانتىغا يەنە بىر قېتىم

ئاپىرىن ئوقۇغان بولاتتىم، ئەپسۇسكى ئۇ ۋەدى-
نى ئاشۇ ئاشخانىدا، تۇرسۇننىڭ تەقدىرىگە
مېنىڭدىن كۆپرەك باش قاتۇرغان ئاشۇ
خۇش خۇي تەبىئەتلىك ئۇستامنىڭ ئالدىدا
ئېيتقانىدىغۇ؟ ئۇنىڭغا يەنە ھېلىقى تاغ
ئۆشكىسى تەسۋىرلەنگەن ھەيۋەتلىك كۆرۈ-
نۈش گۇۋاھ ئەمەسمۇ؟

مەن ئەسلىدە ئۇنىڭ تاتلىق غايىلىرى-
نىڭ گۈزەل، ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ
قۇرۇق خىيالدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى
نەدىن بىلەي! ئەتىمالىم بۇنداق كىشىلەر
روھىي غالىبلاردىن بولسا كېرەك، ئۇلار
ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرى، غايى-
لىرى بىلەن ئۆز - ئۆزىنى بەزلەپ، يەردە
ماڭسىمۇ، گويا ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەندەك
ھېس قىلىشىدىغاندۇ.

مەن ئۇنىڭدىن قول ئۈزۈشنى نەچچە
رەت ئويلىغان بولساممۇ، قانداقتۇر كىچىك-
كىنە بىر تەرىپى مېنى ھامان ئۇنى ئىزدەپ
تېپىشقا دەۋەت قىلاتتى.

بىر يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەنىدىلا با-
زارغا چىقتىم، قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەن
بۇ شەھەر ئۆزىنىڭ ھەر يەكشەنبە كۈنىدى-
كى ئاۋاتلىقى بىلەن جەلىپ قىلاتتى.

كوچا ئايلانغاچ تۆت كوچا ئاغزىغا
كېلىپ قالغانلىقىمنى سەزمەپتىمەن، گېزىت-
ژۇرنال سېتىۋاتقان كىچىك بوتكا ئالدىدا
ئوپۇر - توپۇر بولۇپ كەتكەن كىشىلەر توپى
كىمنىدۇ بىرىنى ئورىۋېلىشقانىدى. توساتتىن
يۈرىكىم نېمىنىدۇ تۇيۇپ، قارت قىلغاندەك
بولدى - دە، كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئالدىغا
ئۆتتۈم، قارىسام ئېرىق ئىچىدە باش كۆزى
لايغا مىلەنگەن تۇرسۇن نۇجۇپ ھوشسىز
ياتاتتى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن پۇژۇلداپ چىقى-
ۋاتقان كۆپۈك بېشىدىن سىرغىپ چۈشۈ-
ۋاتقان قانغا ئارىلىشىپ بەكمۇ قورقۇنچلۇق
تۈسكە كىرىپ قالغانىدى. مەن خېلى ۋاقىت-

قىچە مەڭدەپ تۇرۇپ قالدىم، ئاندىن ئەتراپتىن بىر ھارۋىنى كىرا قىلىپ ساۋاقداشىمنى ھارۋۇغا ياتقۇزدۇم-دە، دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭدىم.

— پاھ، مۇنۇ كىشى قالتىس ئادەمكەن جۇمۇ!؟ كېلىپلا دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭدى، — دېدى كىمدۇ بىرى.

— بەلكىم تۇغقىنى بولۇشى مۇمكىن، بولمىسا نۇجۇپ زابوينى مۇنداق قىلىشقا ئەرزىمەتتى، — دېدى يەنە بىرى جاۋابەن.

مەن بۇ گەپلەرگە ئانچە ئىرەن قىلىپ كەتمىدىم، چۈنكى مېنىڭ پۈتۈن ئەس-ھوشۇم ساۋاقدىشىمنىڭ ھالىغا يېتىش ئىدى. ساۋاقدىشىم تېخىچىلا ھوشسىز ئىدى، مەن ئۇنى ھارۋىكەش بىلەن يۆلەشتۇرۇپ، جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئېلىپ كىردىم، دوختۇرلار تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، دەرھال بالنىستقا ئېلىشتى، مەن رەسمىيەتنى ئۆتەپ بولۇپ، ئۇنى ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپلا يەنە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆيگە چاپتىم.

دوختۇرلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى بىلەن ساۋاقداشىمنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى ياخشىلىنىشقا باشلىدى، ئۇ ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىكەن، يۈرىكىدىمۇ ئاز-تولا چاتاق بارلىقى ئېنىقلاندى. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە مەن ئۇنىڭغا بولغان ئەھۋالنى بىر قۇر چۈشەندۈرۈپ، ئەمدى خاتىرجەم يېتىپ داۋالىنىشنى ئېيتقىنىمدا ئۇ:

— ئىسلام سىزنى بەكمۇ ئاۋارە قىلىۋاتىمەن، قاراڭ، مەن بىر تۇترۇقسىز ئادەم، سىزگە قانداقمۇ يۈز كېلەلەيمەن، سىزگە كۆپ رەھمەت، — دېدى ئۇ كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ.

— تۇرسۇن، ئەمدى سىز باشقىچە خىياللاردا بولماي خاتىرجەم داۋالىنىڭ، رەھمەت ئېيتىشقا توغرا كەلگەندە سىزنى كۆڭۈل قويۇپ داۋالىغان دوختۇرلارغا ئېيتىڭ! قىسقىسى، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ ئېسىل پەزىلىتىگە بارىكاللا ئېيتىڭ، دېمەك سىزمۇ مۇشۇ چوڭ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى.

— راست ئېيتىسىز ئىسلام، مەن ئۆتكەندە يەنە كەم ئەقىللىق قىلدىم، ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگۈچە قالماپتۇ، دېگەندەك يەنە شۇ كونا سەنەمگە دەسسەپ ئۆزۈمنى بۇلغىدىم. ئىسلام، مېنى بۇلارنى ئويلىمايدۇ، دەمسىز، بىر كۈندە مىڭ قېتىم ئويلايمەن، مەندە نېمە چارە؟ مېنىڭدە بۇلارنى ئۆزگەرتكۈدەك ماغدۇر نەدە؟ مېنى تۇرمۇش خالىغانچە مەسخىرە قىلدى، تالان-تاراج قىلدى، ئاقىۋەت بىراقلا ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەكچىمۇ بولدى، ئەپسۇسكى ئۇنداق قىلالمىدى، ئەمدى مەندە ئۈمىد تۇغۇلدى، مەن دۇنياغا قايتىدىن كۆز ئاچقاندەك بولدۇم، بۇنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ ئىجرىڭىزدىن بولدى، مەن سىزگە، جەمئىيەتكە قەرزدارمەن، بۇنى ئاقلىشىم كېرەك. مانا، سىزنىڭ پەرۋىشىڭىز بىلەن ئۆلگەن كۆڭۈل تىرىلدى، قۇرۇپ كەتكەن بىخ قايتا كۆكەردى، مەن سىزنىڭ ساپ دىلىڭىزدىن، ئالىيجاناب پەزىلىتىڭىزدىن ئىنساننىڭ نېمە ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى تېخىمۇ چۈشىنىپ يەتتىم، راست، مەن بىر چاغلاردا نۇرغۇن پۇل تاپقان، پۇلنى مەن نېمە قىلدىم؟ پۇل مېنى نېمە قىلدى؟...

ئۇ بىر ياقتىن توختىماي سۆزلەيتتى، بىر ياقتىن قولۇمنى چىڭ سىقىپ ئۆز ئىرادىسىنى بىلدۈرەتتى، ئۇ بىردىنلا ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلاپ كەتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئاللمجان ئىسمايىل

ئەخمەت تۆمۈر

# ئاھ، مېنىڭ باللىرىم

(ھېكايە)

ئاخشامقى ئولتۇرۇشنىڭ كەيپىدىن تاڭ ئاتقىنىنىمۇ تۇيماي تازا تاتلىق ئۇخلاۋاتقىنىمدا تام سائىتى 9 غا جاڭ ئۇردى.

قارغىش تەككۈر سائەتنى ئىچىمدە مىڭنى تىللاپ، كۆزۈمنى يۇمۇپ ياتقان ئىدىم، ئوغلۇمنىڭ چۇلدۇرلاپ ئاچچىسىغا قىلىۋاتقان گەپلىرى قۇلىقىمغا كىردى.

— ئاچا، بۈگۈن يەكشەنبە ھە؟

— ھەئە.

— دادامنى ئويغىتايلىچۇ، دادام بىزگە لەگلەك ياساپ بەرسۇن.

— ئۇكام، دادام تۈنۈگۈن كەچ ئىشلەپ ھېرىپ كەتتى، ئارام ئېلىۋالسۇن، ئەكەل، مەن ياساپ بېرەي.

— ياق، سەن ياسىيالمايدىكەنسەن، سېنىڭ ياسىغىنىڭ ئۇچمايدىكەن.

— بۇ دورەم ئوبدانراق ياساپ باقاي، چوقۇم ئۇچىدۇ... — قىزىم كۆلپىيە بىر ئامال قىلىپ ئۇكىسىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

* *

تۈنۈگۈن كەچ، ئىشتىن چۈشۈپلا كىيىمىمنى ئالماشتۇرۇپ «شەنبىلىك» ئولتۇرۇشقا تەرەددۇت قىلىۋاتاتتىم، قىزىم دەپتىرىنى كۆتۈرۈپ يېنىمدا پەيدا بولدى، ئۇنىڭغا بۈگۈن كەچ «ئىشلەيدىغانلىقىمنى» ئېيتىپ چىقىرىپ تۇرۇۋىدىم، ئوغلۇم ئەسقەر كىرىپ پېشىمگە ئېسىلدى.

— ئەستاخپۇرۇللا، ما كاشىلىنى، — مەن ئايالىمغا ۋارقىرىدىم:

— ھوي، ماۋۇ باللىرىڭنى يىغىشتۇرامسەن زادى! مەن ئىش قىلىمەنمۇ ياكى بالا باقىمەنمۇ؟

ئايالىم قولىدىكى ئىشىنى قويۇپ باللارنى يېتىلەپ ئاچىقىپ كەتتى، مەنمۇ يولۇمغا راۋان بولغانىدىم...

* *

ئاخشامقى ئولتۇرۇشتىكى زۆھرەنىڭ ئېيتقان ناخشىلىرى، مەنىلىك بېقىشلىرى، تولغىنىپ ئوينىغان ئۇسۇللىرى كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈپ، مېنى پەپىلەۋاتاتتى، ئوغلۇمنىڭ قىقىراپ يىغلىغان يىغىسى كەيپىمنى بۇزدى.

— نېمە بولۇشتۇڭ شۇملار، نېمە بولۇشتۇڭ؟!

مەن يوتقاندىن بېشىمنى چىقىرىپ ۋارقىرىدىم.

— ئاچام... ئاچام... لەگلەك ياسايدىغان قومۇچنى سۇندۇرۇۋەتتى... ھى، ھى، ھى...

ــ سەن بەغەرەزلەرنىڭ دەستىدىن
ماڭا قىلچە ئارامچىلىق يوقتە، خەپ!

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇشقا مەجبۇر بولـ
دۇم، ئوغلۇم «دەردىمنى ئاڭلا» دېگەندەك،
ياش يۇقى كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ قاراپ
تۇراتتى.

ــ ئاپاڭ قېنى؟

ــ ئاپام «داداڭلار ئويغانغاندا سىلەر-
نى ئويناتسۇن، مەن بۇگۇن سەييارە مال
ساتقىلى چىقىمەن» دەپ ئەتىگەندىلا چىـ
قىپ كەتكەن...

ــ «داداڭ ئويناتسۇن!» شۇمۇ گەپ
بولدىمۇ؟ بالا دېگەننى ئاپىسى باقىدۇ...
ھەي، پاقا تەشكەن سويمىدەك قاراپ تۇر-
ماي ئايىغىمنى تېپىپ بەر!

ئوغلۇم مىشىلداپ يۈرۈپ ئاخشام
نەلەرگىدۇر چۆرۈپ تاشلىۋەتكەن ئايىغىمـ
نى تېپىپ ئەكەلدى.

ــ بولدى، ئەمدى چىقىپ ئوينا!

قاتتىق ۋارقىرىشىمدىن ئۇ بەئەينى
ئوقتىن ئۈركىگەن قۇش بالىسىدەك تالاغا
قاچتى، بالىمۇ بولىدىغان نېمىكەن، خالىـ
ساڭ، ئىشىڭغا سالىدىكەنسەن، خالىمىساڭ
ئۇرۇپ - تىللاپ قوغلايدىكەنسەن،
خۇشلۇقۇڭ تۇتۇپ قالسا، «توت پۇل» بېرىپ
قويساڭ ئەتراپىڭدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ
كېتىدىكەن...ھا ھا...ھا ھا...بالا دېگەننى
مۇشۇنداق باشقۇرغانمۇ تۈزۈك، بولمىسا...

مەن بىر بېسىپ ئىككى بېسىپ، كىـ
يىم ئىشكابىغا بېكىتىلگەن چوڭ ئەينەك
ئالدىغا كەلدىم.

كۆرۈڭ ما كارامەتنى، قاش - قاپاقلىـ
رىم ساڭگىلاپ، يۈزلىرىم «توغاچ سوپۇن»
دەك تومپىيىپ، تۈنۈگۈنكى ئەكبەر «ئو-
رۇق» تىن ــ ئەكبەر سېمىزغا ئۆزگەرگەن
ئىدىم.

«ياشاپ كەت ئەكبەر، ياشاپ كەت»!
مەن ئەينەكتە كۆرۈنگەن «سۇمبات» لىق
بەستىمگە قاراپ، پەخىرلىنىپ كۈلۈپ قويـ
دۇم. «بىرنى چېكەي» يانچۇقۇمدىن بىر
تال تاماكا ئېلىپ سەرەڭگە چاقتىم. شۇ
ھامان ئۆپكەم پۈلەپ، كۆڭلۈم ئايىنىپ،
ياندۇرغۇم كەلدى، دەرھال تالاغا يۈگۈر-
دۇم، ئەمما ئۈلگۈرەلمىدىم. كانىيىمدىن
قاڭقىپ چىققان بەت - بۇي شاكىراپ، ئەيـ
نەك يۈزىنى بىر ئالدى...دېمىم سىقىلىپ،
كۆزلىرىم تورلىشىپ، يەرنى تىرەجەپ ئولـ
تۇرۇۋالدىم. ئىش بۇنىڭ بىلەن توگىمىدى،
قۇرۇق ھـۆ تۇتۇپ ئاۋۋال تۇخۇم سېرىقىـ
دەك، ئاندىن يېشىل رەڭدە بىر نەرسە،
ئارقىدىن ئۇيۇل - ئۇيۇل ئىككى پارچە قان
ئالدىمغا چۈشتى...پۈتلۈرۈم دىرىلدەپ تىتـ
رەپ، ھالسىزلىنىپ ئالدىمغا دۈم چۈشتۈم،
بېشىم قېيىپ، گويا بىرسى «يەتتە قات
يەر ئاستى» غا سۆرەپ ئەكىرىپ كېتىۋات
قاندەك، ئۆز - سېزىمىمنى يوقىتىشـ
باشلىدىم...

*　　*

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن بىلمەيـ
مەن، يۇمران بىر قول ئاغزىمنى ئېرتماقتا...

ــ كۆزىنى ئاچتى، كۆزىنى ئاچتى...

ئىككى چىراي كۆزۈمگە كۆرۈندى...
ئەجەپ تونۇش چىرايلار - ھە! بۇلار كىم
بولغىيتتى؟...

ھە، ئېسىمگە كەلدى. «ھېلىقى چىـ
رايلىق ئۇسسۇلچى قىز زۆھرە، يېنىدىكىسى
قاسىم...ئۇ ئۇنىڭ يېنىدا نېمە ئىش قىلىـ
دىغاندۇ؟

دەل ئۆزى شۇ. ھاراقنى زورلاپ ئىچۈرۈپ

مېنى بۇ كويغا سالغان شۇ! ۋۇ-تۇز كور، يوقال!!!

ئاۋازىم چىقتىمۇ، چىقمىدىمۇ بىلەلمىدىم، كۆزلىرىم قاراڭغۇلاشتى...

— دادا-دادا!— ئىسسىق بىر نەرسە مەڭزىمگە ئېقىپ چۈشتى. سۇ بولسا كېرەك...

— سۇ!

— ئۇكام چاقىقان سۇ ئەكەل، دادام سۇ دەيدۇ.

مۇزدەك، ئەمما تاتلىق بىر ئېقىم يۈرىكىمنىڭ تەشنالىقىنى باستى.

مەن ئاچكۆزلۈك بىلەن كالپۇكلىرىمنى يالاپ يېنىمغا قارىدىم. ئەس — ھوشۇمنى يىغىپ كۆزلىرىمنى چوڭ ئاچتىم، ھە! ئۇلار زۆھرە، قاسىم ئەمەس گۈلپىيە بىلەن ئەسقەر ئىدىكەنغۇ...!

مەن ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم. ئەمدىلا 8 — 10 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ئىككى مەسۇمەنىڭ خۇددى چوڭ كىشىلەردەك ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ ئولتۇرغىنىغا ئىشەنگۈم كەلمىدى.

بەلكىم مەن خاتا كۆرۈۋاتىدىغاندىمەن...

— دادا، دادا...

خاتا ئەمەس، قىزىم بېشىمنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ئالقانلىرى بىلەن چېكەمنى ئۇۋۇلاۋاتىدۇ. ئوغلۇم مەڭزىمگە يېقىپ، ئۆپكىدەپ يىغلاۋاتىدۇ... مەن ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلىماقچى بولدۇم. ئەپسۇس، قوللىرىم تىترەپ، پالەچ ئادەمنىڭ قولىدەك، باشقۇرۇشۇمغا بوي سۇنمىدى.

مەن نۇرسىز كۆزلىرىمنى ئۇلارغا تىكتىم.

شۇ چاقىچە مەندىن سورىغان سوئاللىرىغا بىرەر قېتىم قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب ئالالمىغان، قولۇمنى تۇتۇپ كىنو-تىياتىرلارغا بېرىپ باقمىغان، قىسقىسى، ئاتىلىق مېھرىدىن قانغۇدەك ھوزۇرلىنىپ، ئۆز-ئەركىچە كۈلۈپ باقمىغان ئاشۇ بالىلار مېنىڭ بېشىمدا پايپېتەك بولۇشۇپ، ئۆكسۈپ يىغلىماقتا... يۈرىكىم پىچاقتا تىلىغاندەك ئېچىشقا باشلىدى. ئاھ...

— ئاچا، دادامۇ يىغلاپتۇ، يېشىنى ئېرتىپ قويە، مەن قوشنىلارنى چاقىراي.

قىزىم ئېتەكلىرى بىلەن مەڭزىمنى سۈرتتى.

مەن قىزىمغا كۈلۈمسىرەپ تەسەللى بەرمەكچى، ئۇلاردىن ئەپۇ سورىماقچى بولدۇم. لېكىن چېھرىمدىن كۈلكە ئۆچكەن، پەقەت كۆز چاناقلىرىمدىن توختاۋسىز تۆكۈلۈۋاتقان پۇشايمان ياشلىرى قىزىمنىڭ ئېتىكىنى ھۆلدىمەكتە ئىدى...

سىرتتىن ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلاندى، مەن پۈتۈن كۈچۈمنى يىغىپ، غۇلچىمنى كەڭ يايدىم: ئاھ... مېنىڭ بالىلىرىم!!!

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

قادىر ئارسلان

# مېنىڭ باشلىق بولغۇم يوق

(ھېكايە)

ئاغىنىلىرىم بىلەن ئولتۇرۇپ قىزىق-
چىلىقتا ئادەتتىكىدىن خېلى جىق ئىچىۋې-
تىپتىمەن، كەيپىم ئۆرلەپ، گېپىم ئاۋۇپ
قالغانلىقىنى سەزمەيلا قالدىم. ئاغىنىلىرىم-
مۇ بوش كەلمىگەندەك تۇرىدۇ. مەن ئەم-
دى گەپنى باشلىشىمغا، ئۇلارمۇ تەڭلا سۆز
باشلاۋاتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھەممىمىز تەڭ-
لا سۆزلەپ، قايسىمىزنىڭ نېمە دەۋاتقىنى-
مىزنى ئۇقالمىغان ھالدا ئۆز گېپىمىزنى
يورغىلىتىۋاتىمىز. مېنىڭ: «ھە، قانداق؟
قانداق دېدىم؟ دېگىنىم توغرىمۇ؟» دېگەن
سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرىدىغانمۇ ئادەم يوق،
سۆزلەپ ھاردىم. تازا ھارغىنىمدا سوئاللى-
رىمنىڭ جاۋابسىز قالغىنىنى، قىلغان سۆز-
لىرىمگە قۇلاق سالىدىغان كىشى يوقلۇقىنى
سەزدىم. بۇ ھال مېنىڭ كەيپىمنى تېخىمۇ
ئۆرلىتىۋەتتى. ئاخىرى:

— ھاي، قوماچ قورۇپ كاللامنى ئې-
لەشتۇرۇۋەتتىڭلار. بىر - بىرلەپ سۆزلىسەڭ-
لارچۇ! — دەپ توۋلىۋەتتىم.

ئۆينى جىمجىتلىق قاپلىدى، قىزار-
غان كۆزلەر ماڭا ھەيرانلىق بىلەن تىكىل-
دى. بۇ كۆزلەرنىڭ ئىگىلىرى — مېنىڭ قى-
يامەتلىك ئاغىينىلىرىم گويا مېنى ئىلگىرى
كۆرۇپ باقمىغانىدەك بىر نەزەر بىلەن شەل
ئېڭىشكەن ھالدا مەن تەرەپكە سۇرۇلۇپ
ئولتۇرۇپ قېلىشتى.

— ئارىمىزدا بىر باشلىق پەيدا بول-
دى، — دېدى بىرسى مەسخىرە بىلەن، —
ھاي، دىققەت قىلىڭلار، ھۆرمەتلىك باشلى-
قىمىزنىڭ كاللىسىدا قوماچ قورۇماڭلار!

قاقاقلىغان كۈلكىلەر ئۆينى بىر ئال-
دى. كەيپىم ئۆرلىگەندە نەشتەردەك سان-
چىلغان مەسخىرە ۋە مەسخىرىنى يۇقىرى
پەللىگە كۆتۈرگەن كۈلكىلەردىن مەست بو-
لۇپ قالدىمغۇ دەيمەن، بولمىسا ئۇلارنىڭ
كۈلكىسىگە قوشۇلۇشنىڭ ئورنىغا: «مېنىڭ
باشلىق بولغۇم يوق، زادىلا باشلىق بول-
غۇم يوق» دەپ غودۇرىمىغان بولاتتىم.

— مېنىڭ باشلىق بولغۇم يوق؟ ھا-
ھا - ھا، بۇ ئاغىنىمىزنىڭ باشلىق بولغۇ-
سى يوق ئىكەن، ھا - ھا - ھا...

— ئۇنداق قىلما ئاداش، باشلىق بو-
لۇپ قوي، باشلىق بولۇش كويىدا كۆيۈپ-
پىشىپ، ئەقلىدىن ئازغۇدەك بولۇپ يۈر-
گەنلەر ئازمۇ؟ باشلىق بول، ئاداش، ھا-
ھا - ھا...

— توۋا، باشلىق بولغۇسى كەلمەيدى-
غان كىشىلەرمۇ بارىكەن - ھە؟ بەزىلەر قاي-
سى ئىدارىدە تېز ئۆسكىلى بولىدۇ دەپ

تىنىڭ - تىڭلاپ يۈرۈشىدىكەن. باشلىق بول،
ئاداش، ها - ها - ها...
ــباشلىق بولساڭ، بىزنى ئۇنتۇپ قالما
جۇمۇ!
ــ ...

تەرەپ - تەرەپتىن كېلىۋاتقان باشلىق
بولۇش سالالىرى مېنىڭ كۆڭلۈمـگە ياقمىـ
دى. مېنىڭ باشلىق بولـغۇم يـوق تۇرسا،
ماۋۇ ئاغىنىلىرىم نېمانداق زورلاۋېرىدىغانـ
دۇ. ياق، ئەمـدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى.
مەن ھەممەيلەنگە ھومىيىپ قاراپ چىقتىم
ۋە:
ــ باشلىق بولغۇم يـوق دېـدىمـمۇ،
باشلىق بولغۇم يوق! ــ دەپ ۋارقىرىدىم.
ئاغىنىـلەر بىر - بىرىگە قاراشتى، كىمـ
لەرنىڭدۇر: «بولدى قىلايلى، ئۇ مەست بوـ
لۇپ قاپتۇ» دەپ پـىچىرلاشقانـلىرى قۇلىـ
قىمـغا كىردى. مەن بۇ بىـمەنە خـۇلاسىگە
شىددەت بىلەن رەددىيە بەرگـۈم كەلـدى.
لېكىن نېمىشقىدۇر تىلىم ئېغىرلىشىپ گەپ
قىلغۇم كەلمەي قالدى.
بىز تارقاپ كەتتۇق. لېكىن «باشلىق
بولغۇم يوق» دېگەن ئۈي كاللامدىن زادى
تارقاپ كەتمـدى. مەن ئاغىنـلىرىـمدىن
رەنجىپ قالدىم. رەنـجىمىسـەم بولامـتى؟
شۇنچە يېقىن ئاغىنىلەر تۇرۇپ مېنى باشـ
لىق بول دەپ زورلاپ كەتكەنلىرىنى كۆرـ
دۈڭلارمۇ ئۇلارنىڭ؟
ھەي ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرسى «كىم
سېنى باشلىق بولسۇن دەپـتۇ» دېـگەندەك
قىلىدىغۇ. كىـم بولـغىيـدى ئۇ؟ قارىغانـدا
شۇنچە ئاغـىنىلىرىمنىڭ ئىچىدە ئاشۇ بىرسى
جىمىڭ ئاغىنىـەم ئوخشايـدۇ. ھەي، شۇنـى
ئېنىق بىلىۋالغان بولـسام، باشـلىق بولۇش
ھەققىدىكى پاراڭنى ئۇنىڭ بىلەنـلا قىلىشـ
ماسمىدىم.
«كىم سېنى باشلىق بولسۇن دەپتۇ؟»
ھەي، جېنىـم ئاغـىنـەم، مەن ساڭا
بىر كۆڭۈلسىز خەۋەرنى ئېيتىپ بەرمـىگەنـ
لىكىم ئۈچۈن شۇ سوئالـنى سوراپ سالدىڭـ
غۇ دەيمەن؟ بىراق، بۈگـۈن ئەتـىگەندىلا
بىر كاتتا كىشى ماڭـا ھازىرقـى بىر ئادەت
بولۇپ قالغان «ئۆستۈرۈش» دېـگەن سـۆز
بىلەن باشلىق بولۇشقا دەۋەت قىلدى ئەـ
مەسمۇ؟! ئۇ نەقەدەر قورقۇنچلۇق ئىشـ
ھە؟!
بويۇڭ ئۆسىدۇ دېگەن بولسىمۇ خۇش
بولغان بولاتتىم، لېكىن ئەمىلىگنى ئۆستۈـ
رىمىز دېـگەن سـۆزنى ئاڭـلاپ تەشۋىشـكە
چۈشتۈم. مەن ئىنتايـىن چىرايـلىق سۆزـ
لەرنى تاللاپ رەھمىتـىمنى ئېيـتقاچ «ئۆـ
سۈش» نى رەت قىلـغان بولسامـۇ، كاتـتا
كىشىمىز مېنىڭ رەت قىلىشىمنى مۇشۇنداق
پەيتتە قىلىنىدىغان كەمـتەرلـك .دەپ چۈـ
شەندى بولغاي، مېنىڭ ئىپادەم، تەشكىلاـ
نىڭ غەمخورلۇقى ۋە ئىشەنچىسى توغرىسىدا
بىر ھازا سۆزلەپ، ئاخىرىدا ئويـلىنىپ كۆـ
رۈشكە رۇخسەت بەردى. ۋاي خۇدايىمەي،
بۇنىڭ ئويلانغۇدەك نېمىسى بار؟ مەن كەمـ
تەرلىك قىلغىنىم يـوق. راسـتىنلا مېـنىڭ
باشلىق بولغۇم يوق! بىراق بۇ سـۆزلەرنى
ئۇنىڭغا ھازىرلا ئېيتىش ئەدەبسىـزلىك بوـ
لار. ئويلىنىش ۋاقتىنى بىر كـۈن بولـسىمۇ
ئارقىغا سۈرەلىسەم، بىر كۈن بولسىمۇ باشـ
لىق بولۇشتەك كـۆڭۈلسىزلىككە يولۇقـماي
ئۆتەلەيدىكەنمەن. بۇ كۆڭۈلـسىزلىكـتىن بىر
كۈن قۇتۇلغىنىمنىڭ ياكى ئىككى كۈن قۇتـ
تۇلغىنىمنىڭ پايدىسىمۇ تايىنلىق ئوخشايدۇ،
ھامان بىر كۈنى يەنە ئاشۇ كاتتا كىشىمىز،
«قانداق، ئويلىنىپ كۆردۈڭمۇ؟» دەپ سوـ

رايدۇ. مەن يەنە ئۆزۈر ئېيتسام، ئۇنىمۇ كەم-
تەرلىك دەپ چۈشىنەر. چۈنكى ئۇمۇ باشلىق،
ئۇمۇ ئۇزۇن يىللار ئارزۇلاپ يۈرۈپ باشلىق
بولغان-دە. ئۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ باشلىق
بولۇشنى خالىمايدىغانىمۇ ئادەم بارمۇ دەپ
ئويلىشى تۇرغان گەپ. مەن ئۆزۈرخالىقىمنى
ئېيتىۋەرگىنىم بىلەن، ئاخىرىدا ئۇ: «ئەممىسە
شۇنداق بولسۇن، بىز مۇزاكىرە قىلىمىز.
خۇش خەۋەرنى كۈتۈپ تۇرۇڭ.» دەپ گەپنى
ئۈزەر. ماڭا كېرەك بولغان خۇش خەۋەرنىڭ
نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇ خىيالىغىمۇ كەلتۈر-
مەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە،
ۋەزىپىگە تەيىنلەش ھۆججىتىدىن بىرى
چۈشىدۇ-دە، مەن باشلىق بولۇپ قالىمەن.
ئاغزىمغا تاش-توپراق! ئۇنداق كۈنلەرنى
خۇدايىم ماڭا كۆرسەتمىسۇن. مېنىڭ زادىلا
باشلىق بولغۇم يوق!

بۇ كۆڭۈلسىز گەپ ئوتتۇرىغا چىققان-
دىن كېيىن كۈن بويى تەشۋىش ئىچىدىلا
يۈرۈيدىغان بولدۇم. كېچىلىرى ئۇيقۇ يوق.
مەن بىلىدىغان، مەن تونۇيدىغان باشلىقلار-
نى ئەسلەپ كۆردۈم. ئۇلارنىڭ ئانچە-مۇنچە
پىكاپقا ئولتۇرغىنىنى ياكى كىملەرنىڭدۇر
ئۇلارنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە ئەمىلىنى قوشۇپ
ئاتىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يەنە قانداق
ئەۋزەللىكلىرى بار؟! ئادەم دېگەن پىكاپتا
ئولتۇرمىسا نېمە بوپتۇ؟ ئەمىلىنى ئاتىمى-
سا ئادەم قاتارىدىن چىقىپ كەتكەن بولامتى!

ئاۋۇتكامۇ بىر ئوبدان كىشى ئىدى.
قورسىقىدىكى ئۇمىچىغا يارىشا، كىشىلەرنىڭ
بارىكاللىسىغا ئېرىشكۈدەك بىر نەرسىلەرنى
كەشىپ قىلغان. ئۆزىنىڭ شۇ ئەمگىكى بى-
لەن پەخىرلىنىپ يەنىمۇ ئىززىدىنىپ يۈرگە-
نىدى. گويا ئۇنىڭ بۇ كەشپىياتلىرى مەخ-
سۇس مەنسەپ ئۈچۈن ياسىغان شوتىدەك
بولۇپ قالدى-دە، ئۇ لوڭگىدە باشلىق
بولۇپ قالدى. ئۇ قاچانكى باشلىق بولدى،
شۇ كۈندىن تارتىپ ئۇنىڭ ھەر-ھەر كات-
تا پىلانلىرى بىر ياققا قايرىلىپ قالدى.
ئۇنىڭ كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى بىر يىغىن،
چۈشتىن كېيىن يەنە بىر يىغىن بىلەن
ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. دەسلەپىدە قاقشاپ يۈ-
رۈۋېدى، ئەمدى كۆنۈپىمۇ قالغان ئوخشاي-
دۇ، يىغىنلاردا ئۈگدەپ ئولتۇرۇشنى ئۆ-
گىنىۋاپتۇ. باشلىقلىق دېگەن بىر ئوبدان
ئادەمنى شۇنداق كاردىن چىقىرىۋېتىدىغان
بولسا، باشلىق بولۇپ نېمە قىلىدۇ؟

باشلىق بولۇپ كېرىلىپ يۈرگەنلەرنى،
باشلىقلىقنى بېيىشنىڭ يولى قىلىۋېلىپ
ئاخىرىدا دۈم چۈشۈپ ئاغزى-بۇرنىنى قان
قىلىۋالغانلارنى، باشلىق بولدۇم دەپ ئاتا-
ئانىسىنىمۇ تونۇغۇسى كەلمەي قالغانلارنىمۇ
كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. لېكىن ئۇلار كۆز
ئالدىمدىن تېزلا غايىب بولدى. بۇ مەن،
باشلىق بولساممۇ (ھەر ھالدا باشلىق بو-
لۇشتىن خۇدايىم ساقلىسۇن) ئۇلاردەك بو-
لالمايدىغانلىقىم ئۈچۈن بولسا كېرەك، لې-
كىن ئاۋۇتكامدىن كېيىن، ساۋۇتكامنى
ئەسلەپ قالدىم.

ساۋۇتكامنىڭ ئىدارىمىزدا ئىشلەۋاتقى-
نىغا ئۇزۇن يىللار بولغان. ئۆزى ياۋاش،
كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتمايدىغان، چىقىش-
قاق كىشى ئىدى. ئادەم دېگەننىڭ خىزمەت-
نى باش چۆكۈرۈپ ئىشلىشى بىلەن ساۋۇت-
كامدىكى ئاشۇ مىجەزلەر قوشۇلۇپ كەتسە،
ھەر كىشى ھۆرمەت قىلىدىغان، ھەتتا ھە-
سەت بىلەن زاكىلىنىپ، ھەسەت بىلەن يا-
شاپ، ھەسەت بىلەن ئۆلۈپ كېتىدىغانلارمۇ
بىر نېمە دېيىشتىن قېيىنىلىدىغان بولات-
تى. بىراق بۇنداق كىشى پەقەت پۇقرا

ۋاقتىدىلا شۇنداق ھۆرمەت، شۇنداق خاتىرجەملىكتە ياشىيالايدىكەن، بىراق ئۇ بىردىنلا باشلىق بولۇپ قالسۇنچۇ...ۋاي - ۋاي، خۇدايىم ساقلىسۇن!

يېرىم يىلنىڭ ئالدىدا ئىدارىدە ساۋۇتكام ئۆستۈرۈلىدىكەن دېگەن مىش - مىش پاراڭلار پەيدا بولۇپ قالدى. ھازىر ئاشۇنداق مىش- مىش پاراڭ پەيدا بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ كۆپىنچىسى رېئاللىققا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. شۇنداق ئىكەن، ساۋۇتكامنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىگە ئاساسەن ئىشىنىشكە بولىدۇ - دە. بىراق، قاچانكى ئاشۇ مىش - مىش پاراڭ پەيدا بولدى، شۇ پەيتتىن باشلاپ ساۋۇتكامنى پالاكەت باسقىلى تۇردى. بۇ گەپلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغىمۇ كىرگەندۇ، بەلكىم تەشكىل ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشكەندۇ. بىراق ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك مۇلايىم، چىقىشقاق ئىدى، يەنىلا بۇرۇنقىدەك بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئۆز ئىشىنى ئىشلەپ يۈرۈۋاتاتتى. شۇڭىنىسى، بەزىلەرنىڭ كۆزىگە ئۇنداق كۆرۈنمەي قالدى. «ۋەزىپىگە تەيىنلەنسۇنچۇ قېنى، شۇ چاغدا كۆرىسىلەر كارامەتنى! — دېيىشتى ئۇلار دانىشمەنلەرچە، — شۇ چاغدىن باشلاپلا ئۇنىڭ ئىللىق كۈلكىسىنىڭ ئورنىنى بىز كۆرۈپ باقمىغان سۈرۈن بىر تەلەت ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ چىقىشقاقلىقىمۇ تۈگەيدۇ - دە، ئىدارىمىزدە بۇيرۇقۋاز باشلىقتىن بىرسى كۆپىيىدۇ.»

«توۋا، بىز تېخى ئۇنى راستىنلا ئۆز ئىشىغا كۆيىنىدۇ دەپ يۈرۈپتىمىز، — دېيىشتى يەنە بەزىلەر كۆڭلىدىكى ھەسرىتىنى چىرايىغا چىقارماسلىققا تىرىشىپ، — ئەسلىدە باشلىق بولۇش ئۈچۈن، شۇنداق ئىشلەپتىكەن - دە، ئەمدى كۆرىمىزغۇ، ئۇنىڭ قانچىلىق ئىشلەيدىغانلىقىنى!»

«ساۋۇتكا، مۇبارەك بولسۇن، — دېيىشتى يەنە بەزىلەر تېخى تەيىنلەنمىگەن باشلىققا ناز بىلەن ئېگىلىپ، — شۇنچە چاغدىن ئوبدان ئۆتۈشتۇق، ئەمدى ئۇنتۇپ قالماسسىز - ھە؟»

...

ۋاي - ۋاي - ۋاي، يۇقىرىدىن ئىدارىمىزنىڭ خىزمەت نۇقتىسىنى ئاللىبۇرۇن ئېنىق بېكىتىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمدى گويا ساۋۇتكامنىڭ ئۆستۈرۈلۈش مەسىلىسىنى غۇلغۇلا قىلىش يېڭى بېكىتىلگەن مۇھىم نۇقتىدەك بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ساۋۇتكامنىڭ خاتىرجەملىكىمۇ بۇزۇلدى. ئۇ دەسلەپتە ئىرەن قىلماي يۈرۈۋەردى، لېكىن كېيىن چىداشلىق بېرەلمىدى. ئۇ ئۆزىچە قورۇنىدىغان، گەپ قىلسا دۇدۇقلايدىغان، گويا قۇسۇر چىقىرىشقا ئامراق قېيىن ئانىنىڭ ئالدىدىكى جاپاكەش كېلىنىنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قالدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ بىچارە ھالىتىمۇ بىر مۇنچە پاراڭغا سەۋەب بولدى.

«ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن، — دېيىشتى بەزىلەر ئاغزىلىرىنى غەلىتە پۈرۈشتۈرۈپ، — ساۋۇتاخۇن ئۆزىنىڭ ئۆسۈش ئۈچۈن خۇشامەت قىلىپ يۈرگەنلىكىنى بىزنىڭ تۇيۇپ قالغانلىقىمىزنى سەزگەن گەپ. بولمىسا ئۇنچىۋالا تەمتىرەپ قالاتتىمۇ. ئۇ كىشىنى خۇشامەت قىلمايدۇ دەمسەن؟ شۇمۇ گەپ بوپتۇ، خۇشامەت قىلمىسا قانداق ئۆسكۈدەك؟»

يائاللا، شۇنچە يىلدىن بېرى «خۇشامەت بىلەن خوشى يوق» دەپ نام ئالغان ساۋۇتكامۇ جاھاندا ئەڭ نومۇسلۇق ئاملارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكىلەرنىڭ بىرى

بولغان خۇشامەتچى دېگەن ئاتاققا قالغىنىنى كۆرۈك. توۋا، بىزنىڭ ئەمەلدارلىرىمىزنىڭ ھەممىسىلا خۇشامەت بىلەن ئۆسكەن بولغىيمىدى.

ئاخىرى، مىش-مىش پاراڭ راستقا ئايلاندى. ساۋۇتكام بىزنىڭ باشلىقىمىز بولۇپ قالدى. مېنىڭ نەزەرىمدە ئۇ يەنىلا ئىلگىرىكىدەك مۇلايىم، ئىلگىرىكىدەك چىقىشقاق، ئىلگىرىكىدەك ئىشچان ئىدى. بىراق، ئۇ باشلىق بولغانىكەن، قول ئاستىدىكىلەرگە ئىش بۇيرۇشقا توغرا كېلىدىكەن. بۇ ھەممە باشلىقنىڭ قىلىدىغان ئىشى. بىراق بۇ ئىش بەزىلەرگە بولۇپ بەردى. «مانا دېمىدۇقمۇ، — دېيىشتى ئۇلار كۇسۇرلىشىپ، — ھال كىردى ئۇنىڭغا، تونۇگۈنلا بىز بىلەن بىر ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ، بۇرنىنى تارتقىنىچە ئىشلەپ ئولتۇراتتى. بۈگۈنچۇ، يوغانچىلىق بىلەن بىزگە بۇيرۇق چۈشۈرۈۋاتامدۇ؟!»

«ئۇنى باشلىقىمىز دېيىشتىنمۇ نومۇس قىلىدۇ كىشى، — دېيىشەتتى يەنە بەزىلەر ئاچچىق يۇتۇشۇپ، — يا ئۇنىڭدا باشلىققا خاس سالاپەتمۇ بولمىسا!»

مانا، ساۋۇتكامنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈن مېنىڭ بېشىمغىمۇ كېلىۋاتىدۇ. نەچچە كۈندىن بېرى ئىدارىدىكىلەرنىڭ بىرمۇنچىسى ماڭا غەلىتە قارايدىغان بولۇپ قېلىشتى. بەلكىم ساۋۇتكام ئۈسۈش ئالدىدا يۈز بەرگەن ئىشلار مېنىڭ بېشىمغا سايە تاشلىغىلى تۇرغان ئوخشايدۇ. مەن بۇ ھالنى دەسلەپ سەزگىنىمدە، ھودۇقتۇم. تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقان كەيپىم تېخىمۇ پەسلەپ كەتتى. ئارقىدىن ئۆزۈمنى سەل بېسىۋېلىپ ئۆز-ئۆزۈمگە «ھەي، سەزگۈرلۈكىڭ ئېشىپ كېتىۋاتامدۇ نېمە؟ ئۈسۈش قورقۇنچى چاپلاشقاندىن كېيىن، خۇدۇكسىرەيدىغان بولۇپ قالغان ئوخشايسەن» دېدىم. ئۆز-ئۆزۈمنى ئەيىپلەش ھېسسىياتىم ماڭا سەل تەسەللى بەرگەندەك بولدى. لېكىن بۇ تەسەللىنىڭ كۈچى بىرەر كۈنگىمۇ يەتمىدى. چۈنكى، مەن بىللە ئىشلەيدىغان ئاغىنەم مەمۇرجاننىڭ بىردىنلا ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى سېزىپ قالدىم.

مەن مەمۇرجان بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ ئىدارىگە كەلگەن، كەلگەندىن تارتىپ نەچچە يىللارغىچە بىر ياتاقتا يېتىپ ئىشلەپ كەلگەنىدىم. خىزمەتداشلىق ۋە ياتاقداشلىق مۇناسىۋىتى بىزنى كىشىلەرنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك دىلكەش دوستلارغا ئايلاندۇرغانىدى. بىزنىڭ ئارىمىزدا سېنىڭ-مېنىڭ دەيدىغان گەپ يوق ئىدى، بىرەر كىم بىرسىمىزنى نېرى-بېرى دەپ قالسا، يەنە بىرىمىز ياقا يىرتىپ ئوتتۇرىغا چىقاتتۇق. ياتاقتا كېچە-كېچىلەپ بىللە ئۆگىنەتتۇق، سىردىشاتتۇق، دېيىشمىگەن پاراڭلىرىمىز قالمايتتى. خىزمەتكە كىرىپ ئىككى يىلدىن كېيىن ھازىرقى ئايالىم بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. مەمۇرجان بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقىنىدا ناھايىتى خۇش بولغان، مېنى تەبرىكلىگەنىدى، ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇمۇ ھازىرقى ئايالى بىلەن تېپىشتى. مەن بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقىنىمدا ئۇنى تەبرىكلىدىم. بىز ئىككىمىز تېپىشقان قىزلىرىمىزنى ئۆزئارا تونۇشتۇرۇشقا ئالدىرىغىنىمىزغا يارىشا، ئۇلار ئىككىسىلەنمۇ بىر كۆرۈشۈپلا چىقىشىپ قالدى. بىز ئىككى جۈپ يىگىت-قىز مۇھەببەتلىك كۈنلەرنى تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدۇق ۋە ئارقا-ئارقىدىن توي قىلدۇق. مەن ۋە مەمۇرجان ئۆمۈرلۈك ئىشىمىزنى كۆڭۈلدى-

...كىدەك بىر تەرەپ قىلىۋالغانلىقىمىز ئۈچۈن خۇش بولغان بولساقمۇ، ئىلگىرىكىدەك بىر ياتاقتا يېتىپ ئۆتەلمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن كۆڭلىمىز يېرىم بولغانىدى. لېكىن بىزنىڭ قوشنا بولۇپ ئولتۇرۇشىمىز ئاش-تاماقتىمۇ، ئويۇن-تاماشا، مېھماندارچىلىقتىمۇ ئاساسەن بىللە بولغانلىقىمىز بىلەن بۇ كەمتۈكلۈك تولۇپ قالغانىدى.

ياقا يۇرتتا ئىشلەۋاتقان كىشىلەر ئۈچۈن ئۇرۇق-تۇغقاندىنمۇ چارە يار-يۆلەك بولۇشىدىغان دوست ۋە قوشنا-قولۇمغا ئىگە بولۇشتىنمۇ ئارتۇق تەلەي بارمىدۇ! مەن شۇنداق ئويلايتتىم، مەمۇرجانمۇ شۇنداق ئويلايتتى. بىز ئۆمۈر بويى شۇنداق ئۆتۈپ كېتىمىز دېيىشەتتۇق. بۇنداق ئۆتۈپ كېتەلمەيدىغانلىقىمىزنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدۇق.

بىراق، ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە...

مەن ئىككى كۈننىڭ ياقى مەمۇرجاننىڭ ماڭا سوس مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم. دەسلەپىدە ئۆزۈمنى گۇمانخورلۇقتا ئەيىپلىدىم، ئەيىپلىمەيچۇ، مەن دىلكەش دوستۇمدىن گۇمان قىلسام بولامتى؟! ئەمما بارا-بارا ئۆزۈمنىڭ ئەيىبسىز ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. ئۇ راستىنلا ئۆزگىرىپ قالغانىدى. مېنىڭ قىزغىن سالاملىرىمغىمۇ سوغۇق جاۋاب قايتۇراتتى. تۈنۈگۈن ئۇنىڭغا: «مەمۇرجان، ما ئىشنى ئىككىمىز ئىشلىۋېتەيلىچۇ» دېۋىدىم، ئۇ: «رەھبەرلىك ئورۇنلاشتۇرغانىكەن، مەندەك بىر پوقرانىڭ ئىشلىمەسلىكىگە نېمە ھەددى!» دېدى ۋە مەسخىرە قىلغاندەك كۈلۈپ قويدى. مەن ئۆزۈمنى يوقاتقان ھالدا ئولتۇرۇپ قالدىم. ئۇ مېنىڭ بىچارە ھالىتىمگە قاراپمۇ قويماي چىقىپ كەتتى.

ئاخشام ئايالىم بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئولتۇرۇپ چىقتۇق. تۆتەيلەن ئۆمرىمىزدە تۇنجى قېتىم ئىككى ئائىلە مېھماندارچىلىقىنى كۆڭۈلسىز ئۆتكۈزدۇق. مەمۇرجانغا گەپ قىلىشمۇ خۇشياقمىغاندەك قىلاتتى، ھەتتا ئايالىمۇ تەڭلا ئۆزگىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەسلىدە مەن باشلىق بولۇشتىن ئىبارەت بىر ۋەھىمىنىڭ مېنىڭ بېشىمغا كېلىۋاتقانلىقىنى، زادىلا باشلىق بولغۇم يوقلۇقىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ، مەمۇرجاندىن بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى ھەققىدە مەسلىھەت سورىماقچى ئىدىم. لېكىن ئۇ مېنىڭ سۆزلىرىمگە مەسخىرە بىلەن جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن مېنىڭ «باشلىق بولغۇم يوق» لۇقىغا ئىشەنمىگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. بىز بىر-بىرىمىزنىڭ نۇرغۇن گەپلىرىگە ئىشەنگەن، بىر-بىرىمىزدىن گۇمان قىلىشمىغانىدۇق. لېكىن باشلىق بولۇش مەسىلىسى ھەققىدىكى كۆزقارىشىم ئۇنى ئىشەندۈرەلمىدى. ئۇ ساۋۇتكام ئۆسۈشنىڭ ئالدىدا ئىدارىدا پەيدا بولغان پاراڭلاردەك بىر خىل ئىپادىدە ماڭا مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى.

مەن مەمۇرجاننىڭ ئۆيىدىن كۆڭلۈم ئىنتايىن يېرىم بولغان ھالدا قايتىپ چىقتىم. كېچىنىمۇ كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزدۈم. بەزى كىشىلەر ئۆزىنىڭ باشلىق بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئۇقۇپ قالغىنىدا، ھاياجانلانغىنىدىن كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزىدىكەن. لېكىن مەنچۇ، دوستلىرىمدىن ئايرىۋېتىش ئېھتىمالى بولغان باشلىقلىقتىن قورققىنىمدىن كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم. مۇبادا بىرەرسى باشلىق بولۇش كېرەك-

مۇ ياكى مەمۇرجان كېرەكمۇ دەپ سو-
راپ قالسا، مەن قىلچە ئىككىلەنمەي:
«ئەلۋەتتە مەمۇرجان كېرەك!» دەپ جاۋاب
بەرگەن بولاتتىم. لېكىن مەمۇرجان مېنىڭ
بۇ سەمىمىيىتىمگە ئىشەنمەيۋاتاتتى.

ئەتىسى مەمۇرجاننىڭ مۇئامىلىسى تې-
خىمۇ سوغۇقلىشىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا
قەلبىمنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈش
ئۈچۈن، كەچتە ئۆيگە تەكلىپ قىلدىم،
لېكىن ئۇ چۈشىنىكسىز جاۋاب بەردى. كەچ-
تە ئەر ـ ئايال ئىككىمىز مەمۇرجان ۋە ئۇ-
نىڭ ئايالىنى ساقلىدۇق. لېكىن ئۇلار ئۆيگە
يانداشمىدى. ئىلگىرى بىر ـ بىرىمىزنىڭ
ئۆيى ئۆز ئۆيىمىزدەك ئىدى، تارتىنماي
ئۇسۇپ كىرىپ كېتىۋېرەتتۇق. ئەمدى
ئارىمىز نەچچە كۈنلۈك يولدەك بولۇپ قالغان
ئوخشايدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ئىشىكىنى چېكىش-
كىمۇ جۈرئەت قىلالمىدىم. بۇ، مېنىڭ هايا-
تىمدىكى ئەڭ كۆڭۈلسىز ئاخشام بولۇپ قالدى.
ئۆمرۈمدە يالغۇز ئولتۇرۇپ هاراق ئىچىپ
باقمىغانىدىم. بۇ ئاخشام ئىچتىم. ئاخشىمى
ياستۇققا يۈزۈمنى يېقىپ تازا يىغلىدىم.
جاهاندا باشلىق بولۇشتىنمۇ كۆڭۈلسىز
ئىش بارمىدۇ؟ مېنىڭچە يوق! نېمىشقا
دېسەڭلار شۇئىش (تېخى ۋۇجۇدقا چىقماي
تۇرۇپلا) مېنى ئەڭ يېقىن دوستۇمدىن
ئايرىۋېتىۋاتىمادۇ!

مەمۇرجان مەن ئۇنىڭدىن بۇرۇن لايىق
تېپىۋالغىنىمدىمۇ، ئۇ قىز باللىق بولۇپ،
مەن ئوغۇللۇق بولغان چېغىمىزدىمۇ هەسەت
قىلمىغان، بەلكى، خۇشاللىق بىلەن مېنى
تەبرىكلىگەنىدى. لېكىن مېنى ئۆستۈرگۈدەك
دېگەن گەپ چىققاندىن كېيىن بولسا...
هەي، مەن نېمىدېگەن بەختسىز ـ هە!
نېرۋىسى قوزغىلىشقان ئايالىم: «دوستۇم ـ
دوستۇم دەپ ئۆلۈپ تۇرۇسىز، مانا كۆر-
دىڭىزمۇ، دوست دېگەن مۇشۇنداق كۈنلەر-
دە سىنىلىدۇ» دەپ كوتۇلداپ كەتتى. بىر
هېسابتا ئۇنىڭ دېگىنىمۇ توغرا. سىناقتىن
ئۆتكەن دوست هەقىقىي دوست بولالايدۇ.
لېكىن مېنىڭ مەمۇرجان بىلەن بىر ئۆمۈر
دوست بولۇپ ئۆتكۈم بارىدى. ئۇنىڭ قەل-
بىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە بىر كۈنلەردە باش
كۆتۈرۈپ چىقىش پەيتىنى كۈتۈپ تۇرغان
شەيتان ۋەسۋەسىسى — هەسەتخورلۇقنى
بارلىقىنى سېزىدىغان كۈندىن ئىلگىرى
ئۆلۈپ كېتىشكە رازى ئىدىم. لېكىن مەن
بۇ بەختكە نائىل بولالمىدىم. شۇنداق ئىكەن
مەن بەختسىز بولماي، كىم بەختسىز بول-
سۇن؟!

خالايىق، مېنى قۇتۇلدۇرۇڭلار، مېنىڭ
باشلىق بولغۇم يوق!

مەسئۇل مۇهەررىر كامىل تۇرسۇن



سۇلتان هاشىم

# يوچۇن ئادەم

(هېكايە)

ئايدىڭ كېچە.

باغچە ئىچى سېھىرلەنگەندەك جىم-جىت، يېنىك سالقىن شامال رەڭمۇ رەڭ گۈللەرنىڭ، پىشقان مېۋىلەرنىڭ خۇش بۇي ھىدىنى تارقىتاتتى، پاكار، تەكشى قىرقىلغان قارىياغاچلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئاسفالت يوللار ئاي نۇرىدا كۈمۈشرەڭ پاياندازى سېلىنغاندەك پارقىرايتتى، يول قىرىنى بويلاپ كەتكەن ئېرىقتىكى سۇنىڭ يېنىك شىرىلدىشى، دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ شىلدىرلىشى كېچىنىڭ ئارامبەخش سالقىن ھاۋاسىغا قوشۇلۇپ كىشىگە راھەت بېغىشلايتتى.

قويۇق دەرەخلەر ئاستىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ياغاچ ئورۇندۇقتا بىر جۈپ قىز-يىگىت بىر-بىرىگە يېقىن، چاپلىشىپ دېگۈدەك ئولتۇرۇشاتتى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شادلىق ۋە لەززىتىگە دائىمىي سىرداش بولغان ئايدىنمۇ ئۆزلىرىنى پىنھانىغا ئېلىشقان، ئايمۇ ئۇلار بىلەن ئويناشقاندەك، قويۇق يوپۇرماقلار ئارىسىدىن يول تېپىپ، ئۇيەر-بۇ يەرگە ئالا-بۇلا كۆلەڭگۈسىنى تاشلىغانىدى، مۇھەببەت ئۇلارنى ئەسىر قىلغان، ئۇ ئەر ھەممىنى ئۇنتۇغانىدى، ئەتراپتا ئۆزلىرىدىن بۆلەك بىرەر ئىنسان بولمىسىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرى ئاڭلىغۇدەكلا پىچىرلىشىپ سۆزلىشەتتى، بۇلدۇقلاپ چىقىپ تۇرىدىغان بۇلاق سۈيىدەك ئۇلارنىڭ گەپلىرىنىڭمۇ ئاخىرى تۈگىمەيتتى، ئارىلاپ قىزنىڭ بوش لېكىن زىل، يېقىملىق كۈلكىسى ئاڭلىنىپ قالاتتى.

ئارقا تەرەپتىن شىتىرلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، قىز چۆچىگەندەك بولۇپ ئورنىدا يېنىككىنە قىمىرلىدى، يىگىت ئۇنىڭ مۈرىسىدىن قولىنى ئارتىلدۇرۇپ، سىلىق بىلىكىدىن سىلاپ تۇرۇپ، پاقىغۇ دەيمەن، قورقىماڭ، دەپ پىچىرلىدى ۋە قىزنى ئۆزىگە تېخىمۇ يېقىنراق تارتتى، مۇھەب-

بەتىنىڭ كۆچلۈك ئېقىنى ئۇلارنى يەنە ئۆز قايىنىمىغا تارتىپ كەتتى.

شىتىرلىغان ئاۋاز يەنە تەكرارلاندى، بۇ قېتىم ئۇ خېلىلا ئېنىق بولۇپ، قۇرۇپ قالغان غازاڭنى دەسسىگەن ئاياق تىۋىشىدەك ئاڭلاندى، قىز ئوتتەك يېنىۋاتقان مەڭزىنى يىگىتنىڭ كۆكرىكىگە ياققىنىچە خاتىرجەم ئولتۇرۇۋەردى، يىگىت قىزنىڭ خۇش پۇراق تارقىتىپ تۇرغان يىپەكتەك يۇمشاق چاچلىرىغا ئېگىكىنى سوركىگىنىچە ئاۋاز چىققان تەرەپكە يېرىم بۇرۇلۇپ سىنچىلاپ قارىدى، سەككىز - ئون قەدەم نېرىدا دەرەخ غوللىرىنىمۇ پەرق قىلغىلى بولمىغۇدەك قاراڭغۇلۇقتا بىر قىزىل چېكىت مۇئەللەقتە تۇرغاندەك پالىلداپ تۇراتتى، يىگىت خاۋاتىرلىنىپ، قىزىل چېكىتكە دىققەت بىلەن قارىدى ۋە قىزىل چېكىتنىڭ كەينىدە دەرەخ غولىغا يۆلىنىپ تۇرغان بىر گەۋدىنى پەرق قىلىپ ئالالىدى، ئادەم، — دېدى ئۇ ئىچىدە. ئۇنىڭ بەدىنى سوغۇق بىر تىترەكتىن تىكەنلەشتى، — نېمە قىلىپ يۈرگەن ئادەمدۇ بۇ، نېمىشقا ئارقىمىزدا مۆكۈنۈپ تۇرىدۇ، مەستىمىكىن - يا.

يىگىت قىزنى چۆچىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن يەنە ئاۋۋالقىدەك تۈزىلىنىپ ئولتۇردى، ئۇ ئەمدى ئارقىسىغا قارىمىدى، لېكىن دەرەخ تۈۋىدە ئادەم بارلىقىغا ئىشەندى، يېنىك شامال ئۇچۇرتۇپ كەلگەن تاماكىنىڭ ئاچچىق، قاڭسىق پۇرىقىمۇ بۇنى ئىسپاتلايتتى، بۇ قانداق ئادەمدۇ، ئەگەر ئۇ مەست ئادەم بولسا ئاللىقاچان ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆزىنى ئاشكارىلىغان بولاتتى، دەرەخ تۈۋىگىچە تىۋىش چىقارماي كېلىپ يوشۇرۇنۇپ تۇرغىنىغا قارىغاندا، بىر مۇددىئا بىلەن ئۇلارنىڭ پېيىگە چۈشكەن ۋە پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان ئادەم بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

يىگىتنى سۈر باستى، ئۇ ئەندى قىزنى ئەركىلىتىدىغان ئوتلۇق سۆزلەرنى پىچىرلاشتىن توختاپ قالدى، يىگىت سەگەكلىك بىلەن ئارقا تەرەپتىن كېلىدىغان ھەر بىر تىۋىشقا قۇلاق سالاتتى. لېكىن ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمايتتى، كىشىنى ھوزۇرلاندۇرغۇچى بايىقى جىمجىتلىق ئەندى ئۇنىڭغا گۆرىستان جىمجىتلىقىدەك سۈرلۈك، ئېرىقتىكى سۇنىڭ شىرىلدىشى، دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ شىلدىرلىشىمۇ قانداقتۇر بىر پالاكەتتىن بىشارەت بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى، ئۇنىڭدا ئاڭسىز ھالدا ۋاقىتنىڭ قانچىلىك بولغانلىقىنى بىلىش ئىستىكى تۇغۇلدى، ئۇ قىزنىڭ مۈرىسىدىكى قولىنى ئېھتىيات بىلەن سەل كۆتۈرۈپ سائىتىگە قارىدى، فوسفورلۇق سىپىرلار ۋاقىتنىڭ كېچە سائەت بىر بولغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇراتتى، ئاھ خۇدا، — دەپ نالە قىلدى يىگىت ئىچىدە، — ماڭا نېمە بولغان، مۇنداقمۇ قارا باسقان بارمۇ، ئىنسى جىنمۇ قالمىغان بۇ باغچىدا تۈن يېرىمىغىچە ئولتۇرغىنىم نېمىسى، كاشكى كېچىلىرى يوشۇرۇنۇۋېلىپ يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان، قىزلارغا زورلۇق قىلىدىغان ئىشلارنىڭ بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىمىغان بولسام.

يىگىت ئۆزىنىڭ بىخەستەلىك قىلغانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈندى. قىز بىرنەچچە قېتىم «قايتايلى، كەچ بولۇپ كەتتى» دەپ قوزغىلىشقا تەمشەلگەندە، ئۇ يەنە بىردەم ئولتۇرايلى، دەپ ئۇنىمىغانىدى، ئەمدى ھەر قانچە پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ

ۋاقتىنى كەيىنگە سۈرگىلى بولمايتتى،
يوچۇن ئادەمنىڭ مەقسىتىنى بىلگىلى بولـ
مىسىمۇ، ئۇنىڭ يوشۇرۇنۇپ تۇرغىنىنىڭ
ئۆزى ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيتتى،
ئەگەر يىگىت ئۆزى يالغۇز بولغىنىدا
ئىدى، قادىلىپ كەلگەن ھەر قانداق
خەۋپنى ھازىرقىدەك چۆچۈپ كەتمەستىن
كۆتۈشكە، ئىش يامىنىغا ئايلانسا، ئاخىرى
غىچە ئېلىشىشقا بەل باغلىيالايتتى، لېكىن
ھازىر ئۇ ئۆزىدىن ئەمەس، قىزدىن
ئەنسىرەيتتى، ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بەش
كۈندىن كېيىن توي قىلىدىغان، ئۆمۈر-
لۈك سىرداش بولىدىغان جېنىدىن
ئەزىز بىر نازۇك قىز بار ئىدى، ئۇ ئەنە
ئاشۇ قىز ئۈچۈن قانچىلىغان كېچىلەرنى
ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى، تولغاندى، ئۈمىد-
سىزلەندى، لېكىن ۋىسالغا يېتىش ئارزۇسى
دىن ۋاز كەچمىدى. قىزمۇ ئەتراپىدا
پەرۋانىدەك ئەگىپ يۈرگەن، ئالىي تۇرمۇش
ۋەدە قىلىشقان ئابرۇيلۇق، مال ـ دۇنيالىق
يىگىتلەرنى تاشلاپ، «كىتاب خالتىسى»
دەپ نام ئالغان بۇ يىگىتنى تاللىغانىدى،
يىگىت بېشىغا قونغان بەخت قۇشىدىن
تېرىنىگە سىغمايتتى، ھېلىغىچە رەقىبلىرى-
نىڭ ھەسەتخورلۇق، ئۆچمەنلىك قىلىۋات-
قىنىدىن، ئۇلارنىڭ غەزەپلىك تەقىپلىرىدىن
قۇتۇلالمىغانلىقىنىمۇ ھېس قىلاتتى.

— قىز يۈزىنى يىگىتنىڭ كۆكسىدىن
ئاجرىتىپ رۇسلىنىپ ئولتۇردى، يىگىت
خىلۋەتسىرلەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا قارىدى،
قىزنىڭ ئۇدۇل قاراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن
خاتىرجەملىك چىقىپ تۇراتتى.

يىگىت ئېغىرلىشىپ كەتكەن قولىنى
ئاستا قوزغاپ، قىزنىڭ تىزى ئۈستىدىكى
قولىغا قويىدى ۋە شۇ ھامان چۆچۈپ
كەتتى، قىزنىڭ قولى مۇزلاپ كەتكەن
بولۇپ، تىترەپ تۇراتتى، قىز خۇددى
ئۈنسىز جاۋاب بەرگەندەك يەنە بىر قولىنى
يىگىتنىڭ قولى ئۈستىگە قويدى، بۇ
قولمۇ شۇنداق سوغۇق ۋە تىترەپ تۇرات-
تى، يىگىت ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ چەكچەيگى-
نىچە قىزغا قاراپلا قالدى ۋە شۇ دەقى-
قىدە قىزنىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن، ئۆزىنى
تۇتۇشىدىن ھەممىنى چۈشەندى، ياق، قىز
ھەممىنى سېزىپ، بىلىپ تۇرغان، ئەگەر
قورققانلىقىنى قىزلارغا خاس يېنىكلىك
بىلەن بىلىندۈرۈپ قويسا، يىگىتنىڭ ھودۇ-
قۇپ دىلغۇل بولۇپ قالىدىغانلىقىغا كۆزى
يەتكەن، شۇڭا ئۇ ئۆزىنى ھېچنېمىنى
بىلمىگەنگە سېلىپ ئولتۇرغان.

ئارقا تەرەپتىن سەرەڭگە تېلىنىڭ
سۈركەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، سۈسقىنا
يورۇقلۇق ئۇلار ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ
ئەتراپىغىچە يېتىپ كەلدى، قارىغاندا
يوچۇن ئادەم ئەمدى ئۆزىنى يوشۇرۇشنى
خالىمايدىغاندەك قىلاتتى، دېگەندەك قەدەم
تىۋىشى ئاڭلاندى، يىگىت بايىقىدەك
بېرىم بۇرۇلۇپ ئارقىسىغا قارىدى، يوچۇن
ئادەم ئۇدۇللاپ كەلمەي ئەسلىدىكى ئارى-
لىقنى ساقلىغان ھالدا ئايلىنىپ مېڭىپ،
قىزنىڭ يان تەرىپىگە توغرىلىنىپ توختى-
دى، بۇ جاي تېخىمۇ قاراڭغۇ ئىدى،
ئالدى بىلەن قىزغا تاشلىنىپ مېنى ھودۇقتۇر-
ماقچى،— دېدى ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرى-
كىتىنى كۈزىتىپ تۇرغان يىگىت ئىچىدە،—
قېنى، كۆرەرمىز. يوچۇن ئادەمدە پىچاق
بولۇش ئېھتىمالىنى ئويلاپ، ئۇنى يەنە
قورقۇنچ باستى، ئۇ ئۆزىدىمۇ شۇنىڭغا
ئوخشىشىدىغان بىرەر نەرسە چىقىپ قالىدى-
غاندەك شىمىنىڭ يانچۇقلىرىنى سىلاشتۇردى،

ئۇنىڭدا ئىككى دانە ئاچقۇچ ئۆتكۈزۈلگەن
هالقا ۋە ئۇنىڭغا ئۇلانغان ئىنچىكە زەنجىر-
دىن باشقا هېچنېمە يوق ئىدى، يىگىت-
نىڭ خىيالىدىن، نېمىلا بولمىسۇن ئەمدى
ئولتۇرۇۋېرىشكە بولمايدۇ، ئۇنىڭ بېسىپ
كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرماسلىق كېرەك،
دېگەن بىر پىكىر لىپ قىلىپ ئۆتۈپ
كەتتى، ئۇ شۇ پىكىرنىڭ تۈرتكىسىدە ئور-
نىدىن قانداق تۇرغانلىقىنى، قىزنىڭ قوز-
غالماڭ، بارماڭ دەپ ئەنسىز پىچىرلاپ،
چىڭ تۇتۇۋالغان قوللىرىدىن قولىنى قانداق
بوشاتقانلىقىنى هەم يوچۇن ئادەمنىڭ
ئالدىغا قانداق بېرىپ قالغانلىقىنى
بىلمەيتتى.

— تاماكام تۈگەپ قاپتۇ...بولسا بىر
چەكتۈرگەن بولسىڭىز،— دېدى يىگىت
هېچقانچە ئويلىنىپ تۇرمايلا ئاغزىغا كەل-
گەن، لېكىن هازىرقى ئەھۋالغا باپ كېلى-
دىغان گەپنى قىلىپ.

يوچۇن ئادەمنىڭ تۇرقىدا ئۆزگىرىش
بولمىدى، ئۇ دەرەخ غولىغا يۆلىنىپ تۇر-
غىنىچە، ئاغزىدا قىسقالغان تاماكا ئىسىنى
يىگىتنىڭ يۈزىگە قارىتىپ پۈۋلىدى،
بۇنىڭ بىلەن يىگىتنى مەسخىرە قىلغانلىقى-
نى، هەرقانداق ئېھتىمالغا تەييارلىقى
بارلىقىنى بىلدۈردى، بۇنى يىگىتمۇ سەزدى،
ئۇ يوچۇن ئادەمنىڭ يۈزىنى كۆرەلمىسىمۇ،
قاشلىرىغىچە باستۇرۇپ كىيىۋالغان كەپكى-
سىنىڭ ئاستىدىكى غەزەپلىك كۆزلىرىنىڭ
ئۆزىگە نەشتەردەك قادىلىپ تۇرغانلىقىنى
هېس قىلدى.

يوچۇن ئادەم ئۇنچۇقماستىن يانچۇ-
قىدىن بىر قاپ تاماكىنى ئالدى ۋە سىلكىپ
بىر تال چىقىرىپ تەڭلىدى، يىگىت تاماكىنى
ئېلىپ قولىدا تۇتۇپ تۇرۇۋەردى، يوچۇن
ئادەم قولىدىكى تاماكىسىنى ئۇزاتتى، يىگىت
تاماكا چەكمەيدىغان ئادەملەردە بولىدىغان
بىر ئەپسىزلىك بىلەن تاماكىنى شوراپ
ئەمدىلا تۇتاشتۇرۇپ تۇرۇشىغا، كۈچلۈك
ئىككى قول ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئامبۇردەك
قىسىپ تۇتۇۋالدى، تاماكا يەرگە چۈشۈپ
كەتتى.

— سىناپ باقماقچى بولۇپ كەلدىڭ-
مۇ؟— دېدى يوچۇن ئادەم خىرقىراپ تۇرۇپ
ۋە ئۇنى تېخىمۇ قاتتىقراق قىسىپ ئۆزىگە
يېقىنلاشتۇردى،— مېنى بىلمىدى دەمسەن
قورقۇپ بەزگەكتەك تىترەپ ئولتۇرۇ-
غىنىڭنى!

نەپسى بوغۇلۇپ قالغان يىگىت ئۇنىڭ
قوللىرىنى ياقىسىدىن ئاجرىتىشقا كۈچەندى،
لېكىن بۇ قوللار شۇنچىلىك قاتتىق هەم
كۈچلۈك ئىدىكى يىگىت قانچە كۈچىگەن
بولسىمۇ بوشىتالمىدى، يوچۇن ئادەم ئۇنى
قاتتىق بىر سىلكىپ ئاندىن قويۇۋەتتى.

— نامەرت ئىكەنسەن،— دېدى يىگىت
هاسىراپ تۇرۇپ،— بىر تال تاماكا جان
ئەمەسقۇ، شۇنىڭغىمۇ ...

— خۇپسەنلىك قىلما،— يوچۇن ئادەم
ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى،— ئالدىمغا كەل-
گىنىڭ ئۈچۈن جېنىڭ ئامان قالدى. ياخ-
شىلىقچە كۆزۈمدىن نېرى بول، بولمىسا
مەندىن رەنجىمە. ماڭا كېرىكىمۇ سەن
ئەمەس...

مۇنداق ئوچۇق - ئاشكارا خورلۇق
يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىنى قاخشاتتى، ئۇنىڭ
كۆزلىرىگە قان قۇيۇلدى، بەزىدە شۇنداق
بولىدۇ، ئۆزىنى كۈچسىز چاغلىغان ئادەم
ئىززەت - نەپسى يەرگە ئۇرۇلۇۋاتقان ئاخىر-
قى پەيتتە خۇددى غايىپتىن سېھىرلەنگەن-
دەك بىردىنلا كۈچلىنىپ كېتىدۇ - دە،

دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. يىگىتمۇ شۇنداق بولدى، ئۇ ئۆزىدە پەيدا بولغان ئاجايىپ بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە مەدەتلىنىپ، يوچۇن ئادەمنىڭ ئالدىنى توستى.

— سەن كېچىلىرى يول توسۇپ ئۆگىنىپ قالغان ئوخشايسەن، — دېدى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — بۇ ئەركەك تۈكى بار ئادەم قىلىدىغان ئىش ئەمەس ھەم ئۇنداق ئاسان ئىشمۇ يوق.

يوچۇن ئادەم ئەمدىلا بىر قەدەم بېسىۋالغانىدى، پۇتلىرى يەرگە چاپلىشىپ قالغاندەك، ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى.

— ياخشىغۇ، — ئۇ ئاچچىق كۈلدى، — كىتاب خالتىسىدىنمۇ شۇنچىلىك گەپ چىقىدىكەن - ھە، بولىدۇ، ئاسان - ئاسان ئەمەسلىكى ھېلىلا مەلۇم بولىدۇ، مەن جاننى ئالقىنىمغا ئېلىپ كەلگەن ئادەم. مەيلى، كېيىن مېنى نېمە قىلىشسا قىلىشسۇن، ماڭا تىرىك تۇرۇپ ئازاب چەككەندىن ئۆلۈم ئەۋزەل...

يىگىت نېمىندۇر پەملىگەندەك بولدى، لېكىن ھازىرقى ئەھۋالدا كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي تەلۋىلەشكەن ئادەمگە ئۇنى چۈشەندۈرۈش بىمەنىلىك ئىدى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن باشقا بىر گەپ چىقتى:

— مەنمۇ جېنىمنى تىكىپ قويدۇم...

يىگىت گېپىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرۈشكە ئۈلگۈرەلمىدى، يوچۇن ئادەم بايىقىدىنمۇ چەبدەسلىك بىلەن ئۇنىڭ ياقىسىدىن قاماللاپ تۇتۇپ كۈچ بىلەن ئايلاندۇردى - دە، بېشىنى دەرەخ غولىغا ئۇردى. بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇ قېتىم بوش كەلمىدى، بېشىنىڭ زىڭىلداپ ئاغرىشىغا بەرداشلىق بېرىپ يوچۇن ئادەمنىڭ قوللىرىنى تۆۋەنگە باستى. مۇنداق كۈچلۈك قارشىلىق يوچۇن ئادەمنىڭ جەھلىنى قاتۇردى. ئۇ ئوڭ قولىنى سىلكىپ بوشىتىۋېلىپ غولىچىنى كەردى.

— توختاڭ!

ئىككى - ئۈچ قەدەم نېرىدا تۇرغان قىزنىڭ جاراڭلىق، قەتئىي ئاۋازى ئىككىلىنىپ ئۈچۈن ھاۋا گۇلدۇرلەپ، چاقماق چاققاندەك تەسىر كۆرسەتتى. تۈگۈلگەن مۇشلار بوشاشتى. كۆتۈرۈلگەن، كېرىشىپ كەتكەن قوللار جانسىزلىنىپ ساڭگىلاپ قالدى. يوچۇن ئادەم تۇيۇقسىز مەيدىسىگە مۇش تەككەندەك كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ، دەرەخ غولىغا يۆلىنىپ قالدى.

قىز يوچۇن ئادەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ دېدى:

— قىز بالا قەلبىنى بىرلا ئادەمگە بېغىشلىيالايدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، سىزگە مەيلى بولمىغان بىر قىزنى ئۆزىڭىزگە زورلاپ بويسۇندۇرالامسىز؟

ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشىدا، ئاۋازىدا جان بىلەن ئېلىشىشقا يۈزلەنگەن بۇ قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشكە ماس كەلمەيدىغان ئاجايىپ بىر خاتىرجەملىك، قەتئىيلىك بار ئىدى.

يىگىت قىزنىڭ بۇنداق پەيتتىكى جۈرئىتىگە ھەيران قالغان ھالەتتە قاراپ قالغانىدى، ئۇنىڭ قەلبىدە قىزغا بولغان مۇھەببەت، ھۆرمەت يەنىمۇ كۈچلۈك يالقۇنلاپ، ۋۇجۇدى تەڭداشسىز كۈچكە تولغاندەك بولدى.

ئەتراپتا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان جىمجىتلىق كىشى ئەيمەنگۈدەك سۈرلۈك ئىدى.

يوچۇن ئادەم ئېغىر پۇشۇلداپ، بىر قولى
بىلەن دەرەخكە تايىنىپ سەل ئىڭىشتى ۋە
ئىككىنچى قولى بىلەن يۈرىكىنىڭ ئاغرىقى-
نى باسماقچى بولغاندەك مەيدىسىنى ئۇگى-
لىدى، مىجىدى، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى ھۇ-
جۇمغا ئۆتۈشنىڭ تەييارلىقى دەپ چۈشەن-
گەن يىگىت مۇشلىرىنى تۈگۈپ، ئۇنى ھوش-
يارلىق بىلەن تەقىپ قىلاتتى. ئۇنىڭ نە-
زەرىدە ئاخىرىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بول-
مايدىغان بىر ۋەقە - پاجىئە يۈز بېرىش
ئالدىدا تۇراتتى، ئازلا قالدى، يەنە بىر
نەچچە سېكۇنت...

يوچۇن ئادەم ئالدىرىماستىن قەددىنى
رۇسلاپ، سوزۇپ بىر ئۇھ تارتتى-دە،
خۇددى ئۆز-ئۆزىگە سۆزلىگەندەك:

— خەير، كېرەك يوق... نېسىپ قىلمى-
غان ئىشقا... — دېدى بوغۇلۇپ، كېيىن يەنە
نېمىدۇر دېمەكچى بولۇپ جىمىپ قالدى،
گەپ قىلالمىدى. پەقەت ئۇنىڭ ئاغزىدىن
ئاچچىق ئەلەم، ئۈمىدسىزلىكنى بىلدۈرىدى-
غان بىر خىل ئىڭراش چىقتى. بىر پەس-
تىن كېيىن قولىنى كەسكىنلىك بىلەن
سىلكىپ، مەس ئادەمدەك ئېغاڭلاپ ماڭغى-
نىچە ئۇلاردىن يىراقلاشتى ۋە بىردەمدىلا
قويۇق دەرەخلەر ئارىسىدىكى قاراڭغۇلۇقتا
غايىپ بولدى. قىز-يىگىت يوچۇن ئادەم
سىڭىپ كەتكەن قاراڭغۇلۇققا خېلىغىچە ئۇن-
چۇقماي قاراپ تۇرۇشتى.

— سىز ئۇنى تونۇمتىڭىز؟ — سورىدى
يىگىت جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ
ئورۇنسىز سوئال سورىغانلىقىنى شۇ ھامان
سېزىپ، ئوڭايسىزلانغانلىقىدىن چەتكە
قارىۋالدى.

قىز يىگىتنىڭ سوئالىنى ئاڭلىمىدى،
ئۇ يوچۇن ئادەم غايىپ بولغان تەرەپتىن
كۆزىنى ئۈزمەسكەنىدى، ئۇ بۇ ئادەمنىڭ
ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولالمىغۇ-
چىلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى قىزلاردا
بولىدىغان نازۇك، سەزگۈر تۇيغۇ بىلەن
ھېس قىلغانىدى. ئۇنىڭ بۇ ئادەمگە
ئىچى ئاغرىپ قالغانىدى.

يىگىتمۇ ئۆز كۆڭلىدە يوچۇن ئادەم-
گە بولغان دۈشمەنلىكىنىڭ تارقاپ، ئۇنىڭ
ئورنىنى ئاۋۋال ئېچىنىش، كېيىن ھۆرمەت
تۇيغۇسى ئىگىلىگەنلىكىنى ھېس قىلماقتا
ئىدى، ئۇنى يەر چىشلىتىپ قويۇپ، قارام-
لىق بىلەن مەقسىتىگە يېتەلەيدىغان بۇ ئا-
دەم خۇددى قاباھەتلىك چۈشتىن ئويغان-
دەك، ئۆزىنىڭ يېڭىلگەن مۇھەببىتىگە تەن
بەرگەنىدى.

ئىككىسى ئۈنچۇقماي قوزغىلىشتى ۋە
تولۇن ئاي نۇرى يورۇتۇپ تۇرغان ئاسفا-
لىت يولغا چۈشۈپ خاتىرجەم مېڭىپ
كېتىشتى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئابلىز ھەسەن

# ئىككى شېئىر

## نورۇز ئاي

كۈمۈش كۈن باشئەگىمنى ئىللىتقاندا،
ئۇرغۇيدۇ يەرنى سۆيۈپ مەيىن شامال.
تەبىئەت يەر يۈزىگە گۈل تۇتقاندا،
تاشلايدۇ يۇلتۇز تېخى سۈتتەك رومال.

يۇمشاق يەر نۇر ئىلكىدە تاۋلىنىدۇ،
جانلىنىش بەخىش ئېتەر نورۇز ئېيىم.
قويۇشقا كۆچەت باغۋەن ئاتلىنىدۇ،
ئالدىزار كىيىشكە يەر يېشىل كىيىم.

ئادىمى باغۋەن يۇرتنىڭ، يېرى بوستان،
قويغىنى كۆچەت ـ بەخت كەلگۈسىگە.
نورۇزلۇق كۆچەتلىرى پۈتمەس داستان،
تىككىنى مەنسۇپ ھامان ئېگىسىگە.

دەنىزدىلىدىن، ئۇلاستايدىن، سۆگەتتۇغىدىن،
شامىلى كەلدى ئىللىق نورۇزۇمنىڭ.
كۆكەرتەر بەرى بولغاچ قەلبى چوغىدىن،
ئېگىسى ئۆزى نۇرلۇق كۈندۈزۈمنىڭ.

## شوتىنى تەپمە

شوتىنى تەپمە ئۆزۈڭ چىقىۋېلىپ،
چۈشۈشكە قانىتىڭ يوق ئاخىر پەسكە.
يىقىلساڭ ھەمدەم لازىم يۆلەيدىغان،
قالمىغاي ھاڭغا غولاپ كۈنۈڭ تەسكە.

قانچە كۆپ چىقسا ئاڭا شۇنچە ياخشى،
يالغۇز گۈل سۇسىز قالسا باغ بولالماس.
چۆلنى باغ قىلماقتا كۆپ غۇنچە ياخشى،
بىر تال تاش بىر تال پەقەت، تاغ بولالماس.

ئاۋۇت مۇھەممەدى

## ئاھ، گۈزەل ئۈرۈمچى سۆيۈملۈك ماكان

ئاھ، گۈزەل ئۈرۈمچى، سۆيۈملۈك ماكان،
يۇرتۇمنىڭ كۆزى ھەم ئېپتىخارى سەن.
يۈرىكىم تەلپۈنەر ساڭا ھەر قاچان،
كۆڭۈللەر ئەركىنىڭ قىبلىگاھى سەن.

ئەلۋەك كۆز سەپەرگە بوپ قالدى نېسىپ،
ئىشقىڭدا بىتاقەت ئۆرلىدىم كۆككە.
يۇلتۇز، ئاي، تاغلارغا ماڭدىم كۆز قىسىپ،
شاتلىقىم قىيانى پاتماي يۈرەككە.

تۈن نىسپى كەپ، قالدۇق شۇ كۈن شەھەرگە،
تونۇدۇم يۇلتۇزدەك چىراغلىرىڭدىن.
ئايلىنىپ ئۈستۈڭدە قونغىچە يەرگە،
مەست بولدۇم ۋىسالى پىراقلىرىڭدىن.

جەننەتتەك كۆرۈندۈڭ ئەزىمەت شەھەر،
بولۇپتۇ گۈزەللىك ساڭا مۇجەسسەم.
روھىمنى ئۇرغۇتتى مۇبارەك سەھەر،
سالامىلار ئىلكىدە تاشلىدىم قەدەم.

ھەممە ياق چىمەنزار، يوللىرىڭدا گۈل،
ئەتىرنىڭ ھىدى بار تىنىقلىرىڭدا.
ياقۇتتەك چاقنايدۇ بىنالار پۈتكۈل،
زۇمرەتلەر ئاقىدۇ ئېرىقلىرىڭدا.

تاغلىرىڭ جۇلالىق خان ئەتلەسىدەك،
شاھسەنەم باغلىرى كەلگەنمۇ كۆچۈپ.
تاڭ سېنى قۇچاقلاپ يۈز سەپدىشىدەك،
تۇرۇپتۇ غۇبارسىز نۇرىنى تۆكۈپ.

پەرىشتە مىسالى بۇندا رەنالار،
تەپچىيدۇ مەغزىدە پاكلىقنىڭ قېنى.
ئۈيۈشقان قوينۇڭغا پىكرى دەنالار،
ئاشۇلار گۈزەل قىپ بېزىگەن سېنى.

ياشلىرىڭ ئۈمىدۋار، دىللىرى يورۇق،
ئۆرلەپتۇ ئىلىمدىن چىقىرىپ قانات.
دەۋرىمگە مۇھەببەت باغلىغان تولۇق،
دىلىدا بار ئۇلۇغ غايە، ئېتىقاد.

ئادەملەر ئادەملىك قەدرىنى تېپىپ،
تاغلارنى تاغلارغا ئۇلايدۇ سەندە.
كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە مېھىرلەر ئېقىپ،
قىلىدۇ مۇستەھكەم بىرلىك بەخشەندە.

ئاخشىمى قوينۇڭدا قىزىتار بەزمە،
ئېزدىشىپ، سىردىشىپ دىلكەش كۆڭۈللەر.
ئوقۇيدۇ شەنىڭگە شائىرلار نەزمە،
كۆڭۈللۈك ئۆتىدۇ سەندە بۇ كۈنلەر.

ھىممەتلىك قۇچىقىڭ ھىكمەتلەرگە باي،
ھىكمەتلەر مەن بىلەن قىلىشتى سۆھبەت.
سۆھبەتكە ئاشىقمەن، باغاق ياز باراي،
ئايرىلماس كۆڭلىمىز مەڭگۈلۈك ئۇلپەت!

مۇھەممەتجان ئەمەت

## شېئىر ۋە رۇبائىيلار

### قارلىغىچىم قايتار يەنە

ئىمىشكە سېنىڭدىن رەنجىشكە ھەقلىق
دەلۋەنىڭ قۇياشى ئاجىز پىلدىرلاپ.
قونماستىن كېتىدۇ قىلىن قۇشقاچلار
دېرىزەم ئالدىدىن قانداقچە ئاتلاپ؟

بىلىمەن يالاڭدۇز مېنىڭ دېرىزەم،
باھارنى چۈشەپلا چىقىدۇ قىشتىن.
باشقا ئەمەس، بار غېمى قارلىغىچىمنىڭ
تىترىگەن تۇرۇسقا ئۇۋا سېلىشتىن.

ئېپكىلەر ئەتىلا باھارنى تىلەپ،
چىرايلىق سەھرايىم ئورمانلىرىغا.
چاچىتەڭگە سېلىشار سۆگەتلەر تامام،
سەھرانىڭ مەسۇم قىز - جۇۋانلىرىغا.

قايىنىشار چېچەكلەر دەريادا پەۋەس،
قايتار ھەم قارلىغاچ ئۆيۈمنى كۆزلەپ.
ئولتۇرۇپ چەللەمنىڭ قۇرۇق شېخىدا،
بېرەر ئۇ ھەممىنى قالدۇرماي سۆزلەپ.

* *

ئاخىرى ھىجران ئوتىدا داغلىدىڭ،
بىر قارا تەگسىز دېڭىزغا باغلىدىڭ.
كاشكى مەن كۆڭلۈڭ سىرىنى بىلمىسەم،
سەن مېنى نېمانچە نادان چاغلىدىڭ؟

* *

بىلمەيمەن تەمەنى تەمە بولمىغاچ،
باسمىدىم گۈلۈڭنى ئەما بولمىغاچ.
تىكىنىڭ سانچىلدى، دەسسىدىم، سۇلدى،
قورقمىدىم ئۆزۈمدە گۇناھ بولمىغاچ.

باۋۇدۇن نەياز

## خەۋەر بەرگىن يارىمدىن

ئاسماندىكى تولۇن ئاي، نىگارىمنى كۆردۈڭمۇ؟
سۆيگۈ باغىم بۇلبۇلى دىلدارىمنى كۆردۈڭمۇ؟

ھەر ئاخشىمى تەلمۈرۈپ ئىنتىزارمەن يولىغا،
مېھرى ئاتەش كۆزلىرى خۇمارىمنى كۆردۈڭمۇ؟

رەشك ئەيلەپ مېنىڭدىن ئالدىڭمۇيا دالدىغا،
گۈلزارىمدا ئېچىلغان رەيھانىمنى كۆردۈڭمۇ؟

داۋاسى يوق بىمارمەن، بولغاچ ياردىن جۇدامەن،
مېنىڭ بىمار قەلبىمگە شىپاھىمنى كۆردۈڭمۇ؟

ۋىسال ئىشقى شۇ تاپتا پارە قىلدى يۈرەكنى،
مېنىڭ سەرۋى قامەتلىك چىنارىمنى كۆردۈڭمۇ؟

رەھىم قىلغىن تولۇن ئاي، خەۋەر بەرگىن يارىمدىن،
ھىجران بىلەن سارغايغان رۇخسارىمنى كۆردۈڭمۇ؟

غەيرەت غوپۇر

## ئىككى شېئىر

### دەريا قىرغىقىدا

تۇرىمەن ساھىلىدا شوخ دەريانىڭ،
شاۋقۇنلار ناخشىسىنى ئاڭلىغان پېتى.
شاماللار سۆيۈپ ئۆتەر يۈزلىرىمنى،
شاۋقۇنلار ناخشىسىنى يادلىغان پېتى.

ئۈنچىلەر كۆمۈش شارپا بولۇپ گويا
ئېسىلار زەر ئۇپۇققا قايتا ـ قايتا.
تۇرۇلۇپ زۇمرەت سۇدا ئۆركەشلىنەر،
قاپتاللار كۆي ئاڭلايدۇ سوكۇناتتا.

يايلىنى سىلكىندۈرۈپ چاپقان ئاتتەك،
كۆرۈنەر زەڭگەر دەريا كەڭ ئۇپۇقتا.
قىيالار، خادا تاشلار قۇش ئۇۋىسى،
قاشتېشى گويا ئۇلار يورۇقلۇقتا.

مەن كەتتىم دولقۇنلارنى يۇدۇۋېلىپ،
ئۇپرىسۇن مەيلى يەلكەم خادا تاشتەك.
ئۆگەندىم ئاھ دەريادىن بىر ناخشىنى،
مەن ئېيتاي ئۇنى شامال يادلىغاندەك...

## سۈبھى دۇنياسى

ياپراقلاردا كۈمۈش قەترە چاقنايدۇ،
سالقىن شامال قانماي سۆيەر مەڭزىگە،
ئۇپۇق يەنە ئاخشامقىدەك قىزارغان،
رەڭلەر سىڭگەن مۇھەببەتلىك زېمىنغە

كەڭلىكلەردە قىقاس - چۇقان كۆچىيەر،
قۇياش كېلەر چاقناپ ئوترەك تاغلاردا،
نۇر چېچىمىسى شۇنچە يارقىن كۆرۈنەر
قومۇلۇقلاردا،
قاپتاللاردا، باغلاردا.

كارۋان يۈرەر يېڭى جۇشقۇن روھ بىلەن،
يۇدۇۋېلىپ يەلكىسىگە جاھاننى.
جاراڭلايدۇ مىس كولدۇرما چۆللۈكتە،
ھەرمەنزىلدە تىنىق قىلىپ بوراننى.

قالدى پەستە ئۇزاپ ئۇپۇق سىزىقى،
قالدى قۇياش يوللىرىدا ئاسماننىڭ.
بۇ مەنزىرە گۈزەل سۈبھى دۇنياسى،
تاتلىق كۈلكە تىنىقىدۇر دۇنيانىڭ...

1986 - يىل ئۈرۈمچى

توختى نەمتۇللا

## دىمىقىدا غىڭشىپ ئۆتەر چال...

دىمىقىدا غىڭشىپ بىر ئاھاڭ،
ئۆتەر كەچتە ئەشۇ تەنھا چال.
كۆزلىرىدە چاقنار قۇياش - تاڭ،
ۋۇجۇدىدا تىپچەكلەر ماجال.

كۆيلىرىدە ياشلىقتىكى ھېس،
قالغانمىكىن سۆيگۈ سېغىنىپ؟
يۈرىكىگە بىراق ئارام قىس،
ئۇ بولمىغان نېمىشقا نېسىپ؟

دىمىقىدا غىڭشىپ غېرىپ كۈي،
كۆلبىسىگە كىرىپ كېتەر چال.
مەش ئالدىدا سۇرۇپ شېرىن ئوي،
لەززەتلەردىن قەلبى بولار لال.

ۋىلىلدىغان ئاتەشتىن ئايان
چال ئالدىدا ئاتەشتەك كۆزلەر.
تالاي كەچمىش كۆزلەردە بايان،
ئاھ، ھەر بىرى قىسسەلەر سۆزلەر.

دىمىقىدا غىڭشىپ مۇڭلۇق كۈي،
بىر نۇقتىدا چال كۆزى تىنار.
كەچمىشلەردىن ياسىلىپ بىر ئۆي،
كەل، دەپ چالنى ئەبەدكە چىللار...

ئاستا - ئاستا ئۈزۈلىدۇ كۈي،
قىڭغىيىدۇ بوۋاي تۆشەككە.
يىللار سېرى پەسلەپ قالدى خۇي،
ئەتە سالار قانداق چۈشەككە؟

ھاشىمجان قادىرى

## ئىستىكىم بار ئالەمگە سىغماس

1

ئانامدىن قۇياش ياسىسام،
ئېرىپ كەتتى پايانسىز ئالەم.
قاچىلىسام بۇ سۇيۇقلۇقنى،
توشمىدى ھېچ ئىستەك پىيالەم.

2

قويسام،
سۇيۇقلاندۇرۇپ ئىستەكلىرىمنى.
يەرشارىنى كۆمزەك قىلىپ
نە ئۇچۇندۇر،
سىغماي پەقەت،
ئۆرلىدى كۆككە خۇددى ۋولقاندەك،
يۇيۇلدى
قۇياش ۋە ئاي،
بىھېساب يۇلتۇز
كەتتى ئۇلار روشەنلىشىپ.

ۋارىسجان قاسىم

## قونسام مەن ئوت ياڭغان كىرپىكلىرىڭگە

كۆزۈمگە كۆزلىرىڭ قاپتۇ باغلىنىپ،
قىينالدىم ئاجرىتىپ ئالالماي ھەيھات!
قونسام مەن ئوت ياڭغان كىرپىكلىرىڭگە،
قىلچىتەك قېشىڭنى قىلىپ جۈپ قانات.

كۆكسۈمدىن تامچىغان قان خەنجەرلىرى،
كېيىندۇ چوققىلار بولسىمۇ قات ـ قات.
ھارارەت ئىلاھى ئىشق يالقۇنۇڭ،
ئېرىتىپ سىماپتەك دېڭىزدۇ دات!

بولمەن مىلك پارە گۆلدۈرمامىدىن،
قايتىلاپ بىرەر جان ئۆلمەس مۇھەببەت.

ياپراقتا تىترىگەن شەبنەم تەنلىرىم،
تەلپۈنەر ۋىسالغا، يوق زەررە تاقەت.

نازاكەت بولىقى ئەي سېھىرلىك كۆز
بەر سۆيگۈ، يا ماڭا كىرپىكىڭنى ئات!
خىتابىم تىترىتەر چەكسىز ئاسمانىنى،
بىراق سەن پەرۋاسىز مۇلايىم جاللات!

ئەي دىلبەر يا نەپىس ھەيكەلمۇ جىسمىڭ،
ساداسىز ئازابلاپ ئۆتەمسەن ئەبەت؟
ئالەمنى سىغدۇرغان ئوتلۇق يۈرەكتە،
يوقمىكەن قايناق ھېس، قۇدرەتلىك نەپرەت؟

ئابدۇراخمان روزى

## ئىككى رۇبائىي

### ياشانغاندا ياشاردى جان

ياشانغاندا ياشاردى جان، راسا ئۇرغۇپ تومۇردا قان،
زامانەم يار، سوزۇك ئاسمان، يۈزىن ئاچتى گۈلى رەيھان.

ئىچىپ سۇ دىل، كۆڭۈل ئازاد، خالاس غەمدىن جىمى ئىنسان،
ئىجاد - ئەمگەك بىلەن بەندەمەن، ۋۇجۇدىمدا تولۇق دەرمان.

### بەختىمك سىنىڭ

هايات ئۇچۇن كۆرەش قىلىپ ياشاپ ئۆسسەڭ بەختىڭ سىنىڭ،
ئەل — ۋەتەن دەپ قان - تەر تۆكۈپ جاپا چەكسەڭ بەختىڭ سىنىڭ.
ئەرنىڭ غېمى ئەلدە دېگەن مەقسەت بىلەن تىنىم تاپماي،
ئېنىق نىشان بويلاپ مېڭىپ ئۆلۈپ كەتسەڭ بەختىڭ سىنىڭ.

مۇھەممەت موسا

## ئىككى شېئىر

### كۆزلەرىم

كۆزلەرىم، ئاھ نۇرلۇق كۆزلەرىم،
ئۈمىدلىرىم ئايان سىنىڭدىن.
نەپرەت بىلەن ئۇرۇسەن خەنجەر
تۈز كورلار گەر ئۆتسە يېنىڭدىن.

كۆزلەرىم، ئاھ نۇرلۇق كۆزلەرىم،
دوستلىرىمغا مېھرىڭ بىھېساب.
قىبلىنامە بولۇپ ئەقلىمگە،
قىڭغىر يولدىن ئالىسەن توسۇپ.

كۆزلەرىم، ئاھ نۇرلۇق كۆزلەرىم،
سەن باشلايسەن گۈزەل چاغلارغا.
ئىنتىلەر سەن مەن بىلەن بىللە،
يېتىمش كەبى ئېسىل باغلارغا.

كۆزلەرىم، ئاھ نۇرلۇق كۆزلەرىم،
نۇرۇڭ بىلەن بېرىسەن جاۋاب.
كىرپىكلىرىم بولۇپ ئىككى سەپ،
قىلار سېنى هېمىشە تاۋاپ.

كۆزلەرىم، ئاھ نۇرلۇق كۆزلەرىم،
تەگدىشىڭ يوق ئالەمدە زىنهار.
سەن باشلىغان مەنزىلگە يۈرۈپ،
چىن سۆزۈمنى قىلىمەن ئىزهار.

### قەلەم

ئوتۇق قىلىپ يۈرىكىمنىڭ قېنىنى،
يازدىڭ قېنى، يارىغۇدەك نېمىنى؟
ساداقەتىنىڭ دەرياسىدا غۇلاچلاپ
ئۈر مەڭگۈگە قىلىپ ئەل - يۇرت غېمىنى.

ئابدۇرېھىم سىدىق

## قۇياش ۋە بۇلۇت

ئاستا - ئاستا ئۆزگەردى هاۋا، كۆرۈنتمدى گۈزەل تاغ - دالا،
يەر - زېمىننى قاپلىدى تۇمان، قۇياش نۇرى توسۇلغاچ شۇئان.

قارا بۇلۇت توسقاچ قۇياشنى،
زەپ يېقىمسىز كۆرۈندى ئەتراپ.
ئۇزۇن ئۆتمەي يېرىپ بۇلۇتنى،
چىقتى قۇياش قايتىدىن چاقناپ.

ھەقىقەتتۇر مىسالى قۇياش،
قارا بۇلۇت تۆھمەتكە مىسال.
تۆھمەت قانچە بولسىمۇ غالىجىر،
ھەقىقەتنى قىلالماس قامال.

بۇلاق ۋە شائىر

ھەۋەس بىلەن قاراپ قالىمەن
سۈيى سۈزۈك پۈتمەس بۇلاققا.
ئۇندىن چەكسىز ھوزۇر ئالىمەن،
كۆيى ئەجەپ ياققاچ قۇلاققا.

بۇلۇقلىغان سۈزۈك بۇلاقتىن
مەن كۆرىمەن شائىر قەلبىنى،
بۇلاق كەبى كۈيلىرى بىلەن
خوش قىلىدۇ ئېزىز خەلقىنى.

ئوبۇل ئەزىزى

## ئىككى شېئىر

### ئايرىلغاندا

ئېسىڭدىن چىقىرىپ خۇش بولساڭ مەيلى،
ۋە لېكىن ئۇنتۇلماي چەكمىگىن ئازاپ.
— كرىستىنا. گى. روسسېت.

ئايرىلىش ئازابى چەكمەستىن ئەسلا،
ئۇزاتتىڭ سەن مېنى، كەتتىم يىراقلاپ.
بىلىمەن، خۇش بولدۇڭ ئايرىلغىنىڭغا،
ۋە لېكىن ئۇنتۇلماي چەكمىگىن ئازاب.

تالاي ئاق كېچىلەر يۈرگەنتۇق بىللە،
باغ ئارا مۈگدىشىپ يۇلتۇزغا قاراپ.
ئېسىڭدىن چىقارساڭ مەيلى شۇ چاغنى،
«ۋە لېكىن ئۇنتۇلماي چەكمىگىن ئازاب».

ئازابسىز شاد ـ خۇرام يۈرگەن ئىدۇق بىز،
ھىجرانلار كەتكەنتى بىزلەردىن تېزىپ.
بىر مېنى كۆيدۈرۈپ كۆڭگەن يۈرىكىڭ
ھەيرانمەن ئاھ ئەمدى كەتمەكتە ئېزىپ.

خوش دېدىڭ، چېھرىڭدە ئويىندى كۈلكە،
يوشۇرۇپ قالمىدى ئەلەمنى كۆزۈڭ.
جۈپ قولۇڭ ھاۋادا قالغاندا لەيلەپ،
بورانغا يەم بولدى ئاخىرقى سۆزۈڭ.

ئايرىلىش ئازابى چەكمەستىن ئەسلا،
ئۇزاتتىڭ سەن مېنى، كەتتىم يىراقلاپ.
سېغىنساڭ بىر كۈنى ئىزدەپ كېلەرسەن،
ناخشاڭنى ئىپ قاچقان شامالنى قوغلاپ.

### ئۆتۈپ كەتتىڭ

ئۆتۈپ كەتتىڭ، ئاھ ئۆتۈپ كەتتىڭ
ئىشىك ئالدىمدىن چىلەك كۆتۈرۈپ.

چالما ئېتىپ مۆكسەم دالدىغا،
قىيا قاراپ قويۇپ هويلامغا،
كېتىپ قالدىڭ كاككۇكتەك كۈلۈپ.

ئۆتۈپ كەتتىڭ، ئاھ ئۆتۈپ كەتتىڭ،
ئىشىك ئالدىمدىن ۋىلىقلاپ كۈلۈپ.
يەرگە باقتىڭ كۆرۈپلا مېنى،
بىر ئوينىتىپ ئاھۇ كۆزۈڭنى،
قويدۇڭ تاتلىق يېنىك يۆتۈلۈپ.

ئۆتۈپ كەتتىڭ، ئاھ ئۆتۈپ كەتتىڭ،
قۇچىقىڭغا دەستە گۈل تېزىپ.
مەن تەلمۈرۈپ چىقسام ئالدىڭغا،
گۈلنى ماڭا قىلار دەپ سوۋغا،
كەتتىڭ نېچۈن گۈلدەك قىزىرىپ؟

ئۆتۈپ كەتتىڭ، ئاھ ئۆتۈپ كەتتىڭ،
چوڭ يول بىلەن بالا كۆتۈرۈپ.
ئوغلۇڭ بىلەن توسۇپ يۈزۈڭنى،
يەرگە تىكتىڭ غەمكىن كۆزۈڭنى،
يۈرمەي نېچۈن گۈلدەك ئېچىلىپ؟

ھەبىبۇللا ئوسمان

## پەرىشتەم

كېسەل ئۈچۈن خۇددى شەپقەت ئىلاھى
كۆرۈنسەن ئاق خالاتلىق پەرىشتەم.
گەپ - سۆزلىرىڭ گويا ھەسەل قىيامى،
پەرۋانىسەن قېشىمىزدا ھېمىشەم.

تۇتساڭ كېلىپ تومۇرۇمنى يېنىمغا،
بىر جۇپ ئاتەش كۆزلىرىڭگە تويمايمەن.
سالساڭ ئۇكۇل تومۇرۇمغا، قېنىمغا،
نازۇك ھېسلار ئېقىنىنى بويلايمەن.

چىقتىم مانا سەللىمازا ياتاقتىن،
بولدى تەسلىم تېنىمدىكى قاباھەت.
قالدى ئەمما يۈرىكىمدە پەرىشتەم
ئىشقىڭ بىلەن ئۆزۈڭ سالغان جاراھەت.

# بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز

## تىرىشچان قەلەم ئىگىسى، ئىشچان باغۋەن



شائىر، كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىي تەرجىمان، پېشقەدەم مۇھەررىر مەھەممەت شاۋۇدۇننىڭ نامى كۆپچىلىككە تونۇش، مەھەممەت شاۋۇدۇن ئۇزاقتىن بۇيان تىرىشىپ ئىزدىنىپ، ئۆزىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق ئەدەبىيات ساھەسىدە مول مېۋە بېرىپ، سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزنىڭ غەزىنىسىنى بېيىتىش ۋە سېپىنى كېڭەيتىشكە ئاكتىپ ھەسسە قوشۇپ كەلمەكتە.

مەھەممەت شاۋۇدۇن 1942 - يىلى 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمىي بۆشۈكلىرىدىن بىرى بولغان كۇبەن — كۇچا ناھىيىسىدە ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1949 - يىلدىن 1953 - يىلغىچە كۇچا شەھەر ئىچىدىكى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1953 - يىلدىن 1956 - يىلغىچە كۇچادا ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1956 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات پاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1960 - يىلى ئىنستىتۇت رەھبەرلىكى ئۇنى خىزمەت ئېھتىياجى تۈپەيلى مۇددەتتىن بۇرۇن خىزمەتكە چىقىرىپ، مەكتەپ گېزىتىنىڭ تەھرىرلىكىگە قويغان. ئۇ 1962 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىگە يۆتكەلگەن. شۇندىن تارتىپ 1976 - يىلغىچە «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە مۇھەررىر بولغان. 1977 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇلى بولغان. 1979 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، كېيىن ئۇيغۇرچە مەخسۇس بەتلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان. مەھەممەت شاۋۇدۇن ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى.

يولداش مەھەممەت شاۋۇدۇن 1952 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن باشلاپ شېئىر، قوشاق يېزىشقا ھەۋەس باغلىغان. ئۇنىڭ شۇ چاغلاردا يازغان شېئىر، قوشاقلىرى مەكتەپنىڭ تام گېزىتلىرىگە چىقىپ تۇرغان. ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى — «چېنىق ئىنىم» 1957 - يىلى باھاردا «شىنجاڭ پىئونېرلىرى» گېزىتىدە يورۇقلۇققا چىققان.

شائىر 33 يىلدىن بېرى كۆپلىگەن شېئىر، داستان، نەسىر، ئەدەبىي ئاخبارات ھەم ئوچېرىكلارنى ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپ كەلدى. ئۇنىڭ

60 نەچچە پارچە ئەسىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. «يۈرەك ناخشىلىرى»، «بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار» ناملىق شېئىر توپلاملىرى نەشر قىلىنغان. «ياشا پارتىيە» ناملىق ناخشا تېكىستى 1959 - يىلى پۈتۈن ئارمىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىككىنچى قېتىملىق سەنئەت كۆرىكىدە، «ئالىم بىلەن ئايىم» داستانى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاز سانلىق مىللەت ئاپتورلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاشتا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

مەھەممەت شاۋۇدۇن 1962 - يىلدىن باشلاپ ئەدەبىي تەرجىمە بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئۇ تەرجىمە قىلغان ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەرنىڭ مەشھۇر يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ ھەر خىل ژانىردىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ، كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى تارتقان. مەھەممەت شاۋۇدۇن تەرجىمە قىلغان «ئون يىلغا مەدھىيە»، «شىشادىكى جەڭ»، «ياڭ كەيخۇي ھەققىدە ناخشا» ناملىق داستانلار، «لېي فېڭ ھەققىدە ھېكايىلەر»، «ھاجى مۇراد» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەر، گومورو، ئەي چىڭ، زاڭ كېجيا، گو شياۋچۇەن، تيەن جەن، يەن چېڭ قاتارلىق شائىرلارنىڭ ۋە چەت ئەل ئەدىبلىرىنىڭ بىرنەچچە يۈزلىگەن ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلىرى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. ئۇ جۇ ئېنلەينىڭ ياشلىق ۋاقتىدىكى شېئىرلىرى، «تيەنئەنمېن شېئىرلىرى»، «ئەي چىڭ شېئىرلىرى»، «قىزىل چىراغ» ئوپېراسى قاتارلىق ئۆلگىلىك تىياتىرلارنىڭ تەرجىمە ۋە تەھرىرلىك ئىشلىرىغا قاتناشقان.

مەھەممەت شاۋۇدۇن 30 يىللىق ئەدەبىي تەھرىرلىك خىزمىتى داۋامىدا ياش تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش، يۆلەش، يېتەكلەش، ئويۇشتۇرۇش جەھەتتە ئالاھىدە كۈچ چىقارغان. ھازىر ئىجادىيەت مۇنبىرىدە كۆزگە كۆرۈنگەن بىرمۇنچە ئوتتۇرا ياش، ياش ئەدىبلەرنىڭ تۇنجى قەدىمى ۋە ئىلگىرىلىشىگە مەھەممەت شاۋۇدۇننىڭ خېلى زور ئەجرى سىڭگەن. ئۇ تەھرىرلىگەن ۋە بېكىتكەن بىر مۇنچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ئۇ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەكلىپى بىلەن ئىككى توملۇق چوڭ شېئىرىي رومان — «ئېلى پەرزەنتلىرى»، «ھايات بەيگىسىدە»، «قارىغاي بىلەن تېيىن»، «قول ياغلىقتىكى قان دېغى»، «ئەمەلىي تەھرىرلىك ئىلمى توغرىسىدا» قاتارلىق بەش كىتابنى تەھرىرلەپ نەشرگە تەييارلاپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە 80 - يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ كۆپ قېتىم ئېچىلغان كۇرسلاردا تەھرىرلىك ئىلمى ۋە كەسپى توغرىسىدا دەرس ئۆتكەن.

مەھەممەت شاۋۇدۇن يەنە نەزەرىيە تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، 30 پارچىگە يېقىن ئىلمىي، نەزەرىيىۋى ماقالە ئېلان قىلىپ، ھەر خىل ئىلمىي پائالىيەتلەردە ئاكتىپ رول ئويناپ كەلدى. ئۇ ھازىر مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، قۇتادغۇ بىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، ئاخباراتچىلار ئىلمىي جەمئىيىتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى قاتارلىق ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى.

مەھەممەت شاۋۇدۇن ئۆگىنىش، ئىزدىنىش يولىدا ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىمەكتە. ئەدەبىيات ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە بارلىقىنى بېغىشلاشقا تىرىشماقتا. بىز ئۇنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىجادىي پائالىيەتلىرىگە تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمىز.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن

شائىر: ياز كەپەل (تاجىك)

## گۈزەل تاشقورغان

### گۈزەل تاشقورغان

پەلەككە بوي سوزغان تىك ئافراسىياپ①،
باغرىدا ياتىماقتا پەرھات ئۆستەڭى②.
چۇگۇرى③، قەدىمىي تاش قەلئە④ بۈيۈك،
ئاق شايى سەللىلىك مۇز تاغ چوققىسى.

سېنىڭدە شەرق ھەم غەرب كەتكەن
تۇتۇشۇپ،
ئازادە ئۆتەتتى، راۋان كارۋىنىڭ.
پەلەكتە ياڭرايدۇ «گۈزەل تاشقورغان⑤»،
نەقىشتۇر دىللارغا ئۇلۇغۋار نامىڭ

دۇنيانىڭ ئۆگزىسى سەن ئالەمگە مەشھۇر،
شۇ قەدەر مول سېنىڭ بايلىقىڭ — كانىڭ.
يۈكسەلگىن كۈنسېرى، ئالغا باس پامىر،
تارىخنىڭ بېتىدە چاقنىسۇن شانىڭ.

### تاشقورغان دەرياسى

مەنبەيىڭ كۆك سۆيگەن قارلىق چوققىلار،
مەۋج ئۇرۇپ ئاقسەن چاچرىتىپ ئۈنچە.
دولقۇنۇڭ پامىرنىڭ كۆيىگە تەڭكەش،
زوق بېرەر دىللارغا يېقىملىق شۇنچە.
سەن بىلەن مۇقەددەس ئانا زېمىندا،
ياشنايدۇ تا ئەبەت گۈل - گىياھ، غۇنچە.
تاشقورغان دەرياسى دولقۇنلۇق دەريا،
كۆي قېتىپ ئاقسەن يىراق - يىراققا.

پايانسىز ۋادىلار باغرىنى سۆيۈپ،
ئۆزۈڭنى ئۇرسەن ئىككى قىرغاققا.
ياشناغاچ سەن بىلەن يەر - زېمىن كۆركەم،
مەن سېنى ھۆرمەتتە قاتتىق قوشاققا.

بۇ سانىدىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئوسمانجان ساۋۇت

---

① ئافراسىياپ — تاشقورغاندىكى ئېگىز تاغ.
② پەرھات ئۆستەڭى — ئافراسىياپ تېغىنىڭ باغرىدا پەرھاد قازغان ئۆستەڭنىڭ ئىزى ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە.
③ تاشقورغاندىكى مەشھۇر ئېگىز تاغ.
④ تاش قەلئە — تاشقورغاندىكى قەدىمكى تاش قەلئە.
⑤ «گۈزەل تاشقورغان» دېگەن ناخشا كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئادالەت ھەبىبۇللا (ئۆزبېك)

# كېچىكىپ ئېيتىلغان ناخشا

(ھېكايە)

ئۆز ۋاقتىدا بىزمۇ ياش ئىدۇق، ياش ۋاقتىڭدا تۇرمۇشنىڭ چوڭ-كىچىك بازغانلىرى بېشىڭغا ھەر خىل شەكىلدە ئۇرۇلۇپ تۇرسىمۇ مىجىلىپ كەتمەيدىكەنسەن، ئىشقىلىپ بىرەر نەرسىگە باغلىنىپ بولسىمۇ ئەقىدە، ئۈمىد بىلەن ئوت چاقنىتىپ ياشايدىغان گەپكەن. لېكىن بۇ پانى ئالەمنىڭ سەپەرلىرى ئاخىرلىشىپ باقىي ئالەمنىڭ بوسۇغىسىغا يېقىنلاشقانسېرى كۆڭلەر غېرىبچىلىك ئىچىدە، ئۆتكەن-كەچكەننى ئەسلەش، قىز-ئوغۇللىرىڭغا بولغان مۇراجىئەت، نەۋرە-چەۋرىلىرىڭگە ئامراقلىق ھەم سېغىنىش بىلەن ئۆتىدىغان گەپكەن. ھەر قانچە جاپا تارتساڭمۇ مەيلى، لېكىن ياشانغىنىڭدا يۈرەك باغرىڭنى يېرىپ چىققان جان-جىگەر پەرزەنتلىرىڭنىڭ ئالدىدا خار بولۇپ قېلىشتىن خۇدا ساقلىسۇن. بۇنى ئىنسان بالىسى ئۆز بېشىغا كەلگەندە بىلىدۇ.

مېنىڭمۇ كۈنۈم قەدىر ئەھۋال. كونا كەسپىم — ياماقچىلىقىمنى قىلىپ، تاپا-تەنىسىز نان يەپ، جېنىمنى جان ئېتىپ كېتىۋاتىمەن، ئېشىنالىسام ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن ئۈچ-تۆت تەڭگە يىغىپ قويسام دەپ تىرىشىپمۇ يۈرىمەن. دۇنيالىقتا بىرلا ئوغلۇم بار ئىدى. يىراق بىر شەھەردە ئولتۇراقلىشىپ قالدى. «دادا، يالغۇزچىلىق تارتىپ يۈرمەڭ، بىز بىلەن بىللە تۇرۇڭ» دەپ شۇنچە زورلىدى. ئەمما ئۆزۈم تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مۇشۇ ماكانىمدىن ھېچ ئايرىلغۇم كەلمەيدۇ.

بىراق، ماۋۇ ئۇزۇن يىللىق قوشنام نۇسرەتخاننىڭ كۆرۈۋاتقان كۈنلىرىنىڭ قايسى بىرسىنى دەي؟! بىچارە مەزلۇمنىڭ جېنىمۇ بەك پىششىق ئىكەن. ئۇزۇندىن بېرى نېرۋا خاراكتېرلىك ئېغىر رېماتىزىم كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بۇ قوشنام — شۇ تاپتا ئۆز ئۆيىدە قىزى ئايپاشانىڭ تېخى يېشىغا تەگمىگەن بالىسىنى ئۇخلىتىش ئۈچۈن ئۇنى باغرىغا بېسىپ، كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترەتكۈدەك دەرىجىدە ئاستا ۋە مۇڭلۇق ئاھاڭدا ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتماقتا. ئۇ بۇ ناخشىنى تۈن كېچىلەردە ئۇخلىماي ئايپاشا ھەم ئوغلى مەۋلانلارنىڭ بۆشۈكىنى تەۋرىتىپ تۇرۇپ سانسىز قېتىم ئېيتقانىدى. ئەمدى ئايپاشانىڭ بالىسىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ ئېيتىۋاتىدۇ، بىچارە ئانا جامائەت ئاشخانىسى ۋاقتىدا قارا تەمرەتكە كېسىلىدىن ساقىيالماي ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىدىن بىر قىز، بىر ئوغۇل بىلەن ياپياش

تۇرۇپلا تۇل قالغانىدى، ئۇنىڭغا ئوب-
دان يەرلەردىن لايىق چىققان بولسىمۇ
بالىلىرىنى ئۆگەينىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىش-
كە چىدىماي، ئاھالە كومىتېتىنىڭ دوپپى-
چىلىق كارخانىسىدا كۈنلەرنى تۈنلەرگە
ئۇلاپ يۈرۈپ تىرىكچىلىك قىلىپ ئىككى
بالىسىنىڭ چىرايىنى سارغايتماي، يېگەنىنىڭ
ئاغزىغا، كىيگەنىنىڭ ئۇچىسىغا قاراتماي
چوڭ قىلدى، ئاھالىلەرنى يېزىغا تارقالاش-
تۇرۇش قايىنىمى ئىچىدە بۇ بىر تەلەي
ياش ئايال ئىككى بالا بىلەن ئاتام كۆرمە-
گەن يىراق بىر تاغلىق يېزىدا نەچچە يىل
سەرسان بولۇپ يۈرۈپ، ئاخىرى مۇشۇ
ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇراقلىشىپ
قالدى، ئۇ كۈندۈزلىرى باشقىلارنىڭ بالى-
سىنى باقسا، كېچىلىرى دوپپىچىلىق قىلىپ،
يۈرەك پارىلىرىنىڭ بويىنىنى قىسىپ قويماي
قاتارغا قوشتى، ئوقۇتتى، ئۆي-ئوچاقلىق
قىلدى. شۇنداق، بىر ئاجىزە تۇرمۇشىنىڭ
دەھشەتلىك بوران-چاپقۇنلىرى ئىچىدە پۈ-
تۈن ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكىنى بېشىغا ئې-
لىپ، ئىككى بالىنى يۈرىكىگە تېڭىپ، مۇ-
دۈرۈپ - چوقۇرۇپ يۈرۈپ چوڭ قىلدى.
ئۇ نەۋقىران بۈركۈتتەك ئوغلىغا، ھۆسنىگە
تولۇپ يېتىلىۋاتقان رەنا سۈپەت قىزىغا
قاراپ مەسلىكى كېلەتتى، خۇشاللىناتتى،
ھاردۇقى چىقاتتى، لېكىن بۇ خۇرسەنلىكنىڭ
ئورنىنى كېيىنكى چاغلاردا ئاچچىق ئەلەم،
ئېغىر خورلۇق ئىگىلىدى. ئۇ ھازىر تۇ-
رۇپ-تۇرۇپ بىر نۇقتىغا ئۇزاققىچە تىكىلىپ
ئولتۇرۇپ قالىدىغان، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن
نۇرسىز كۆزلىرىدىن تاراملاپ چۈشۈۋاتقان
ياشلىرىنى بېشىدىكى تولا ئارتىلىپ كونى-
راپ كەتكەن ئاق لىچەكنىڭ بۇرجىكى
بىلەن سۈرتۈپ ئولگورمەيدىغان، جاراھەت-
لەنگەن يۈرىكىنىڭ مۇڭ-زارىنى ئىچىگە تى-
نىش، كۆز يېشى قىلىش، ئەللەي ناخشىسى
ئېيتىش ئارقىلىق چىقىرىۋالىدىغان بولۇپ
قالدى. ئۇ داۋالىنىپ، جېنىنى قىيناۋاتقان
كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلاتتى.
بىراق ئۇنىڭغا پۇل نەدە؟ ئۇ ئەمدى كۈچى-
دىن قالدى.

ئۇ، پۇت - قولىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىماي،
قۇچىقىدا ھېلىلا ئېيتقان ئەللەي ناخشى-
سىنى ئاڭلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قالغان بالىنى
ئورنىغا ئاۋايلاپقىنا ياتقۇزۇشىغا، ئىسسىق
قۇچاقتا كۆنۈپ كەتكەن بالا كۆزىنى لاپ-
پىدە ئېچىپ قىقىراپ يىغلاپ كەتتى. ئانا
ئۇنى يەنە قۇچىقىغا ئالدى. ئايپاشانىڭ كېلى-
شىدىن بولسا دېرەكمۇ يوق.

ئايپاشا زاۋۇتتىن تارقىتىپ بېرىلگەن
مۇكاپات پۇلىنى ھاياجانلانغان ھالدا قايتا-
قايتا ساناپ سومكىسىغا سالدى - دە، كاس-
سىر ئىشخانىسىدىن چىققۇچە دوستى ھە-
نىپە بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— نەگە ماڭدىڭ ئايپاشا؟

— ھېلىقى سودىنى قىلغىلى.

— ۋاي، ئۇ بەك قىممەتكەنغۇ، بىر
كىيىملىكنى ئۈچ يۈز كوي دەمدۇ نېمە؟

— شۇنداقكەن، قىممەت بولسا نېمە
بوپتۇ. ئۆلۈپ كېتىدىغان جانغا كىيمەي
نېمە قىلاتتۇق، ھېچ كىشىنىڭ ئۇچىسىغا
چىقماستا بىر كىيىۋېتەي، ئەتە - ئۆگۈن
غولداپ كەتسە پاخال نەرقى بولۇپ كېتىدۇ.
جۆرە، سەنمۇ ئالغىن، ئىككىمىز چۈپ
كىيەيلى.

— مەن ھازىرچە ئالماي تۇراي، ئاي-
پاشا...

— نېمىشقا ئەمدى؟

— قېيىن ئانامنى يازدا چوڭ ئوغلى ھەج

قالدۇرۇپ ئەكەلمەكچى. ئازراق ئاددەمگەرچىلىك قىلىپ ئۆزىتىپ قويمىساق بولمايدۇ. يەنە ئانام بېچارىنىڭ شۇ جاپاكەش قولىغا بىر تال بولسىمۇ ئۆزۈك سېلىپ قويغۇم بار، بۇ قېتىمقى پۇلغا ئۇلارنى بىر خۇش قىلاي دەيمەن.

— ئۆزۈڭگىچۇ ھەنىپە؟

— كېيىن قىلىۋالارمەن.

— ئۇھۇش، تازا ئەخمەق ئىكەنسەن، ئاخىرەتنىڭ غېمىنى يەۋاتقان دوڭغاق قېرىلارغا كۆڭۈل خۇشىنىڭ نېمە ئىشى؟

— بىز دېگەن ياش، سالامەت بولساق يېمىگەننى يەپ، كىيمىگەننى كىيىۋېلىشقا ئۇلگۈرىمىز تېخى، ئۇلار ھازىر بۇ دۇنيانىڭ مېھمىنى، بىز ئۈچۈن تەۋەررۈك دېگىنە.

— ۋاي- ۋۇي خۇددى قېرى ئانىكامدەك سۆزلەپ كەتتىڭغۇ ھەنىپە، يېسەك قۇمغا سۇ سىڭگەندەك سىڭىدىغان، كەيسەك گۈل ئۈستىگە گۈل چەككەندەك يارىشىدىغان چاغدا ئۇ ئاتام، بۇ ئانام دەپ ياپياش بېشىمىزغا تاغدەك غەمنى يۈكلىۋېلىپ ئۆزىمىزنى جۇدەتكۈدەك نېمە زور كەپتۇ؟

— توزۇك گەپ قىلە ئايپاشا، ئۇلار بىزنى مىڭ بىر مۇشەققەتتە بېقىپ چوڭ قىلدى، ئەمدى بالىلىرىمىزنىمۇ خۇددى گېلىدىن سۇغۇرۇپ بەرگەندەك سىقىنىپ- تۇغۇنۇپ، كۆيۈپ- پىشىپ بېقىۋاتمامدۇ؟ ئۆزۈڭنىڭ ئاناڭغىمۇ قاراپ باقمامسەن، بۇنداق جەۋرلەرگە چىداپ بىز ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىشكە تەييار تۇرىدىغانلار پەقەت شۇلار، ئۇلارنىڭ ئورنىنى ھەرقانچە كۆيدۈم- پىشتىم دېگەنلەرمۇ باسالمايدۇ جۇمۇ!

— ھاھ... ھاھ... ھاھ... سەن بىر بالىغا ئانا بولۇپلا ئەجەب مېھرىبان بولۇپ كېتىپسەنغۇ؟ قارا، سېنىڭمۇ خەۋىرىڭ بار، يولدىشىم بىلەن ئىككىمىز مائاشىمىزنىڭ بىر قىسمىنى بانكىغا قويۇۋاتىمىز، بۇنىڭغىچۇ يېڭى بىناغا، كۆچۈپ چىققاندا ھەممىڭلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكۈدەك ئۆي جابدۇپ، ئۆي چېيى بەرمەكچى.

— ھازىرقى ئۆي جابدۇقلىرىڭمۇ شۇنداق خىل تۇرسا، بولدى قالغىنى ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، ئانامنى دوختۇرغا كۆرسىتىپ باقاي دېۋىدىم، مەن ماڭاي.

— ماقۇل ئەمىسە، — ئايپاشا قىزىل دامۇسكا ۋېلىسىپىتىغا ئالدىراپقىنا مىندى- دە، سودىگەر بازىرى تەرەپكە چاپتى.

ئايپاشانىڭ «بەك جۇدەپ كەتكۈدەكمەن» دېيىشى بىلەن ئانا سۈتىگە قانماي بالدۇرلا ئەمچەكتىن ئايرىلىپ نۇسرەتخاننىڭ ئوچچە بېقىشىغا تاپشۇرۇلغان بالا شۇ تاپتا ئانىسىنىڭ قانچە پايپېتەك بولۇپ كۈتۈشىگە قارىماي ھە دەپ قىقىراپ يىغلاپ كېتىپ باراتتى. نۇسرەتخان ئەمدى بولالمىدى. ئۇنىڭ كېسىلى قوزغىلىپ، پۈتۈن بەدىنى بىردە مىڭ پىچاق كەينى- كەينىدىن سانجىلىۋاتقاندەك، بىردە سۆڭەك- سۆڭەكلىرى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقاندەك ئاغرىپ، بېشى ئېيسىلىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ يىقىلدى. بىچارە ئانا ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي، خۇددى يىلاندەك تولغانغىنىدا ئۇچىسىدىكى كونا چىت كۆڭلىكى جىرت- جىرت قىلىپ يىرتىلىپ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان ئورۇق بەدىنىنىڭ ئۇ يەر بۇ يەرلىرى ئېچىلىپ قالاتتى، ئۇ بىر نەچچە قېتىم ھوشسىزلىنىپ، يەنە ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچتى- يۇ، تېخىچە قىقىراپ يىغلاپ ئاۋازى پۈتۈپ بوغۇلۇپ

كەتكەن بالىنى كۆرۈپ شۇ تەرەپكە قاراپ سىلجىدى، ئۇ تەلپۈنۈش ئىچىدە يىغلاۋاتقان بالىغا قولىنى سوزدى.

ئايپاشا بازارنى خېلى ئۇزۇن ئارىلاپ ئاخىرى سودىسىنى كۆڭۈلدىكىدەك پۈتتۈردى - دە، كېلەر ئايدا ئالىدىغان ئېسىل رەخلەرنى، تىكتۈرۈش پوسۇنلىرىنى كۆڭلىگە پۈككەچ، ۋېلسىپىتىنىڭ رولىنى ئۆزى دائىم كىيىم تىكتۈرىدىغان داڭلىق ماشىنىچى ئۇستامنىڭ دۇكىنىغا قارىتىپ بۇرىدى، ئۇنىڭ ۋېلسىپىتىنىڭ رولىغا ئېسىپ قويۇلغان قىزىل خۇرۇم سومكىسىنىڭ ئىچىدە ھېلىلا سېتىۋالغان (مال ئىگىسىنىڭ ئېيتىشىچە غەربىي گېرمانىيىنىڭ ئىمىش) بىر كىيىملىكى ئۈچ يۈز يۈەنلىك مەرۋايىت چېكىلگەن مايسارەڭ شىفىڭ دۇخاۋىسى، ئۇنىڭغا قوشۇپ ئېلىنغان ئېسىل زۇننار ھەم ئۇششاق - چۈششەك زىبۇ - زىننەت بويۇملىرى نۇسرەتخاننىڭ ئاغرىق ئازابى بىلەن ھەر بىر يۇمۇلىنىشىدا جىرت - جىرت يىرتىلىپ تۇرغان ھېلىقى كونا چىت كۆڭلەكنى مەسخىرە قىلغاندەك جۇلالىنىپ تۇراتتى.

كۈنلەر مۇشۇ تەرىقىسدە ئۆتتۈۋەردى، ئەمدى بۇ ئۆيدە كونا قوشنام نۇسرەتخاننىڭ ئەلىلەي ناخشىلىرى، ئازابلىق ئېڭراشلىرى ئاڭلانمايدىغان بولۇپ قالدى، ئۇ بۇ دۇنيانىڭ ئازابلىرىنىمۇ، خۇشاللىقلىرىنىمۇ كۆرەلمەيدىغان جايغا كېتىپ قالدى.

كەتكەنلەرغۇ كېتىپ قالدى، بىراق بىر نەچچە يىللار ئۆتە - ئۆتمەيلا نۇسرەتخان ئېيتقان ناخشىنىڭ ئورنىغا ئايپاشانىڭ باشقا بىر ناخشىسى ئالماشتى. ئۇنىڭ دۇختۇرخانىدىن چىققىنىغا ئۈچ ئاي بولدى، ئۇ ئۆزىنى خېلى ياخشىلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلسىمۇ كۆڭلىنى قانداقتۇر بىر خىل يېرىمچىلىق قاپلىغاندەك، يۈرىكىنى بىر نەرسە بېسىپ تۇرغاندەك ئىچى سىقىلىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئالدىنقى ھەپتىسى ئىنىسى مەۋلاننىڭ ھېچ بىر يۈز خاتىرە قىلماستىنلا چىقارغان پاراكەندىچىلىكلىرى كېلىۋالدى، ئانىسى كۆز يۇمۇشنىڭ ئالدىدا نەلەردىدۇر جاھان كېزىپ ئوقەت قىلىۋاتىمەن دەپ يۈرگەن بۇ يىگىت ئەمدىلىكتە ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ «ئانامنىڭ جىنازىسى ئالدىدا ئاق باغلاپ، ئىككى قەدەم بولسىمۇ ماڭالمىدىم، نەزىر - چىراغلىرىنىمۇ ئۆز قولۇم بىلەن بېرەلمىدىم» دەپ خىجىل بولماقتا يوق، ئانامدىن قالغان نەرسىلەرنى سەن ئىگىلىۋالدىڭ، دەپ ئايپاشانىڭ ئۆيىنى قىيامەت - قايۇمغا ئايلاندۇردى.

ئايپاشانىڭ بۇنداق خاپىلىقلارغا يولۇقۇشى تۇنجى قېتىم ئەمەس ئىدى، ئانىسى بېقىپ بېرىشكە ئۈلگۈرمىگەن ئىككىنچى بالىسى تۇغۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەستىن بۇ ئۆيدە ئويلىمىغان ئۆزگىرىشلەر بولغىلى تۇردى، ئانىسىنىڭ ۋاپاتى بىلەن ئايپاشانىڭ ئەركە تۇرمۇشى ئاياغلاشتى، بىر بالىنى قاتارغا قېتىش ئانچە ئاسان ئەمەسكەن - دە، ياشلىقنىڭ پەيزىنى سۈرۈشكىمۇ قولايلىق شارائىت لازىمغۇ، ئايپاشا چوڭ بىر يۆلەنچۈكتىن ئايرىلغانلىقىنى پەقەت شۇ چاغدىلا ھېس قىلدى. ئىككى بالىنى بېقىش، خىزمەت، ئائىلە ئىشلىرىدىن باش كۆتۈرەلمەي قالغان ئايپاشا ئەلەكمۇللا دەپ تۇرۇشىغا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئەقىدە قىلغان يولدىشى ئۆزىگە بۇرۇنقىدەك ئاھ - ۋاھ دەپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى،

بۇ ئىش ئۇنى تېخىمۇ بەك ئازابقا سالدى،
ئۇنىڭغا تەئەللۇق بولغان بىر قەلبنى باشقا
بىرسى ئىگىلىۋالغاندەك قىلاتتى، ئايپاشا
بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمىگەندەك دەرد-
جىگە يەتتى، ئادەم دېگەن بۇ زۆرۈرىيەت
ئالىمىدە مەنىۋى دۇنيانىڭ سۈزۈك ئاس-
مىنىدا پەرۋاز قىلىشقا ئېنتىلىدۇ، ئايپاشا
بەزىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ تېگى يوق خىيال
دېڭىزىغا پېتىپ كېتەتتى، ئۇ ئۆيىگە
قارايتتى. ئۆي ئىچى ئۆزى ئارزۇ قىلغان-
دەك كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان
زامانىۋى پاسوندا جابدۇلغان، ئۈستى-
ئۈستىلەپ قويۇلغان بىرقانچە چامادانلاردا
ئۇنىڭ پەسىلگە ئايرىپ تىكتۈرگەن،
بىر يىلدا بىرەر قېتىم كىيىش نۆۋىتى
كەلىسىمۇ مودىدىن قالدى دەپ قاتلاپ
قويۇپ قويغان كىيىملىرى بېسىلىپ
تۇرۇپتۇ، قول، بىلەك، بويۇن ھەتتا
چىشلىرىمۇ ئالتۇن، تىللا، ياللداپ تۇرغان
ئۈنچە - ياقۇتلۇق زىبۇ - زىننەتلەر
بىلەن جۇلالاپ تۇرىدۇ. بىراق بۇ نەر-
سىلەر ئۇ ئوپېراتسىيە كارۋىتىدا جان
قايغۇسىدا ياتقىنىدا، مانا بۈگۈنكىدەك
ئۆز قېرىنداشلىنىڭمۇ ھېسداشلىقىغا ئېرىشەل-
مەي قالغىنىدا، مەنىۋى دۇنيانىڭ بوران-
چاپقۇنلىرى ئۇنى نەلەرگىدۇ ئۇچۇرۇپ،
ئۇرۇپ - سوقۇپ كېتىۋاتقانلىرىدا ھېچ نې-
مىگە دال بولالمىدى، ھازىر ئۇ ئۆزىنى
دۇنيادا ئەڭ يالغۇز، غېرىب، مىسكىن ۋە
بەختسىز ھېس قىلىپ قالدى، ئۇ ئۆزى
بېسىپ كېتىۋاتقان تۇرمۇش يولىنىڭ
كاتاڭلىرىدا مۇشۇنداق پۇتلىشىپ، يىقىلىپ
قوپۇپ يۈرگەنلىرىدە «جېنىم بالام، خېنىم
بالام» دەپ باغرىغا بېسىپ يايلىتىدىغان
ئانىسىنى ياد ئېتىپ، يۇم - يۇم يىغلايدى-
غان بولۇپ قالدى، ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۇ-
لۇغ — كىچىك تىناتتى، خىيالىدا ئاللىنېمە-
لەرنى ئويلايتتى، كەينىگە قارايتتى. ئالدىغا
قارايتتى، ئانىسىنى ئەسلەيتتى، سېغىناتتى،
ئانىسىغا كۆڭلى سۆيۈنگۈدەك ھېچنەرسە قى-
لىپ بېرەلمىگەنلىكىگە ئېچىناتتى، شۇ سۆ-
يۈملۈك ئانا ھازىر ھايات بولغىنىدا قات-
قات كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ
قويغۇسى كېلەتتى ... شۇنىڭدىن بېرى ئۇ
مۇنۇ ناخشىنى پات - پات ئېيتىدىغان بولۇپ
قالدى.

كۆپ جاپالار بىلەن مېنى باققان ئىدىڭ سەن،
لېكىن ئانا خىزمىتىڭنى قىلالمىدىم مەن.

..................................

ئۇ بۇ ناخشىنىڭ كېيىنكى مىسرالى-
رىنى خۇددى بىر قول بوغۇزىنى مەھكەم
بوغۇۋالغاندەك ھىققىلاپ كېتىپ ئېيتالمى-
دى، مەڭزىنى بويلاپ توختىماي چۈشۈ-
ۋاتقان ياش تامچىلىرى كىشىگە بۇ ناخشى-
نىڭ تولىمۇ كېچىكىپ ئېيتىلىۋاتقانلىقىنى
ھېس قىلدۇراتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئىساك سىنگېر (ئامېرىكا)

# ئايالچە ياسىنىۋالغان ئەركەك

تېمىل توي كېيىمىنى كىيگەن چېغىدا ئېرىنىڭ ئۆزىنى يېرىم يىل بولا-بولمايلا تاشلىۋېتىدىغانلىقىنى ھەرگىز ئويلىمىغانىدى، تېمىل دۆلەتمەن ئائىلىدىن كېلىپ چىققانىدى، ئۇنىڭ ئېرى بىنكوس پاكار ۋە جۈغى كىچىك ئادەم بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا يەھۇدىلار دىنى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ بىچارە ئوقۇغۇچىسى ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ بۇ تويىدىن ئۆزىگە ئون يىل يەتكۈدەك ناھايىتى كۆپ تويلۇققا ئىگە بولغانىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئايالى تېمىلنىڭ ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان ھۆسن جامالى بار ئىدى، كىممۇ مۇنداق بىر ساھىبجامالنى تاشلاپ كەتسۇن؟ ئەمما، توي ئۆتۈپ بىرنەچچە ئايدىن كېيىن بىنكوس تۇساتتىنلا غايىب بولدى! ئۇ بىرنەچچە قۇر كىيىمىنى ئوغرىلىقچە تېگىپ، ئىبادەت سەرۇپايلىرى ۋە ئىنجىلنى ئېلىپ، شەھەردىن ياياق چىقىپ كەتتى. گەرچە ئۇ تويلۇقنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كېتەلمىسىمۇ ئەمما كۈمۈش تەڭگە ئېلىۋالدى.

ياق، بىنكوس ھەرگىز ئوغرى ئەمەس، سۆلەتۋاز بەگزادىمۇ ئەمەس. توي كېچىسى ئۇ تېمىلنىڭ چۈمبىلىنى ئاچقاندا يېڭى كېلىننىڭ مەڭزىگە قارىيالمىغان دېسىمۇ بولىدۇ ئەمما ئۇ نېمىشقا قېچىپ كېتىدۇ؟ كىشىلەر ئۇ ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا-ئانىسىنى ۋە يۇرتى كامىدۇفنى بەك سېغىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلىشتى ئەمما ئۇ ئايالىنى تاشلاپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ئاتا-ئانىسى زادىلا بىلەلمىدى، بەزىلەر ئۇنى زامىھچىتا كۆردۇق دېسە، يەنە بەزىلەر روبلىندا كۆردۇق دېيىشتى، لېكىن شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ خەۋىرى توغرىلىق گەپ قىلىدىغان ئادەم چىقمىدى. بىنكوس ئىز-دېرەكسىز غايىب بولدى.

كىشىلەر ھەر نېمە دېيىشتى: بەلكىم ئۇ خوتۇنى بىلەن گەپ تەگىشىپ قالغاندۇ؟ قېيىن ئاتا، قېيىن ئانىسى بىلەن بىر شەھەردە تۇرۇشنى خالىمىغاندۇ؟ بىر يەھۇدى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ سەرگەردانلىق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئىسرائىلىيىگە قايتىپ كېتىشنى ئويلىغاندۇ؟ ئەمما، شۇنداقتىمۇ قېچىپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق-تە. تېمىل بىلەن ئاجرىشىپ كەتسە ياكى بىر ئادەمدىن ئاجرىشىش خېتىنى ئەۋەتىۋەتسە پۈتۈنلەي بولىدۇغۇ، بىر يەھۇدى ئايالنى تاشلىۋېتىش ئىنتايىن چوڭ جىنايەت، ئەگەر بۇ ئايال مۇسا-

ۋە ئىسرائىلىيە قانۇنى بويىچە نىكاھىدىن
ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى ئۆتىمىگەن بولسا،
مەڭگۈ توي قىلالمايدۇ.
تېمەل خاپىچىلىقتا يىغلاپ - قاخشى-
دى. ئەگەر بىنكوس ئۇنىڭغا بىرەر پەر-
زەنت قالدۇرغان بولسا، مۇنداق زەربىگە
بەرداشلىق بەرگەنمۇ بولاتتى ئەمما ئۇ ئۇ-
نىڭغا كۆڭۈل ئاغرىقىدىن باشقا نەرسە قال-
دۇرمىغانىدى. بەزى ئايال-لار تېمەلدىن:
«تويىدىن كېيىنكى كېچىلەردە ئۇ يېنىڭغا
كىرىپ ياتقانمىدى؟»، «ئۇ ساڭا سىلىق -
يۇمشاق سۆزلەمتى؟»، «سەن ئۇنىڭ تەلىپى-
نى رەت قىلغانمۇ؟» دەپ سورىشاتتى. تې-
مەلنىڭ جاۋابلىرىدىن ئۇلارنىڭ ئەر - خو-
تۇنلارغا ئوخشاش ئاز - تولا بولسىمۇ ئام-
راقلىق قىلىشقانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى.
ئۆيدىكىلەرنىڭ بىلىشىچە، بىنكوس
كېتىدىغان كېچىسى قىرائەتخانىدا تەۋراتنى
يېرىم كېچىگىچە ئوقىغان، ھېچكىممۇ ئۇ-
نىڭ باشقىچە بىر ئىش قىلىدىغانلىقىنى سەز-
مىگەن ئەمما ئۇ يېرىم كېچىدە تېمەلنىڭ
قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ
نەرسە - كېرەكلىرىنى ئېلىپلا قېچىپ كەت-
كەنىدى. زادى نېمە سەۋەپتىن شۇنداق
قىلدى؟ نەگە كەتتى؟ ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى
ۋە قېيىن ئاتىسى يېقىن ئەتراپتىكى شەھەر-
بازارلارغا ئۇنى ئىزدەشكە ئادەم ئەۋەتتى-
يۇ ئىز - دېرىكىنى ئالالمىدى. بىنكوس-
نىڭ بارلىق كىشىلەردىن ئۆزىنى چەتكە
تارتقانلىقى ئېنىق ئىدى.
بەلكىم بۇنى ئالۋاستى ئەپ قېچىپ-
تۇ، دەپلا چۈشەندۈرۈشكە بولار، ئەمما
شۇنداق بولسا، ئۇ قانداق قىلىپ زامىھىچ
بىلەن روبلىنىدا پەيدا بولىدۇ؟ ئالۋاستى
ئۇنى چوقۇم ئىنسان ئايىغى يەتمىگەن
قاپقارا ئارقا تاغقا ئېلىپ كەتتى. بەزى
ئاياللار بىنكوسنىڭ تېمەلدىن كۆڭلى سۇ
ئىچمىگەن بولسا كېرەك دەپ كۇسۇلداش-
تى. ئەمما تېمەلدىن كىم بىزار بولسۇن؟
ئۇ ئەمدىلا 17 ياشقا كىردى. مەڭزى ئا-
ناردەك، كۆزى بۇلاقتەك، ئۆزى غۇنچىبوي
يەنە كېلىپ ئىرىغا شۇنچە ۋاپادار، تېخى
ئۆز قولى بىلەن لىچەك ساقلايدىغان چىراي-
لىق جىلد تىكىپ بەرگەن يەنە ئۇنىڭغا
توي سوۋغىتى ئورنىدا مەخمەل چۈمبەل
سوۋغا قىلغان، بۇ چۈمبەلنى زەر يىپ بىلەن
تىكىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىنكوسنىڭ ئىسمى-
نى ياقۇت بىلەن چۈشۈرگەن، ئەگەر ئۇ
قىرائەتخانىدا سەل ھايال بولۇپ قالسا، ئۇ-
نى ۋاقتىدا كېلىپ ئىسسىقىدا تامىقىنى يې-
سۇن، دەپ خىزمەتكار ئايالنى ئەۋەتەتتى.
بەزىلەر بىنكوسقا ناھايىتى ئوخشاي-
دىغان بىر يىگىت پوپ ۋە مۇناخلار ئارىسى-
دا كېتىۋاتقۇدەك، دەپ ئۆسەك سۆزلەرنىمۇ
تارقاتتى. ئەمما بۇ كىشى ھەرگىزمۇ بىلىم-
لىك ۋە يەھۇدىلارنىڭ قائىدە - نىزاملىرىغا
سادىق بىنكوس بولماسلىقى كېرەك ئىدى.
كىشىلەر ھەمىشە تەگرىمىز سىرلىق، دېيى-
شىدۇ. ئەمما ئىنسانلارنىڭ ئىش - كۈشلىرى-
نىمۇ ئوخشاشلا بىلىپ بولمايدۇ.
ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى، بىنكوس-
نىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن قېيىن ئاتا - قېيىن
ئانىسى يەنىلا يېقىن ئەتراپقا ئادەم ئەۋەتىپ
ئۇنى ئىزدەۋاتاتتى، يەھۇدىلار ئولتۇراقلىش-
شىش ئېھتىمالى بار ھەر بىر شەھەر ۋە
يېزىغا بېرىپ سۈرۈشتە قىلىۋاتاتتى. بىر
كۈنى تېمەل ئاتا - ئانىسىغا شەخسەن ئۆزى
يولغا چىقىپ، ئالەمنىڭ ئۇ چېتىگە بېرىپ
بولسىمۇ ئېرىنى تېپىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيت-
تى. دەسلەپ بۇ قارار ئۇنىڭ ئاتا - ئانى-

سىنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى، ئۇنىڭ ئانىسى
بەيرا ھۆڭگىرەپ يىغلىۋەتتى. ئۇ ئەمدىلا
19- ياشقا كىرگەن قىزىنىڭ بۇنداق سەپەر-
گە چىقىشىغا قانداقمۇ كۆڭلى ئۇنىسۇن؟ ئۇ
نەگە بېرىپ، نەدە تۇرىدۇ؟ بەيرا بىنكوس-
نىڭ بېشىغا چۈشكەن بەختسىزلىكنىڭ قى-
زىغىمۇ سايە تاشلاپ قېلىشىدىن قاتتىق
ئەنسىرىدى. ئەمما تېمىلنىڭ ئاتىسى راب
مىچ باشقىچە قاراشتا ئىدى: تاشلىۋېتىل-
گەن ئاياللارنىڭ سىرتقا چىقىپ ئېرىنى
ئىزدىشى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش ئەمەس،
ئېرىنى تېپىپ ئۇنىڭدىن ئاجراشقان ياكى
ئېرىنى يەرلىكتە قويغانلارنى تاپقانلارمۇ
ئاز ئەمەس. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، تې-
مىل بۇ قېتىمقى سەپىرىدە ھېچنەرسىگە
ئېرىشەلمىگەن تەقدىردىمۇ كۆپ نەرسىدىن
ئايرىلىپ قالمايدۇ، ئۇنىڭ تۇرمۇشى ۋەيران
قىلىنىپ بولغان. شۇڭا راب قىزىغا يەتكۈ-
دەك پۇل بەردى ھەمدە ئۆزىنىڭ يۇمغاق-
سۇتىنىڭ پۇرىقىدەك تۇغقىنىنى، يەنى بىر
تۇل خوتۇننى يول بويى ئۇنىڭ ھالىدىن
خەۋەر ئېلىشقا بەلگىلىدى.

تېمىل ئۇزۇن سەپەرنى باشلىدى،
ئۇنىڭ ئېنىق پىلانى يوق ئىدى. نەگە
بېرىش ئېھتىمالى بولسا، شۇ يەرگە بارى-
مەن دەپ قارايتتى. ئۇ يەنە ئادەم ياللى-
دى. ئەگەر بۇ ياللانما خادىم بىرەر شەھەرنى
تاشلاپ ئۆتۈپ كەتسە، ئۇ ئۆزى باردى،
بارغان ھەر بىر يېرىدە ئالدى بىلەن شۇ
جايدىكى پوپ ۋە كاھىنلار بىلەن
كۆرۈشتى، ئاندىن ئۆزى بارالىغانلىكى جاي-
نىڭ مەسىلەن، يەھۇدى چىركاۋسى، كۆ-
تۈپخانا (بىنكوس ئىلگىرى دائىم كۆتۈپ-
خانىغا باراتتى)، بازار، خالتا كوچىلار ھەت-
تا غېرىپ- غۇرۋالار ھويلىسىنىڭ بىرىنىمۇ
چالا قويمىدى. ئۇ كىشىلەردىن بىنكوس
دەيدىغان بىر ئادەمنى كۆردۈڭلارمۇ ياكى
ئاڭلىدىڭلارمۇ، دەپ سورىغىنىدا، كىشىلەر
ھەممىشە مۇرىسىنى قىسىپ، بېشىنى چايقاشات-
تى. بىنكوس ئادەتتىكىچىلا ئادەم بولۇپ،
ھېچقانداق گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى يوق
ئىدى، قارىماققا يەھۇدىلارنىڭ مەلۇم بىر
سىرلىق تەشكىلاتىنىڭ ئاددىيغىنە بىر ئە-
زاسىغىلا ئوخشايتتى ئۇ بېشىنى ئېلىپ چىقىپ
كەتكەن چېغىدا تېخى ساقال بۇرۇتىمۇ
چىقمىغانىدى، ھازىرچۇ؟ تېمىل بىلەن خىز-
مەتكار ئايال: «كېچىدە يىگىنە ئىزدىگەندەك
ئىزدەڭلەر!» دېگەن بىر خىللا جاۋابقا
ئېرىشتى.

بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. تې-
مىل يەنىلا ئېرىنى ئىزدەپ يۈرۈۋاتاتتى.
ئۇ روبلىندىكى ھەممە جاينى ئايلىنىپ
چىقتى، ھەتتا يىراقتىكى «بۇيۇك پولشا»
دەپ ئاتىلىدىغان يەرگىمۇ باردى. بۇ ئىش-
لارنىڭ ھەممىسى ئۇنى پىشۇردى. ساراي-
مېھمانخانىلارغا كىرىپ چىقىپ، ھەر قىسما
گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ
نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى، بىلىمى ئاشتى.
تاشلىۋېتىلگەن تۇل خوتۇنلار بىلەن ئۇچراش-
تى، ئۇلاردىن ئەرلەرنىڭ ناھايىتى ئاسانلا
يوقاپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدى، تەبىئىيكى،
ئاياللارمۇ يوقاپ كېتەتتى. ئەمما بۇنداق
ئىشلار 40 يىلدا بىر قېتىم ئېشەك ئويۇنى
دېگەندەك بولاتتى. تېمىل شۇ چاغدىلا
ئاندىن دۇنيانىڭ شۇنچە كەڭ، ئادەملەر-
نىڭ شۇنچە غەلىتە بولىدىغانلىقىنى، ھەممە
ئادەمنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئارزۇسى ۋە
پىلانى بولىدىغانلىقىنى، ئەر - ئاياللارنىڭ
ئەسەبىيلىشىپ كېتىشى مۇمكىنلىكىنى سەزدى.
ئۇ ھەيۋەم شەھىرىدە مۇنداق ھېكايىنى

ئاڭلىدى: دۆلەتمەن بىر يەھۇدىنىڭ قىزى
چوشقا سويىدىغان بىر قاسساپنى ياخشى
كۆرۈپ قاپتۇ ھەمدە شۇ سەۋەپتىن كاتو-
لىك دىنىغا ئېتىقاد قىپتۇ. ياروسلىدا چوڭ
بىر سودىگەر خوتۇنى بىلەن ئاجرىشىپ، بىر
پاھىشە ئايالنى ئەمرىگە ئاپتۇ. رونپادا كى-
شىلەر بىر ئالدامچىنى قاماپ قويۇپتۇ، ئۇ 24
شەھەر ۋە كەنتتە 24 خوتۇن ئاپتۇمىش.
تېمىل يەنە جىنلارنىڭ كىشىلەرنى قانداق
ئالداپ كېتىدىغانلىقى، سىگانلارنىڭ بالى-
لارنى قانداق قىلىپ تۇتۇپ قۇل قىلىۋالى-
دىغانلىقى، ئامېرىكا قىتئەسىگە قېچىپ كەت-
كەن ئەرلەرنىڭ ھاياتىغا ئائىت نۇرغۇن
رىۋايەتلەرنى ئاڭلىدى، شۇ چاغدىلا ئاندىن
پولشىدا كۈندۈز بولغاندا ئامېرىكا قىتئەسى-
دە كېچە بولىدىغانلىقى، ئۇ يەردىكى كىشى-
لەرنىڭ پۇتى بىلەن ئەمەس بېشى بىلەن ماڭى-
دىغانلىقىنى بىلدى. ئۇ يەنە تۇغۇلغاندىلا كۆك
ساقاللىق ۋە بۆرە چىشى بار بولۇپ تۇغۇلغان
بىر مەخلۇق توغرىسىدىكى رىۋايەتنى ئاڭ-
لىدى، ئەمما مۇنداق رىۋايەتلەرنى ھەر
قانچە كۆپ ئاڭلىغىنى بىلەن بىنكوسنىڭ
ئالۋاستىغا تۇتۇلۇپ قالىدىغانلىقىغا ياكى يى-
راقتىكى ئامېرىكا قىتئەسىدە ئېزىپ قالىدى-
غانلىقىغا ئىشەنمىدى.

تېمىل بارلىق يەھۇدى شەھەرلىرىنى
كېزىپ چىقتى. ئاتىسى بەرگەن پۇللىرىنى
ئىشلىتىپ بولدى. ئەمما يېنىدا ئېلىۋالغان
بىر قىسىم ئۇنچە ـ مەرۋايىتلىرى بولغاچقا،
بۇنى ئاز ـ ئازدىن سېتىپ خىراجەت قىل-
دى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىغا خەتمۇ يازغانىدى،
ئۇ بىر جايدا تۇرمىغاچقا، ئاتا ـ ئانىسى
ئۇنىڭغا جاۋاب خەت يازالمىدى. كېيىنچە
خىزمەتكار ئايال مۇنداق ئەتىدىن كەچكىچە
يول مېڭىۋېرىشتىن زېرىكىپ قايتىپ كەتتى.

بىراق تېمىل شەھەرمۇ ـ شەھەر، يېزىمۇ ـ
يېزا قاتراپ يۈرۈشكە خۇمار بولۇپ قالدى.
تېخى مۇنداق بىر ئىش بولۇپ ئۆتتى:
ئۇ بىر بازاردا بىنكوسقا ناھايىتى ئوخ-
شايدىغان بىر ئادەمنى ئۇچرىتىپ، بۇنى
شۇ ئانىلا كاھىنغا خەۋەر قىلدى. ھېلىقى
ئادەم دەررۇ پوپنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلى-
نىپ چۆمۈلدۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ
بەدىنىدىكى بەلگىلەرنىڭ تېمىل تەسۋىرلەپ
بەرگەنگە يېقىنمۇ كەلمەيدىغانلىقى مەلۇم
بولدى: ئۇنىڭ سول پۇتىنىڭ باشمالتىقىنىڭ
قارا تىرنىقى يوق ئىدى، بوينىدىمۇ
سۆگەل كۆرۈنمەيتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ كامروف-
تا تۇغۇلغانلىقىنى ئىنكار قىلدى، ئۇ
ئىسمىم بىنكوس ئەمەس، مۇس سېيىن
دەپ قەسەم قىلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيلەن-
گەنلىكىنى ۋە بالىلىق بولغانلىقىنى ئېتىراپ
قىلدى ئەمما خوتۇنىنى تاشلاپ كەتمىگەن-
لىكىنى، قىلغان گەپلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ
راستلىقىنى، ئۆزى بىر ئائىلىنى بېقىپ
كېتەلمىگەچكە ئايالى بىللە ئۆتۈشنى خالى-
مىغانلىقى، ھازىر ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى
ئىزدەپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. پوپ
ۋە كاھىنلار بۇ كىشىنىڭ گەپلىرىگە پۈتۈن-
لەي ئىشەندى. تېمىل بىگۇناھ ئادەمدىن
گۇمانلانغانلىقى ئۈچۈن 18 كۈمۈش تەڭگە
جەرىمانە تۆلىدى.

تېمىل ئىزدەپ كالىش شەھىرىگە
كەلدى. بىر كۈنى ئۇ بىر بازاردىن ئۆتۈپ
كېتىۋېتىپ تۇساتتىنلا يات. ئەمما چىرايى
تونۇشلۇق بىر ئايالنى كۆرۈپ قالدى
ھەمدە ئۇنى نەدە كۆرگەن بولغىيتتىم
دەپ تىت ـ تىت بولدى. شۇ چاغدا ھېلى-
قى خانىم توخۇم ساتقۇچىدىن تۇخۇم
سېتىۋېلىپ سۇۋېتىگە سېلىۋاتاتتى، بۇنىسى

ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. ئەمما تېمىل ئۇنىڭغا ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى.

ئۇ بىردىنلا ئېسىگە كەلدى: ئۇ بىنكوس، چوقۇم شۇ!... ئۇنىڭ بېشى قېيىۋاتقاندەك بولدى - دە، ئۆزىنىڭ ئەس-ھوشىنىڭ جايىدىلىقىدىن گۇمانلىنىپ قالدى، چۈنكى 18 كۈمۈش تەڭگە جەرىمانە تۆلىگەنلىكى ئۇنىڭ ئېسىدە ئىدى.

دەل مۇشۇ دەقىقىدە ھېلىقى ئايالمۇ تېمىلنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قولىدىكى سىۋېتى يەرگە چۈشۈپ كېتىپ، تۇخۇملىرى چېقىلدى. ئۇ شۇئان قېچىپ كەتمەكچى بولىۋىدى، تۇخۇم ساتقۇچى ئۇنى پۇلنى تۆلە دەپ قوغلاپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ توختاپ ئۇنىڭغا پۇل چىقىرىپ بەرمەكچى بولدى. شۇ دەم ئۇنىڭ قولى دىر - دىر تىترەپ، بىرمۇنچە تەڭگىلەر ھەميىنىدىن چۈشۈپ كەتتى.

تېمىل ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى ئەمما يەنىلا بەرداشلىق بەردى. ئۇ بۇ ئايالنىڭ يۈزلىرىنىڭ ساقال چىققاندەك كۆكىرىپ قالغىنىغا، قوللىرىنىڭمۇ ئاياللارنىڭكىدىن چوڭلۇقىغا دىققەت قىلدى، شۇدەم بىر ئەسەبىي خىيال ئۇنىڭ كاللىسىدىن يالتتىدە ئۆتۈپ كەتتى. بەلكىم ئۇ راستىنلا ئايالچە ياسىنىۋالغان بىنكوستۇ؟ بىراق ئۇ نېمىشقا ئايالچە ياسىنىۋالىدۇ؟ مۇسانىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىدا ئەر - ئاياللار بىر - بىرىنىڭ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ كىيىش مەنئى قىلىناتتىغۇ!

ھېلىقى ئايال يەرگە چۈشۈپ كەتكەن تەڭگىلىرىنى تېرىۋېلىپ، تۇخۇم ساتقۇچىغا پۇلنى بېرىۋەتكەندىن كېيىن، ئالدىراپ يولىغا ماڭدى، تېمىل ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ ۋارقىراپ توختاتماقچى بولىۋىدى، ھېلىقى ئادەم بىردىنلا توختاپ، تېمىلغا بۇرۇلدى:

— نېمىشقا مېنى قوغلايسىز! نېمە قىلماقچى؟

بۇ دەل بىنكوسنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— سىز — بىنكوس! — دەپ ۋارقىرىدى تېمىل.

بۇ ناتونۇش ئايال بۇنى ئىنكار قىلمىدى، ئۇنىڭ رەڭگى - رويى ئۆچۈپ، ئۈن - تىن چىقارمىدى، ئاخىرى ئۆز ئاۋازى بىلەن:

— كالىشقا نېمە دەپ كەلدىڭىز؟! دەپ سورىدى.

— مەن ئېرىمنى يەنى سىزنى ئىزدەپ يۈرىمەن! — دەپ توۋلىدى تېمىل، — سىز مېنى تاشلىۋەتتىڭىز...

ئۇ غەزەپ ۋە ھاياجاندىن تىلى گەپكە كەلمەي ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى.

ھېلىقى ئايال ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ، كەينىمدىن مېڭىڭ! دېدى - دە، بىر پاتقاق كوچىنى كۆرسەتتى. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن تېمىلنى ئاران دېگەندە تىنچلاندۇرۇپ:

— توغرا، مەن بىنكوس. — دەپ ئېتىراپ قىلدى.

— نېمىشقا مېنى تاشلاپ كەتتىڭىز؟ نېمىشقا ئاياللارنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالىسىز؟ تېمىل يىغلاپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى، — سارالىك بوپقالدىڭىزمۇ؟ شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ يولدىن ئازدىڭىزمۇ؟ كالىشتا نېمە قىلىۋاتىسىز؟ بۇ تۇخۇمنى كىمگە ئالدىڭىز؟ سىز كىمنىڭ مالىيى؟ كىمنىڭ قۇلى؟... مەن خاتالىشىۋاتمايدىغاندىمەن، چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ ياكى ئەقلىمدىن ئېزىۋاتىمەنمۇ؟ پەرۋايىدىگارىم، مەن نېمە دېگەن شۇم پېشانە - ھە! — ئۇ دەلدۈگۈنۈپ ھوشىدىن كېتىشكە ئازلا قالغاندا، بىردىنلا

بىنكوسنىڭ مۇرىسىنى تۇتۇۋېلىپ، ئادەمنى شۈركەندۈرىدىغان دەرىجىدە چىرقىرىۋەتتى.

بىنكوس مۇنداق بولىۋەرسە ئۆتكەن-كەچكەنلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ، گەپكە قېلىشتىن ئەنسىرىدى-دە:

— بۇ ئىشتىن ھەيرانمۇ-ھەس بولۇۋاتقىنىڭىزنى بىلىۋاتىمەن. ئەمما مەن كالىشتا بىر ئەر بىلەن بىللە ئۆتۈۋاتىمەن، — دېدى.

— بىر ئەر بىلەن؟ — دېدى تېمىل ھاسىراپ تۇرۇپ، — مېنى كولدۇرلىتىۋاتامدىغانسىز؟ بىر ئەر كىشى بىلەن بىللە ئۆتۈۋاتىمەن دېگىنىڭىز نېمىسى؟

— شۇنداق، ئەركىشى بىلەن ئۆتىۋاتىمەن، ئۇنىڭ ئىسمى ئاكىنا، بىز باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدا تونۇشۇپ قالغان. بۇ يەردە يەھۇدىيلار باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوغۇل باللىرىغا قاتلىما پىشۇرىمىز، بىز مۇشۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىمىز. شۇلارغا تۇخۇم سېتىۋالغىلى كىرگەنىدىم. مېنى كەچۈرۈڭ، تېمىل ئەمما مېنىڭ سىز بىلەن توي قىلىش خىيالىم يوق ئىدى. ئاتا-ئانامنىڭ زورى بىلەن توي قىلىپ قالغان. ئىشنىڭ جەريانى مانا مۇشۇ.

— ئۇنداقتا سىز كىم بىلەن توي قىلماقچى بولغانتىڭىز؟ — دەپ سورىدى تېمىل.

— ئۇنىڭ بىلەن.

ئۇلار ئىككىسى بىر ھازاغىچە قاتۇرۇپ قويغاندەك تۇرۇپ قالدى. بىنكوس ئاخىرى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ:

— مېنىڭ باشقا ئامالىم يوق، ھەقىقىي ئەھۋالنى تولۇق دەپ بەرسەم بولىدۇال-

دېدى.

— قانداق ھەقىقىي ئەھۋالنى؟ — دەپ توۋلىدى تېمىل، — نېمە ئىش بولىدى؟ پەرۋايدىگارىم، دىنىڭىزدىن چىقتىڭىزمۇ-يا؟

— ياق، تېمىل، مەن يەنىلا يەھۇدى ئەمما، — ... ئۇدۇق-بۇدۇق قىلىپ سۆزلەۋاتقان بىنكوسقا تىترەك ئولاشتى، ئۇنىڭ قولىدىكى سېۋەت يەنە چۈشۈپ كەتتى. ئەمما ئۇ سېۋەتكە قاراپمۇ قويمىدى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئىنتايىن خىجىل بولدى، قاتتىق ھودۇقتى، لەۋلىرى تىترەپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى. ئاخىرى تېمىل ئۇنىڭ مۇنداق دېگىنىنىلا ئاڭلىدى: قانداقلا بولمىسۇن مەن بىر ئەركەك ئەمەس، سىز ئۈچۈن ھەقىقى ئەركەك ئەمەس...

— نېمە دەۋاتىسىز؟ كېسەل بوپقالدىڭىزمۇ، — سورىدى تېمىل، — بىرەرسى سىزنى ئەيىبناق قىپقويدىمۇ-يە؟ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن يەنىلا سىزنىڭ خوتۇنىڭىز، بۇلارنى بىلىشكە ھەقلىقمەن!

— ياق، تېمىل، دېمەكچى بولغىنىم بۇ ئەمەس...

— ماڭا ئېنىق دەڭ! — تېمىلنىمۇ تىترەك بېسىپ، چىشى كاسىلداپ كەتتى.

— تېمىل، كەينىمدىن مېڭىڭ! — دېدى بىنكوس بىر تۇرۇپ بۇيرۇق قىلىۋاتقاندەك يەنە بىر تۇرۇپ يېلىنىۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا.

— نەگە بارىمىز؟

— مەن تۇرۇۋاتقان يەرگە — ئۆيۈمگە، بىز تۇرۇۋاتقان جايغا.

— سىزنىڭ ئۆيىڭىز نەدە؟ «بىز» دېگىنىڭىز كىم؟ يەنە بىر خوتۇن تېپىۋالدىڭىزما؟

— ئۇنداق ئەمەس، تېمىل، بىراق ...

— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، خۇدا ھەققى، ئەمدى مېنى ئالدىماڭ! پەرۋەردىگارىم، قاتتىق قورقۇپ كېتىۋاتىمەن!

بىنكوس ئالدىغا قاراپ ماڭدى ۋە تېمىلگە بېشىنى لىڭشىتىپ، ئۆزىگە ئەگىشىپ مېڭىشنى ئىشارەت قىلدى. ئۇ ماڭغاچ:

— يەھۇدىلار قانۇنىغا ئاساسلانغاندا، بىر ئادەم يامان خىيالنىڭ كەينىگە كىرىپ يولدىن ئازسا، يەنە كېلىپ چىقىش يولىمۇ تاپالمىسا، قارا كىيىمگە ئورۇنۇۋېلىشى لازىم، ئاندىن پىنھان بىر جايغا بېرىپ، كۆڭلى خالىغىنىنى قىلسا بولىدۇ. مەن ئاكىنا بىلەن مۇشۇنداق قىلدىم.

ئۇلار بىر خالتا كوچىغا كېلىپ، كونىراپ كەتكەن ئۆينىڭ ئالدىدا توختىدى، بىنكوس تېمىلنى ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئەمما ئۇ رەت قىلدى، بىنكوس ئۇنى بىلىكىدىن تارتتى لېكىن ئۇ تۇرغان يېرىدىن مىدىرلىمىدى. بىر ھازاغىچە ئىككىلىنىپ تۇرۇپ ئاخىرى كىردى، ئاكىنا ئۆيدە يوق ئىدى، ئۆيدە بىر ئوچاق ۋە بىر پەشخۇن بار ئىدى. ئۆيدىن خېمىر تۇرۇچ ۋە كۆيگەن ئوتۇن پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. تېمىل بىنكوسنىڭ كىتاب جازىسىدا تۇرغان بىر نەچچە كىتابىنى تونۇغاندەك قىلدى. بىر شوتا بالىخانىغا تۇتاشقاندى. بىنكوس ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ شۇ تاپتا ھەرگىزمۇ تېمىلنىڭ خىيالىدىكى كەمتەر، ئۇياتچان بىنكوس بولماستىن، ئۆزگىرىپ خېلىلا يۈزى قېتىپ قالغانىدى. ئۇنىڭغا قاراپ تېمىلنىڭ ئېسىگە تويدىن ئىلگىرى ئوقىغان ھېكايىلاردا تەسۋىرلەنگەن تەۋەككۈلچىلەر كەلدى. بىنكوس ئۇنىڭغا ئۆزى پىشۇرغان قاتلىمىنى ۋە بىر ئىستاكان گازسۇيى قۇيدى. يېنىش - يېنىشلاپ نىڭدىن گۇناھىنى ۋە ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا سالغان ئازابلىرىنى كەچۈرۈشنى ئۆتۈندى. ھەتتا كۈلۈمسىرىگىنىچە چاقچاق قىلىشقا باشلىدى. ئۇ بۇرۇن زادىلا مۇنداق قىلىپ باقمىغانىدى. كېيىن تېمىل مۇنداق دېدى:

— گۇناھىڭىزغا پۇشايمان قىلغاندىكەن تۆۋە قىلىپ ئاللانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇپ ئۆيگە قايتىڭ!

— بەك كېچىكتىم، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ، — پۇشايمان قىلسام بولىدۇ، ئەمما تۆۋە قىلالمايمەن، بىزنىڭ بۇ تورغا چۈشۈپ قالغانلىكى ئادەم مەڭگۈ چىقىپ كېتەلمەيدۇ.

ئۇ ھېچكىم تۇرمۇش يولىنىڭ ئايىغىغا يېتەلمەيدۇ، دېگەن ماقالىنى نەقىل كەلتۈردى.

تېمىل ناھايىتى ھەيران قېلىۋاتسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزىنى سەۋرى - تاقەت بىلەن ئاخىرىغىچە ئاڭلىدى، ئاندىن بىنكوسقا ئۆزى بىلەن تېزراق ئاجرىشىپ، ئەركىنلىك بېرىشى لازىملىقىنى ئېيتتى. بىنكوس بۇنىڭغا شۇئان ماقۇللۇق بىلدۈردى. ئەمما نىكاھدىن ئاجرىشىش ئىشىنى كالىشتا قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، چۈنكى ئۇ بۇ يەردە ئاكىنانىڭ خوتۇنى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتى.

— سىز باشتىلا شۇنداق قىلسىڭىز بولماسمىدى، — دېدى تېمىل ئۇنى ئەيىپلەپ، — شۇنداق قىلغان بولسىڭىز مەنمۇ بۇنچە ئازاب تارتمىغان بولاتتىم.

— ھەممىمىز ئاخىر جازاغا ئۇچرايدىغانلىقىمىزنى بىلىمىز، بىز دوزاخ ئوتىدا كۆيۈپ ئۆلۈشكە تەييارلىنىپ قويدۇق، — دېدى بىنكوس، — قايناق ھېسسىياتمۇ ئوخشاشلا ئوت، بۇ ئالەمدىكى دوزاخ. ئۇ ئالەمدىكى دوزاخقا بارىدىغان ئىشىك بولۇ-

شىمۇ مۇمكىن. بولدى، بەس، ئازراق چاي ئىچەيلى.

تېمىل ئۆز كۆزىگە زادىلا ئىشەنمەيۋاتاتتى، بىنكوس ئۇنى ئالما قىيامى ۋە چاي بىلەن مېھمان قىلىۋاتاتتى، ئۇلار ئىككىسى ئاچا - سىڭىللاردەك ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشىۋاتاتتى.

— مېنىڭ ئاتا - ئانام نەۋرە كۆرىدىغان بولدۇق دەپ ئارزۇ قىلغان، مەندەك بىر سەرگەرداندىن بۇنىڭغا ئېرىشەلمەيدۇ، مېنى يەھۇدىلارنىڭ چىركاۋدىن ھەيدەپ چىقىرىشى، يەھۇدى ئەمەسلەرنىڭ دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈشى كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ ئەمما سىزچۇ، تېمىل، پات ئارىدا يەنە توي قىلىسىز، ئاتا - ئانىڭىزغا ئۇلار ئۈمىد قىلغان خۇشاللىقنى بەخش ئېتىسىز، مەن سىزگە بەخت تىلەيمەن، — دېدى بىنكوس.

— سىز ھەقىقەتەن ئېلىشىپ قاپسىز. لېكىن مەن يەنىلا سىزگە رەھمەت، دەيمەن، — دېدى تېمىل.

شۇ كۈنى كەچتە ئاكىنا قايتىپ كېلىپ، بولغان ئىشتىن خەۋەر تاپتى. ئۇ ئىگىز بويلۇق، كېلىشكەن ئەركىشى بولۇپ، ئۈستىگە كالتە چاپان ۋە يىپەك جىلىتكە كىيىۋالغانىدى، ئۇنىڭ چىكە چاچلىرى بۆدۈر - بۆدۈر بولۇپ قالغانىدى. بىنكوس يەھۇدىلارغا خاس تۆۋەنچىلىك بىلەن سۆزلىگىنىدە، ئاكىنا يەھۇدى قانۇنىدىكى جاھاندىن جاق تويغان كىشىلەردەك بولۇپ كېتەتتى: ئۇ تەگرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، تەگرىنىڭ ئىرادىسىنى ۋە يەھۇدىلارنىڭ بارلىق ئىنجىللىرىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى ئىنكار قىلاتتى. ئۇ بىنكوسنىڭ سەپەر خىراجىتىنى تېجەش ئۈچۈن ھەتتا تېمىلگە نىكاھدىن ئاجرىشىش خېتىنى ئۆزىدىن ئېلىشنى تەكلىپ قىلدى.

تېمىل ئۇنىڭدىن:

— سەن تەگرىدىن ئازراقمۇ قورقمامسەن؟ — دەپ سورىدى.

— مەن بىنكوستىن تېز قايتىپ كېلىپ، باللارغا داۋاملىق قاتلىما پىشۇرۇپ بېرىشىنىلا تەلەپ قىلىمەن. مەن ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئالداپ نومۇسىغا تېگىپ بولدۇم، — دېدى ئۇ ۋە گەپ قىلغاچ كۆزىنى قىسىپ كۈلۈپ قويدى.

بىر نەچچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن بىر كۈنى بەيرا بىلەن خىزمەتكار ئايال پەر كۆرپە تىكمەكچى بولۇپ ئاشخانىدا غاز پېيى يۇلۇپ ئولتۇرغىنىدا ئىشىك ئېچىلىپ، تېمىل ئېتىلغىنىچە كىرىپ كەلدى. تالادا قار يېغىپ، شىۋىرغان ئۇشقىتىپ تۇراتتى. بەيرا خۇشاللىقىدىن ۋارقىراپ، ئورۇندۇقتىن سەكرەپلا چۈشۈۋىدى، ئېتىكىدىكى غاز پەرلىرى يەرگە تۆكۈلۈپ كەتتى، خىزمەتكار ئايال گەپمۇ قىلالمىدى، بەيرا ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ، ئۇنى سۆيۈپ قويغىچە، تېمىل بىر نەرسىنى جاكارلىدى:

— تەگرىنىڭ ھىممىتى بىلەن نىكاھدىن ئاجرىشىش خېتىنى قولۇمغا ئالدىم، بۇنى بىر يەھۇدى ئادۋوكات يازدى، ئۇنىڭغا ئىككى سەممىي گۇۋاھچى قول قويدى!

ئۇنىڭ شۇ كۈنى سۆزلىگەنلىرىنىڭ پۈتۈن مەزمۇنى مۇشۇ بولدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى نۇرغۇن كۈن، نۇرغۇن ھەپتە، نۇرغۇن ئاي، ھەتتا نۇرغۇن يىللار داۋامىدا ئۇنىڭ كىشىلەرگە سۆزلەپ بەرگىنىمۇ مۇشۇ بولدى. ئەمما ئۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى ۋە تالاي غەلىتە ۋەقەلەرنى ئاغزىدىن چى-

قارىدى، چۈنكى بىنكوس ئۇنىڭغا مۇسا- نىڭ ئەمىر - پەرمانى، ئاتا - ئانىسىنىڭ ھا- ياتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇقەددەس بولغان نەرسىلەر نامىدىن تەڭرى ئالدىدا: ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ئاشۇ ئىشىنىڭ ھەر قانداق تەپسىلاتىنى مەڭگۈ تىلغا ئالمايمەن، دەپ قەسەم قىلدۇرۇۋالغانىدى، ئۇ مەلۇم بىر جايدا ئېرىنى تاپقانلىقى ۋە نىكاھتىن ئاج- رىشىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتكەنلىكى ئۈس- تىدىلا گەپ ئاچتى. نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن تېمىل سەكراتتىقا چۈشۈپ، پوپقا تۆۋە قىلغان چاغدىلا ئاندىن بۇ ئىشنى بىر پوپقا ۋە يوقلاپ كەلگەن مويسىپىتلەرگە سۆزلەپ بەردى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىغا ئوغۇل - قىزلىرى، نەۋرىلىرى، يەنە نۇرغۇن دوستلىرى ۋە ئۇنىڭ مۇشۇ يەردە ئەڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلىكى ئۈچۈن يوقلاپ كەلگەن چوقۇنغۇچىلىرى توپلانغانىدى.

— بۇ ئىشنى ئىنسانغا تىنمايمەن دېگەن قەسىمىمگە خىلاپلىق قىلىپ قويغىلى تاس قالغان ۋاقىتلار كۆپ بولدى، — دېدى تېمىل، — بىراق، تەڭرىمگە رەھمەت. پەقەت بۈگۈنگە كەلگەندىلا ئاندىن ئېغىز ئاچتىم. ئەمدى ھەقىقىي ئەھۋالنى دەيمەن، چۈنكى مەن پات ئارىدا «ھەقىقەت ئالىمى»گە كېتىمەن.

تېمىل كۆزىنى يۇمدى، مېيىت ئۇ- زاتقۇچى ئاياللار سەكراتتا ياتقان تېمىل- نىڭ نەپەستىن توختىغان - توختىمىغانلىقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇرنىغا قويىدى- غان پەرنى ھازىرلاپ قويىدى. تېمىل بىر- دىنلا كۆزىنى ئېچىپ، كۆز يۇمۇش ئالدى- دىكى ئادەملەردەك كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— كىم بىلىدۇ؟ بەلكىم مەن ئۇ سا- راڭنى دوزاختا ئۇچرىتىپ قالارمەن، — دېدى.

(«چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن زوقلىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 1 - 2 قوشما سانىدىن)

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر كادىل تۇرسۇن









سۈرەتلەرنى قېيۇم تۇرسۇن ئالغان.




《塔 里 木》 文学月刊 （维吾尔文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE JOURNAL
IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1990 - يىل 9 - سان (355 - سان)، 40 - يىل نەشرى.
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 - قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 78784.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

国内统一刊号：　CN 65－1010／I
本刊代号：58－66 定　价：1.40元
邮政编码：830002

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 — 1010 / I
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى: 66 — 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 1.40 يۈەن.
پوچتا نومۇرى: